
# جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى

ھەبىبۇللا ئابلىمىت




ئاپتور ھەزرىتى مەۋلانا جالالىدىن رۇمىنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا

(2015 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى)

# مۇندەرىجە

1. جالالىدىن رۇمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ........ 3
2. تەپەككۇر ........ 13
3. دەۋرنىڭ جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرى ........ 22
4. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر قىلغان شەخسلەر ........ 31
1. خوجا ئەخمەت يەسەۋى ........ 33
2. فەرىدۇددىن ئەتتار ........ 42
3. مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى ........ 53
4. شەمسىددىن تەبرىزى ........ 59
5. ئاشىق ........ 72
6. كۆڭۈل ........ 82
7. تەبىئەت ........ 88
8. جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ........ 201
9. ئىنسان ھاياتىدا بىلىمنىڭ رولى ........ 111
تىلشۇناس ........ 116
10. جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىقتىسادىي قاراشلىرى ........ 118
11. گۇمان، قورقۇ ۋە ئۈمىد ........ 133
12. مۇزىكا ........ 141
13. نەي ........ 152
14. ساما ........ 161
15. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى گۈزەللىك ........ 167
16. ئىنسان ۋە دىن ........ 177
17. مەسنەۋى ـ روھىنىڭ شىپاسى ........ 194
18. ئاياللار ........ 201
19. پاسسىپ قارشىلىق ........ 208
20. ئۆلۈم ........ 216
21. يەتتە نەسىھەت ........ 224
1. سېخىيلىق ۋە ياردەم سۆيەرلىكتە ئاقار سۇدەك بول ........ 225
2. شەپقەت ۋە مەرھەمەتتە قۇياشتەك بول ........ 230
3. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشتا كېچىدەك بول ........ 235
4. غەزەپ ۋە ئەسەبىلىكتە ئۆلۈكتەك بول ........ 240
5. كەمتەرلىكتە ۋە ئاق كۆڭۈللۈكتە تۇپراقتەك بول ........ 243
6. خۇش مۇئامىلىدە دېڭىزدەك بول ........ 248
7. يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن ياكى كۆرۈنگىنىڭدەك بول ........ 250
پايدىلىنىلغان مەنبەلەر ........ 255

# 1. جالالىدىن رۇمىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

«ھەرگىز ئۈمىدىڭنى ئۈزمە،سۆيۈملۈك يۈرىكىم، مۆجىزىلەر كۆرۈنمىگەننىڭ ئىچىدەدۇر.»

ـ مەۋلانا.

تۈرك ـ ئىسلام تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن بىرى بولغان جالالىدىن رۇمى بولسا مەۋلانا ئۇنۋانى بىلەن ئاتالغان ئۇلۇغ تەسەۋۋۇپچى،يېتىشكەن بىر پەيلاسوپ،تالانتلىق شائىر ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ سۇلتانىدۇر، ھەمدە پۈتۈن دۇنياغا ئىنسان سۆيگۈسىنى سۇنغان ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك نەمۇنىچىسىدۇر.

جالالىدىن رۇمى 1207 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بۈگۈنكى ئافغانىستاننىڭ مازارى شېرىپتىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بەلخ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى جالالىدىن مۇھەممەد بولۇپ «رۇمى»كونياغا كەلگەندىن كېيىن قوشۇلغان ئىسىم بولۇپ،ئۇ زامانىسىدا ئاناتولىيە رۇم يۇرتى بولغانلىقى سەۋەبىدىن،جالالىدىن مۇھەممەد ئەنە شۇ دىيارلاردا ياشىغاچقا«رۇملىق جالالىدىن»دېگەن مەنىدە«جالالىدىن رۇمى»دەپ ئاتالغان. «مەۋلانا»بولسا ئۇنى ئۇستاز سۈپىتىدە ھۆرمەتلەپ ئاتىغان ئۇنۋان ئىدى.

جالالىدىن رۇمىنىڭ دادىسى خارەزمشاھلار خانىدانلىقىدىكى

مەشھۇر ئالىم بولۇپ «بىلگىلەرنىڭ سۇلتانى» دېگەن ئۇنۋانغا مۇيەسسەر بولغان باھائەددىن ۋەلەد دېگەن كىشى ئىدى. ئانىسى بولسا بەلخنىڭ ئەمىرى رۇھنەددىن دېگەن كىشىنىڭ قىزى مۇمىنە خانىم.

باھائەددىن گەرچە بىر ئەمىرنىڭ قىزى بىلەن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ ئۇ زامانىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. باھائەددىن ۋەلەد مۇقەددەس دىنىمىز بولغان ئىسلامنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن خەلق ئىچىگە يېيىشقا، پاك نىيەتلىك، ھەققانىيەتچى ئىسلام مۇرىتلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشقان بىلىملىك كىشى ئىدى. ئەمما بۇ ئەھۋال بەزى خانىدان مەنسەپدارلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارا نىيىتى ئىسلامنى ئۆز مەنپەئەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ قانلىق ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاستىدا چەيلەپ كېلىۋاتقان موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىنىڭ زۇلۇمى خارەزمشاھلار خانىدانلىقىنىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىنتايىن قىيىن ۋەزىيەتتە ئىدى. مانا مۇشۇنداق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن باھائەددىن ۋەلەد ئائىلىسى ۋە ھەمراھلىرى بىلەن ھىجرەت يولىنى تاللىدى.

مانا مۇشۇ چاغ جالالىدىننىڭ ئالتە يەتتە ياش ۋاقىتلىرى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ بەختلىك ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ياشىغان، شۇ زامانغا ئۇيغۇن قۇرئان، تەجۋىد، ھەدىس، ھۆسنخەت ۋە قەھرىمانلار داستانلىرى، مەسەللەر، ھېكايە- چۆچەكلەرنى بىرلىكتە ئۆگەنگەن تاتلىق دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز روھىدا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان ئانا يۇرتى بەلخكە ئىزتىراپ ياشلىرىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلاپ: «ئەلۋىدا يۇرتۇم» دەپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىپ، ئون ئىككى ييللىق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلاندى. جالالىدىن رۇمى كىچىك تۇرۇپلا سۈرگۈنلۈك ھاياتىنىڭ قانداقلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تونۇپ يەتتى. بىر بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن بەزىدە ئۈمىتلىك

بەزىدە ئۈمىتلىرى سۇنغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يولىنىڭ نەگە بېرىپ نەدە توختايدىغانلىقىنى بىلمەي، ئەتراپقا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ بالىلىق دەۋرىنى سەرگەردانلىقتا ئۆتكۈزدى. مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان، سەپىرىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە سەۋەپ بولغان داۋاملىق ئوقۇپ ماڭىدىغان كىتاپلىرى ئىدى. كىتاپلار ئۇنىڭغا ئەڭ يېقىن ھەمراھ ۋە سىرداش بولغان ئىدى.

ئۇزۇن سەپەردە ئۇلار نىشاپۇر ۋە باغداتقا بارىدۇ ۋە ھەرەمگە بېرىپ ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ شامغا كېلىپ توختايدۇ. شامدا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ئاناتولىيەگە قاراپ يول ئېلىپ مالاتىيا، ئەرزىنجان، سىۋاس، قەيسەرى ئاندىن قاراماندا تۇرۇپ، بۇ يەردىن ئەمىر مۇسا سالدۇرغان مەدرىسىگە يەرلىشىدۇ. بۇ شەھەردە يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ 1222 ـ يىللىرى ئىدى. جالالىدىن رۇمى 1225 ـ يىللىرى شاراپەتتىن لالەنىڭ قىزى گۆھەر بىلەن توي قىلىدۇ. بۇ ئايالىدىن سۇلتان ۋەلەد ۋە ئالائىددىن چەلەبى ئىسىملىك ئىككى ئوغلى دۇنياغا كېلىدۇ. بۇ يىللاردا مەۋلانا مېھرىبان ئانىسى مۇمىنە خانىمدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالىدۇ.

1228 ـ يىلى باھاردا سەلچۇقىيلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالائىددىن كەيكۇباتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن پايتەخت كونياغا كېلىدۇ. كونيا بولسا مەۋلانا ئائىلىسىنىڭ مۇساپىرچىلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بېكەت ئىدى. بۇ ئون ئىككى يىل داۋاملاشقان سەپەردە ھەيۋەتلىك كارۋانلارنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ: «نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟» دېگەن سوئاللىرىغا باھائەددىن ۋەلەد: »ئاللاھتىن كەلدۇق، ئاللاھقا كېتىۋاتىمىز، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر كۈچ ۋە توسالغۇ بىزنى توسالمايدۇ.» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

ئەينى چاغدا كونيا خەلقى بۇ كارۋاننى شۇنداق ھەيۋەتلىك قارشى ئالدى، ھەتتا سەلچۇقىيلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى

ئالائىددىن كەيكۇبات ئۆزىمۇ قارشى ئېلىشقا چىققان ۋە ئوردىغا تەكلىپ قىلغان. ئەمما باھائەددىن ۋەلەد: «ئەي ئەركىلىك سۇلتانى! ياخشى كۆڭۈللىرى بىزگە يەتتى. لېكىن ئىماملار مەدرىسىگە، شەيخلەر خانىقىغا، ئەمىرلەر ئوردىغا، سودىگەرلەر سارايلارغا، بويتاقلار بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا، غېرىپلار دەڭلەرگە مۇۋاپىقتۇر. رۇخسەت قىلسىڭىز بىز ئۆز لايىقىمىز بولغان مەدرىسىگە ئورۇنلىشايلى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن كارۋان كونيادىكى ئەڭ چوڭ مەدرىسىلەردىن بىرى بولغان «ئالتۇن ئاپا» مەدرىسىسىگە يەرلىشىدۇ ۋە ھېچقانداق سوۋغا قوبۇل قىلماي: «بىزنىڭ دۇنيا مېلىغا ھاجىتىمىز يوق.» دەپ ئەدەپ بىلەن سوۋغىلارنى رەت قىلىدۇ.

بۇ دەۋرلەردە سەلچۇقىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولغان كونيا ناھايىتى تىنىچ شەھەر بولۇپ ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى بولۇپ موڭغۇللارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان شەرقلىق بىلىم ئادەملىرى ۋە سەنئەتكارلار يىغىلغان جاي ئىدى. ئاناتولىيەنىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدىن بۇ يەرگە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار بىلەن تولغان ئىدى. كونيا ئىسلامنىڭ غەرپكە يۈزلىنىشىدە ناھايىتىمۇ مۇھىم ئىدى. بۇ شەھەردە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلار ياشايتتى، تۈركلەر، ئەرمەنلەر، يەھۇدىلەر، گرىك، پارس قاتارلىقلار. شۇڭا ئەتراپتىكى ھەر قايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ كۆپ ئىدى.

مەۋلانا ئائىلىسىنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشىدىن پۈتۈن ئاھالە خوش بولدى. باھائەددىن ۋەلەد كونيادىكى چوڭ مەدرىسىلەردە دەرس بەردى. ئۇنىڭ دەرسخانىلىرى ئىنسانلار بىلەن لىق تولۇپ نامى ئەتراپقا يېيىلىپ ھۆرمىتى ئاشتى.

جالالىدىن رۇمى دادىسى باھائەددىن ۋەلەد 1231 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىنى شەيخ بۇرخانەتتىنى ئۇستاز قىلدى. ئۇ زاتتىن توققۇز يىل ئىلىم ئۆگەندى. كېيىن بەزى تالىپلار بىلەن بىلىمىنى تېخىمۇ

چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئايالى ۋە ئىككى ئوغلىدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ باغدات ۋە شامغا بېرىپ ئىلىم ئالدى. بۇ جەريانىدا نۇرغۇن ئالىملار ۋە پەلسەپەچىلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئەرەب، پارس ۋە گرېك تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىدى.

ئۇستازى شەيخ بۇرخانەت ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا سۆيۈملۈك ئايالى گۆھەر خانىممۇ ياشلا ۋاپات بولدى. جالالىدىن رۇمى بىر تەرەپتىن ئىككى پەرزەنتىنى تەربىيىلىسە يەنە بىر تەرەپتىن دادىسى ۋە ئۇستازىنىڭ ئىزىنى بېسىپ مەدرىسىدە دەرس ئۆتتى، جۈمە كۈنلىرى بولسا پۈتۈن كونيا خەلقىگە ۋەز بەردى. بۇنىڭ بىلەن جالالىدىن رۇمىنىڭ نامى چىقىشقا باشلىدى، ھۆرمىتى ئېشىپ تالىپلىرىنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە كۆپەيدى. جالالىدىن رۇمى ئەمدى بىر بۈيۈك ئالىم بولۇپ ئەتراپقا تونۇلۇشقا باشلىدى.

جالالىدىن رۇمى ئىككىنچى قېتىم كەررا خانىم بىلەن نىكاھلىنىدۇ. كەررا خانىم ئىككى پەرزەنتى (كىميا، ياقۇپ) بىلەن ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بىرى بولغان شاھمۇھەممەد دېگەن كىشىدىن تۇل قالغان كونيادىكى ئەڭ چىرايلىق خانىملاردىن بىرى ئىدى. جالالىدىن رۇمى بۇ ئايالىدىن ئۈچ پەرزەنتلىك بولدى، قىزى مەلىكە ۋە ئوغۇللىرى ئەمىرئالىم ۋە مۇزەففەرىددىن.

جالالىدىن رۇمى ئىجادىيەت تارىخىدا بەش ئەسەرنى ئاپىرىدە قىلغان، بۇلار: مەسنەۋى، دىۋانى كەبىر، فىھى مافى، مەجالىسى سەبئا (يەتتە مەجلىس) ۋە مەكتۇپلار.

مەسنەۋى جەمئىي ئالتە جىلتلىق 25632 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان، كلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان، يەنى ئىككى مىسرالىق، ئۆزئارا قاپىيىداش بولغان «فائىلاتۇن ـ فائىلاتۇن ـ فائىلۇن» دېگەن شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان. مەسنەۋىنىڭ تىلى پارسچە بولۇپ، مەۋلانا سۆزلىگەن بېيىت، ھېكايە ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى شاگىرتى خۇسەمەتتىن

چەلەبى خاتىرىلەپ،رەتلەپ كىتاپ قىلغان. مەسنەۋىدە مەۋلانا بىر ھېكايىنى باشلايدۇ،ئەمما بۇ ھېكايىنى دەرھال ئاياغلاشتۇرماي ئارىسىدا بېيىت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلارنى ۋە ياكى باشقا بىر ھېكايىنى سۆزلەپ ئاندىن ئەسلىدىكى ھېكايىنى كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئىككىنچى ئەسىرى بولسا دىۋانى كەبىر. دىۋانى كەبىر شېئىرلار توپلانغان «بۈيۈك دەپتەر» دېگەنلىك بولۇپ «بۈيۈك دىۋان»دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەۋلانانىڭ پەرقلىق دەۋر ۋە تۈرلۈك مەزمۇنلاردا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر. بۇ ئەسەرنىڭ تىلى پارسچە بولۇپ ئاز ساندىكى شېئىرلار تۈركچە،ئەرەپچە ۋە گىرىكچە.دىۋانى كەبىردىكى شېئىر ۋە رۇبائىيلارنىڭ سانى 40000 دىن ئىبارەت.

ئۈچىنچى ئەسىرى «فىھى مافى» بولسا «ئىچىدە ھەممىسى بار»ياكى «ئىچىدە ئىچىدىكىلەر بار» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەسەر مەۋلانانىڭ ھەر تۈرلۈك ئىلىم مەجلىسلىرىدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن توپلىنىپ،رەتلىنىپ مەيدانغا كەلگەن،جەمئىي 61 بۆلۈمدىن تۈزۈلگەن بىر كىتاپتۇر. بۇ ئەسەردە بەزى سىياسىي مەسىلىلەرمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى ئىپادىلەيدىغان تارىخىي ئەسەر بولۇپ قالغان.

تۆتىنچى ئەسىرى «يەتتە مەجلىس» بولسا مەۋلانانىڭ يەتتە قېتىملىق چوڭ نۇتۇقىنىڭ خاتىرىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر. مەۋلانانىڭ ۋەزلىرى خۇسەمەتتىن چەلەبى ۋە ئوغلى سۇلتان ۋەلەدنىڭ خاتىرىلىشى بىلەن ئەسلى نۇسخىسى ئۆزگەرمىگەن ئاساستا مەيدانغا كەلگەن بىر ئەسەردۇر.

بەشىنچى ئەسىرى «مەكتۇبات»(مەكتۇپلار،خەتلەر) بولسا

مەۋلانانىڭ سەلچۇقىيلار دۆلىتى ھۆكۈمدارلىرى ۋە شۇ دەۋردە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان زاتلارغا نەسىھەت ئۈچۈن يېزىلغان خەتلەر، مەۋلانادىن سورالغان سوئاللارغا يېزىلغان جاۋاپلار ۋە ئىلمىي مەسىلىلەر توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەر بولۇپ جەمئىي 147 پارچە مەكتۇپتىن تەشكىل تاپقان بىر كىتاپتۇر.

مانا تا بۈگۈنگىچە بولغان سەككىز ئەسىردىن بۇيان بۇ ئەسەرلەر كىتاپخانلار ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا زوق بېغىشلاپ، چوڭقۇر مەزمۇن، ئاجايىپ تەسىرچانلىق، پەۋقۇلئاددە ئاھاڭداشلىقى ۋە شېئىرىي شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن ئىنسانلارنى ھەيران قالدۇرماقتا. بولۇپمۇ «مەسنەۋى» پۈتۈن دۇنيادا ئاجايىپ تەسىر قوزغىغان. دىئالېكتىك پىكىر جەۋھەرلىرىنى ئىشق پرىنسىپلىرى بىلەن ئىسلام دىنىمىزنىڭ چەك-چېگراسى ئىچىدە تۇرۇپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئاجايىپ نامايەندە قىلغان.

ئەنە شۇنداق ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يېزىپ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا چەكسىز تۆھپىلەرنى قوشقان بۇ گىگانت شەخس 1273-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى پانى دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى.

مەۋلانا ھەزرەتلىرى بۇ دۇنيادىن خوشلىشىش ئالدىدا ھېس-تۇيغۇلىرىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مەن سۆيگىنىمنىڭ يېنىغا كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ھەركىم تىرىكتۇر. ھەقتىن باشقىسى بىلەن تىرىك بولغان ھەركىم مىڭلارچە ئەقىل ۋە مىڭلارچە بىلگىگە ئىگە بولسىمۇ يەنە سەن ئۇنى پۈتۈنلەي يوق دەپ بىل! چۈنكى بارلىقىڭدىن ۋاز كېچىپ ئۇنىڭ بارلىقىغا پۈركەنمىگۈچە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيسەن، بۇ بىر ھەقىقەتتۇر. ئوتتۇرىغا چىققان ھەر مەۋجۇتلۇقنىڭ ھەقىقىي جېنى ھەقتۇر، جاندىن باشقا نىمە بولسا پانى، يوقىلىپ كېتىدۇ.»

«مەن ئۆلگەندىن كېيىن مازىرىمنى يەردىن ئىزدىمەڭلار، بىزنىڭ مازىرىمىز ئىلىم ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە.»

ھەزرىتى مەۋلانا جالالىددىن رۇمىغا ھەركىم ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئاساسەن باھا بېرىدۇ. بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپچى، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا بۈيۈك بىر شائىر، بەزىلەر تېرەن بىر سوپى دېسە، بەزىلەر ئۇلۇغ بىر ئىسلام پەلسەپچىسى دەيدۇ. مېنىڭچە بولغاندا جالالىددىن رۇمى ئاللاھ ئىشقىدا يانغان بۈيۈك بىر ئاشىقتۇر. ئىشق، گۈزەللىك، توغرىلىق، ياخشىلىق، ھەقىقەت ۋە ئىنسانلىقنى ئىزدىگۈچىلەرگە خوش خەۋەر بەرگەن ئۇلۇغ سادادۇر. ھىجران ئازابىدا ئىگراۋاتقانلارغا داۋا بولغان شىپالىق نەپەستۇر. ئىنسانلارغا ئىنسانلىقنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئۆگەتكەن ئۇستازدۇر. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە گاڭگىراپ قالغانلارغا تەسەللى بەرگەن، ئۇلارغا سۆيگۈ ئاتا قىلغان مېھرىبان كۆڭۈل شاھىدۇر. ھەممە نەرسىدە ئىنساننى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ۋە تەبىئەتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى بىلگىنى بىزگە سۇنغان، ئىنسان تەپەككۇرىغا يېڭىلىق ئېلىپ كەلگەن مۇتەپەككۇردۇر. ئۇنىڭ پىكىر سىستېمىسى ئېتىقادنى روھ، ئەقىل ۋە سۆيگۈ قاتارلىق تەرەپلەردىن چۈشەندۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق، دىن، ئىلىم ۋە ئەقىل يوللىرىغا يېڭى ئۇپۇق نۇرلىرىنى چاچقان مەنىۋى قۇياشتۇر.

جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئەڭ مۇھىم بىشارەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، بۇ دۇنيادىكى ھاياتنىڭ ئۆتكۈنچى بىر ھايات ئىكەنلىكى ۋە بۇ دۇنيادىكى ماددىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى بۆلىدىغان، گۇمران قىلىدىغان، ھەتتا پارچە-پارچە قىلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك قىرغىنچىلىقلار، دۈشمەنلىكلەر ۋە دۇنيا خارەكتېرلىك ئۇرۇشلارنىڭ تۈپ مەنبەسى ئەنە شۇ ماددىي مەنپەئەتلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

جالالىددىن رۇمى ئىسلام ئېتىقادى ۋە تەپەككۇرى ئارقىلىق ئىگە بولغان پىكىر ۋە ئىدىيەلىرى بىلەن ئىنسانلارنىڭ

كۆڭۈللىرىگە جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغان. ئىلاھىي ئىشق يولى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تۇيغۇلىرىنى ئىشق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئەقىل ۋە كۆڭۈللىرىنى ھەرخىل يامانلىقلار، ناپاكلىقلار ۋە خاتا چۈشەنچىلەردىن ئازات قىلىپ روھلىرىنى پاكلىغان، خۇراپات ۋە ئىستىبداتقا قارشى تۇرۇپ روھىي ئەركىنلىكنى ھىمايە قىلغان. ئەھلى سەلەپ يۈرۈشى، موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزى ۋە فاناتىزم ھۆكۈم سۈرگەن مۇرەككەپ تارىخىي دەۋردە ئىرق، تىل ۋە دىنىي مەزھەپلەردىن قەتئىي نەزەر ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلغان. ھەرخىل تەبىئىي ئاپەت، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەل، شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىش ئۇرۇشلىرى ۋە موڭغۇللارنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى دەستىدىن «تاش ئۈستىدە تاش، تەن ئۈستىدە باش قالمىغان» زۇلمەتلىك دەۋردە جالالىدىن رۇمىي شېئىرلىرى، نەسىھەتلىرى ۋە سۆھبەتلىرى ئارقىلىق ھەر دائىم تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلق بىلەن بىر سەپتە تۇرغان. خەلقنى ھىمايە قىلىپ فېئوداللىق ۋە خۇراپاتلىققا قارشى تۇرغان. ئىلغار پىكىرلىك شەخس بولغانلىقىدىن تەقىپ، ھۇجۇم ۋە تۆھمەتلەرگە ئۇچرىغان، مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دىن ۋە شەرىئەتكە زىت دەپ قارىغان. ئەمما مەۋلانانىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى ئۇنى جىسمانىي جازادىن ساقلاپ قالغان.

ئارىدىن سەككىز ئەسىر ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە مەۋلانانىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشىنىماقتا. ئىشق يولىدىكى جەۋھەرلىرى ئىنسانلارغا مەنىۋىي ئوزۇق بولماقتا. ئەمما ئەسىرلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇنىڭ ھايات ھېكايىلىرىغا ئويدۇرمىلار قوشۇلۇپ ئىش-ھەرىكەت ۋە ئوي-پىكىرلىرى سىرلىق كۆرسىتىلىپ خۇراپاتلىققا ئايلاندۇرۇلۇپ قويۇلغان.

سۆزنىڭ ھاسىلى شۇكى، ھەر دەۋرنىڭ ئىلغار ئېقىمدىكى ئاقىۋەتنى كۆرەلەيدىغان، شەيئىلەرنى پەرق ئېتىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولغان بىلىمدان زاتلار جالالىدىن رۇمىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قىممىتىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ جاھان خەلقىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. ئەسەر ۋە پىكىرلىرى تۈرك كلاسسىك ئەدەبىياتى، پەلسەپىسى ۋە تۈرك - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئابىدىسىگە ئايلانغان. ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتى ۋە يول كۆرسەتكۈچى دانا پىكىرلىرى، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل سۆزلىرىگە بۈگۈنكى دەۋردە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ ئېھتىياجى بار. بىر تەرەپتە باياشاتچىلىق، بىر تەرەپتە ئاچ - يالىڭاچلىق، بىر تەرەپتە سەلتەنەت، بىر تەرەپتە ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋلانانىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەنىۋى دورىدۇر.

ھەزرىتى مەۋلانانىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن بەلختىن كونياغىچە بولغان بۇ ئالتۇن زېمىن بۇندىن 800 يىللار مۇقەددەم چىڭگىزخان ئەسكەرلىرىنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلەنگەن بولسا، بۈگۈنمۇ ئوخشاشلا ئاسماندىن يېغىۋاتقان بومبىلارنىڭ دەھشەتلىك پارتلاشلىرى نەتىجىسىدە كۆيۈپ كۈل بولماقتا. ئۆي - ماكانلىرىدىن ئايرىلغان مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسان دەشت - باياۋانلاردا سەرسان بولماقتا. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى دۇنيادا مەۋلانانىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئىنسانپەرۋەر، دوستلۇقپەرۋەر، ئادال ەتپەر - ۋەر، مىللەت ۋە دىن ئايرىمايدىغان نەپرەتسىز پەلسەپىسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىباھا گۆھەردۇر. تۈركلەر قەھرىمانلىرى بىلەن ياشايدۇ، ئۇلار ھەر زاماندا بىزنىڭ پارلاپ تۇرغان يۇلتۇزىمىزدۇر. كۆڭۈل دۇنيايىمىزنىڭ قەھرىمانى بولسا مەۋلانا جالالىدىن رۇمى ھەزرەتلىرىدۇر.

# 2.تەپەككۇر

بەخت-سائادەتنى دەسلەپ ئەلگە تىلە،
بەخت ئەمەس ئالتۇن بولسا يالغۇز تەڭلە.
تەپەككۇرسىز سائادەتتىن ئۈمىد كۈتمە،
ئۆز-ئۆزىگە تەپەككۇرسىز ئىنسان-تەلۋە.
-ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

"تەپەككۇر"دىن ئىبارەت بۇ ئىبارىگە ئېنىقلىما بەرسەك، تەپەككۇر دېگىنىمىز ئادەمنىڭ يېڭىدىن ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىلەن ئۆزىدە تۇغما بار بولغان ئەقلى ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزۈپ، چوڭقۇر ئويلىشىپ ئاندىن ئەقلى خۇلاسە چىقىرىش جەريانىدۇر. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتساق، تەپەككۇر دېگىنىمىز ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى كۆرگەن-بىلگەنلىرىمىزنىڭ ماھىيەتلىك قانۇنىيەتلىرىنى سۇبيېكتىپ ئېڭىمىز بىلەن تونۇپ يېتىپ، ئۆزىمىز ھېس قىلغان تۇيغۇلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، بېسىپ ماڭغان ھەقىقى مەنادىكى ھايات سەپىرىدۇر.

مانا ماشۇ ھاياتلىق سەپىرىدە ئۈزلۈكسىز تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئەقىل بۇلىقىنى، ئىلىم سەيناسىنى، ئۆزلۈكىنىڭ تاۋلىنىش مەيدانىنى، پىكىرنىڭ يۈكسىلىش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ بارغانسېرى كامالەتكە يۈكسىلىمىز.

ئىنسان تەپەككۇر ئارقىلىق دۇنيانىڭ سىرىنى ئاچالايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلەيدۇ، ئۆزىنى ئۆزى تونۇپ يېتەلەيدۇ، تەرەققىياتنىڭ ھېكمىتىنى تونۇيالايدۇ. تەپەككۇر ئارقىلىق قەلبىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇتۇپ، ئىلىم دۇنياسىنىڭ مەشئىلىنى لاۋۇلدىتالايدۇ، كەلگۈسىنىڭ نۇرانە مەنزىلىگە داغدام يول ئېچىپ، بىپايان دېڭىزدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈپ، غايە قىرغاقلىرىغا بىمالال يېتەلەيدۇ.

ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ ئالەمدە ئىنسان ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارى ئارقىلىق ھايۋانات ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىسلام دۇنياسىدىكى ”شەرەپلىك“ دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان ئۈچ كىتابنىڭ بىرى بولغان ”مەسنەۋى شەرىپ“ تە جالالىدىن رۇمى ”ئىنسان“ دېگەن بۇ نامنى ئاساسەن ”كامىل ئىنسان“ دېگەن ئۇقۇم بويىچە شەرھلەيدۇ. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئەنە ئاشۇ ”كامىل ئىنسان“ دېگەن پرىنسىپ دەل قۇرئان كەرىمدىكى ”شۈبھىسىزكى بىز ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتۇق...“ دېگەن ئايەتكە تامامەن ئۇيغۇندۇر. شۇڭا جالالىدىن رۇمى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى بارلىق تەپەككۇر دۇنياسىنى ئاشۇ ئىنسان ئۈستىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇڭا ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە ئىنساننى ئەڭ يۈكسەك سەۋىيەگە كۆتۈرۈپ پەزىلەتلىك ئادەم دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىنساننى پەزىلەتتىن ئايرىپ، ئەڭ پەسكەش يەنى ھايۋاندەك ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزاھلايدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ئىنسان تەپەككۇر ئارقىلىق ئەقلىنى ئىشلىتىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ توغرىسىدىكى مەيلى ئۆز مىللىتىمىزدىن ياكى ياد مىللەتلەردىن چىققان نۇرغۇن يازغۇچى، ئالىم، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپلار قەدىمدىن تا ھازىرغىچە تەپەككۇر ھەققىدە نۇرغۇن پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئاجايىپ ئېسىل سۆزلەرنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن.

مەسىلەن:

ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرلىرىدىن ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن تەپەككۇرنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: ”تەپەككۇر ئىقتىدارى ھەممىگە تەئەللۇق. ئەمما، تەپەككۇر قىممىتى ھەر كاللىدا ھەر خىل. ئۆز-ئۆزىگە تەپەككۇر مۇجەسسىمى بولمىغان مىللەت ئۆز-ئۆزىگە ئىگە بولمىغان مىللەتتۇر“.

گېرمان پەيلاسوپى ئارتۇر شوپېنخاۋېر مۇنداق دېگەن: ”ئەگەر بىرى كۆنلەپ-كۆنلەپ كىتاب ئوقۇسا، ھەمدە ئوتتۇرىدىكى ئارام ۋاقتىنى تەپەككۇرسىز ئۆتكۈزسە، ئۇنداقتا ئۇ بارا-بارا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بۇ خۇددى توختىماي ئات مىنىدىغان كىشى ئاخىرىغا كېلىپ يول مېڭىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەكلا بىر ئىش.“

قەدىمقى گرېك پەيلاسوپى سوقرات مۇنداق دەيدۇ: ”تەپەككۇرسىز ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيدۇ“.

ئەبۇ ھەمىد مۇھەممەد ئەل غەززالى: ”تەپەككۇر، ئىبادەتنىڭ يېرىمىدۇر“ دەيدۇ.

ئىنسان تەپەككۇر قىلىش كۈچىگە تايىنىپ، ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھادىسىلىرى بىلەن ئۇنىڭ ماھىيەتلىرىنى بىلىش، چۈشىنىش ئىقتىدارىنى ئەركىن جارى قىلدۇرالايدۇ.

ئىنساندىكى ھەممە شەرەپلىك خاسىيەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى يەنىلا بىلىش ئىقتىدارى يەنى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ئاساسىدا ئېرىشكەن ھەققىي بىلىم ئارقىلىق كامالەتكە يېتىدۇ. ئىنسان تۇغما ھالدا بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن ھايۋاندىن پەرق قىلسىمۇ، ئەمما پەقەت بىلىم جەھەتتىكى ۋە تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىدىكى يۇقىرى-تۆۋەنلىكى، شەكىل ۋە ئۇسۇللىرى، مۇددىئا ۋە ئاقىۋەتلىرى بىلەن ئىنسانلاردىكى تەپەككۇر بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنكەبۇت سۈرىسى 43-ئايەتتە مۇنداق

دېيىلگــەن: ‟بىــز ئىنســانلارغا بايــان قىلغــان بــۇ تەمســىللەرنى پەقــەت ئالىمــلارلا چۈشــىنەلەيدۇ.‟

بــۇ توغرىســىدا يۈســۈپ خــاس ھاجىــپ ‟قۇتادغــۇ بىلىــك‟ ناملىــق ئەســىرىدىكى بېيىتلىرىــدا مۇنــداق دەپ كۆرسـەتكەن:

‟كىشى بىلەن كىشىنىڭ زور پەرقى بار،

بۇ پەرق بىلىمدىلا كۆرۈلىدۇ دەيمەن‟

‟ئۇشبۇ سۆزۈمنى بىلىملىكلەر ئۈچۈن سۆزلىدىم،

بىلىمسىزنىڭ تىلىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن‟

مۇتەپەككــۇر ئابدۇشــۈكۈر مۇھەممەتئىمىــن بــۇ توغرىســىدا مۇنــداق رۇبائىــى ســۆزلەيدۇ:

‟تەپەككۇر تۈپەيلىدىن سىرىنى ياپالماس ئالەم،

پەرقلەنگەن تەپەككۇر سەۋەبلىك ھايۋان، ئادەم.

ئەمما شۇ تەپەككۇرنىڭ سۈپەت، قىممىتى ھەر خىل،

قانداقمۇ بىر خىل بولسۇن جەددال، سۇلايمان، ھاتەم.‟

جالالىدىــن رۇمىنىــڭ ئۆزىگــە خــاس تەپەككــۇر ئۇســۇلى بــار بولــۇپ، ئــۆز ئەســەرلىرىدە ئۆزىنىــڭ تەســەۋۋۇپ پەلسەپىســىنى ناھايىتــى يۇقىــرى بەدىئىــي تىــل ماھارىتــى ۋە شــائىرانە تەبىئىــي ئىقتىســادارى ئارقىلىــق تەپەككۇرىغــا تىل ـ نۇتۇقنــى شــەرت قىلىــپ، لوگىكىلىــق ئىلمــى قائىدىلەرگــە رىئايــە قىلىــش ئاساســىدا ‟ئاشــىق‟نى ئىزاھلايــدۇ. ئىنســان پەقــەت ئاشــىق يولــى ئارقىلىقــلا ‟كامىــل ئىنســان‟ بولــۇش مۇددىئاســىغا يېتىــدۇ دەپ قارايــدۇ. مانــا مۇشــۇ تەپەككــۇر ئۇســۇلى ئاساســتا ‟ۋەھدەتــى ۋۇجــۇد‟ تەلىماتىغــا ئاساســلىنىپ ئالەمنــى، تەبىئەتنــى، ئىنســانىيەتنى، بىردىنبىــر بارلىــق بولغــان ‟ۋۇجــۇدى مۇتلــەق‟ يەنــى ئاللاھنىــڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھــەر خىــل شــەكىللەردىكى تەجەللىسى(جىلۋىلىنىشــى)

دىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. شۇڭا تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىكنىڭ ئۆزى بىر ئەينەك ھەممە ھەر بىر ئىنسان يەنە باشقا بىرسىگە ئەينەك. ھەر ئەينەكتە ئۆزىمىزنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىنى كۆرۈپ، تۈزىتىپ تاكامۇللىشىپ كامالەتكە يېتىپ بارىمىز دەپ قارايدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ: ”بىزنىڭ تەبەسسۇم ۋە تەپەككۇر ئۆرنەكلىرىمىز ئەلۋەتتە ئۆزىمىزگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە گۈزەللىكى بار. تەبەسسۇم قىلغاندا تەپەككۇر قىلىمىز، تەپەككۇر قىلغاندا بەزى ھەقىقەتلەرنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەپ يېڭىدىن بىر بەختكە تولىمىز.“

جالالىدىن رۇمى ئىلىم ئۆزلەشتۈرۈش جەريانىدا ئۆز زامانىدىكى دىنىي ئالىملار، پەيلاسوپلار ۋە شائىرلاردىن ئىمكان قەدەر تەمكىن ۋە ئۆزىنى تۇتقان ھالدا ھەرساھەدىكى پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئۆز مېتودى بويىچە ھەقىقەتنى سۆيگەن ۋە ئۇنىڭغا زېھىن قويغان. پەقەت تەپەككۇر ئارقىلىقلا ئۆز غايىسى بويىچە ئىلگىرلىگەن.

پەن ۋە مەدەنىيەتكە، مۇزىك ۋە سەنئەتكە، ئەركىن تەپەككۇرغا ۋە دىنى باراۋەرلىككە قارشى تۇرىدىغان تۈرلۈك ئەقىدىلەرگە، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە كەسكىن قارشى تۇرغان. خەلقنى بىخۇدلاشتۇرىدىغان، خەلقنى پاسسىپ، نادان ۋە ئۈمىدسىزلىككە دەۋەت قىلىدىغان فېئودال قىلمىشلارنى پاش قىلغان.

مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمدە تەپەككۇر قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلغاندىمۇ ساغلام، ئۆتكۈر، مۇستەقىل تەپەككۇر قىياپىتىگە ئىگە بولۇش توغرىسىدا نۇرغۇن ئايەتلەر بار. مەسىلەن:

ئەئراف سۈرەسىنىڭ 54 ـ ئايىتىدە: ”شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش

ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر ـ بىرىنى قوغلىشىدۇ. ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش راستىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر“

ھىجىر سۈرىسى 16 ـ ئايەت: ”بىز ئاسماندا ئوربىتىلارنى ياراتتۇق ۋە كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ئاسماننى زىننەتلىدۇق“

نەھل سۈرىسى 11 ـ ئايەت:”ئاللاھ سىلەرگە شۇ يامغۇر بىلەن زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، زەيتۇن، خورما، ئۈزۈم ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ھەقىقەتەن(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر بار“

ئەنكەبۇت سۈرىسى 44 ـ ئايەت:”ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھېكمەت بىلەن ياراتتى. ھەقىقەتەن ئۇنىڭدا مۆمىنلەر ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىل بار“

لوقمان سۈرەسى 27 ـ ئايەت:”ئەگەر يەر يۈزىدىكى دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى قەلەم بولغان، دېڭىز سىياھ بولغان، ئۇنىڭغا يەنە يەتتە دېڭىز قوشۇلۇپ سىياھ بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ سۆزلىرىنى يېزىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر“

شۇرا سۈرەسى 33 ـ 32 ـ ئايەت: ”دېڭىزدا قاتنىغۇچى تاغدەك كېمىلەر ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىدۇر.

ئەگەر ئاللاھ خالىسا، شامالنى توختىتىۋېتىدۇ ـ دە، كېمىلەر دېڭىزنىڭ ئۈستىدە توختاپ قالىدۇ، بۇنىڭدا سەۋر قىلغۇچى، شۈكۈر قىلغۇچى ھەر مۆمىن ئۈچۈن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار“

جاسىيە سۈرەسى 13 ـ ئايەت: ” ئاللاھ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز مەرھەمىتىدىن سىلەرنىڭ

مەنپەئەتلىنىشڭلار ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى، بۇنىڭدا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار“

غەيرى مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى سىياسىي، ئىقتىسادى ۋە ھەربىي جەھەتتىن كۈچلۈك قىلغان ئىلىم ۋە تېخنىكىدۇر. دىنىمىزدا ئىلىم ۋە تېخنىكىنى ھارام قىلغان بىرمۇ ئايەت ۋە ھەدىس يوقتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە نۇرغۇن ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئىلىم ۋە تېخنىكا، تەپەككۇر، ئەقىل ـ ئىدراك توغرىسىدا ئەمىرلەر بېرىلگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىز ئۇلاردىن نەچچە يۈز يىل ئارقىدا تۇرماقتىمىز. بۈگۈنكى دۇنيادا كىم كۈچلۈك بولسا بۇ تەپەككۇرنىڭ قىممىتىدىندۇر. بىرەر مىللەتنىڭ ۋە ياكى بىرەر دۆلەتنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرۇشى ئۇ مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ توغرا تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. بىز مۇسۇلمانلار ھازىرغىچە ئۆزىمىزدىكى يېڭىلىق تەرەپتارلىرىنى ئىنكار قىلىپ، تەپەككۇر نامايەندىلىرىنى ئاسىي نامىدا ھالاك قىلىش ئارقىلىق تەلۋىلىك بىلەن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي گاڭگىراپ، تۆت كوچا دوقمۇشىدا قاياققا مېڭىشىمىزنى بىلمەي قېلىۋاتىمىز. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان بۇزۇلغان روھ، قۇللۇققا مايىل ئىرادە، ئىلىمنىڭ ھەقىقىي قىممىتىدىن مەھرۇم قېلىش، ماددىي دۇنيانى مەنىۋى دۇنيادىن ئۈستۈن كۆرۈش، مەنادىن بەكرەك شەكىل ۋە سۈرەتكە ئەھمىيەت بېرىش، يىغىپ ئېيتقاندا يەنىلا شۇ قاششاڭ تەپەككۇردىن باشقا يەنە نېمە بولاتتى؟

جالالىددىن رۇمى «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە پاك بىرسىنىڭ كېسەل خوشنىسىنى يوقلىشىدىن ئىبارەت ھېكايىنى ئاڭلىتىدۇ:

بىر پاك خوشنىسىنىڭ ئېغىر ئاغرىپ قالغانلىقىدىن خەۋەردار بوپتۇ.

پاك كېسەل خوشنىسىنى يوقلاپ قويۇشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى، ئادىمىيلىك ۋە ئىنسان پەزىلىتىنىڭ نامايەندىسى دەپ ئويلاپتۇ. ئەمما ئەقلىدىن مۇنداق ئويلار كېچىپتۇ:

مەن قۇلىقى ئاڭلىماس پاك تۇرسام ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قانداقمۇ ئاڭلىيالايمەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇشنام ئىغىر ئاغرىق تۇرسا، ئاغرىق كىشىنىڭ ئاۋازى ئاستا چىقىدۇ. بوپتۇ نېمە ئامال، يوقلاپ قوياي. ئۇ گەپ قىلغاندا لەۋلىرىنىڭ مىدىرلاشلىرىغا قاراپ نېمە دەۋاتقانلىقىنى تەخمىن قىلارمەن ۋە يەتتە ئۆلچەپ، بىر كېسىپ ئىش قىلسام خاتالاشمايمەن. مەن ئۇنىڭغا «ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ خۇشنام» دېسەم، ئۇ ماڭا «خۇداغا يۈزمىڭ شۈكۈر، ياخشى تۇردۇم» دەيدۇ ھەقچان. ئاندىن كېيىن نېمىلەرنى يەپ-ئىچىۋاتقانلىقىنى سورىسام، ئۇ ماڭا چوقۇم «پۇرچاق شورپىسى ۋە ياكى شەربەت» ئىچكەنلىكىنى دەيدۇ. مەن ئۇنىڭغا «ئاش بولسۇن!» دەيمەن ۋە قايسى تېۋىپقا داۋالىتىۋاتقانلىقىنى سورىسام، ئەلۋەتتە ئۇ ئوقۇمۇشلۇق، تەربىيە كۆرگەن كىشى بولغاندىكىن تەنتىرمەيلا «پالان-پوكون» دەيدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا «ئۇ تېۋىپنىڭ قولى شىپالىق، ئايىغى ئۇلۇغ، داۋالىيالمايدىغان كېسىلى يوق. مەنمۇ ئۇ تېۋىپقا كۆرۈنگەن. بەكمۇ ئىسىل ئادەم. قەدىمى تەگكەن يەردىن كېسەل قاچىدۇ، مەقسەت-مۇرادى ئەمەلگە ئاشىدۇ» دەيمەن.

پاك شۇنداق خىياللارنى، پىلانلارنى، سورايدىغان سوئال ۋە جاۋاپلارنى تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن كېسەل خۇشنىسىنى يوقلاش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپتۇ.

سالامدىن كېيىن پاك تەييارلىق قىلىۋالغان بويىچە:

«ئەھۋالىڭ قانداقراق خۇشنام» دەپ سوراپتۇ.

ئاغرىق خۇشنىسى «ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

پاك ئىچىدە «ھەرھالدا ياخشى دەۋاتىدۇ ھەقاچان» دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھاللا «بەك ئوبدان بوپتۇ، ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپتۇ. ئاندىن ئۇلاپلا «نېمە يەپ ئىچىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

ناھايىتى تىرىككەن خوشنىسى «زەھەر» دەپتۇ.

پاك بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ، ئۇ چوقۇم «پۈرچاق شورپىسى ياكى ئاقاش» دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: «ئاش بولسۇن، شىپا بولسۇن.»

ئاخىرىدا «قايسى تېۋىپ داۋالاۋاتىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ.

جىلە بولۇپ، جان-پىنى چىققان خوشنىسى «ئەزرائىلغا» دەپتۇ.

پاك ھەرھالدا بىر تېۋىپنىڭ ئىسمىنى دېدى دەپ ئويلاپ، خوشنىسىغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بېرىپ قويۇشنى ئويلاپ، ياخشى كۆڭلى بىلەن «ئايىغى يارىشىدۇ ئۇنىڭ. پات ئارىدا سەللە-مازا ساقىيىپ كېتىسەن. خوش بول، كۆڭلۈڭنى راھەت تۇت» دەپتۇ ۋە ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغانلىقىدىن راھەتلىنىپ، خوشلىشىپ ئۆيىدىن چىقىپتۇ.

جالالىدىن رۇمى بۇ ھېكايە ئارقىلىق توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىزگە ئىزاھلاپ، ئوقۇرمەنلەرنى شەكىلگە قاراپ قىياس قىلماسلىققا، خىيالىي نەرسىلەرنى ھەقىقىي دەپ ھېسابلىماسلىققا، ئەمەلىيەتنى رېئاللىق دەپ قارىماسلىققا، دورامچىلىق ۋە شەكىلۋازلىق قىلماسلىققا، «ئەينەكنى پاكىز سۈرتۈپ، ئۇنىڭدا پاك بارلىقنى كۆرۈشكە» چاقىرىدۇ. دېمەك توغرا تەپەككۇر قىممىتىگە ئىگە بولمىغان ئادەم ئەنە شۇ «پاك»غا ئوخشايدۇ.

# 3. دەۋرنىڭ جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرى

ئىنسان قىسقىغىنا بىر مۇددەت مۇساپىر بولغان بۇ دۇنيادا،
روھىنى باغلىغان ئالتۇن زەنجىر جەننەتتەك كۆرۈنگەن
جەھەننەمدۇر. ـ(مەۋلانا)

---

جالالىدىن رۇمى مەۋلانا ھەزرەتلىرى بىر مۇتەپەككۇر، شائىر ۋە ئارىف ھەممە كەڭ مەنادىن ئېيتقاندا بىر كۆڭۈل ئادىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرىغا يېپيېڭى بىر دەۋر ئاچقان. شۇنىڭدەك ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ پىكىر ۋە سىستېمىلىرىنى، ئېتىقاد ئەقىدىلىرىنى روھ، ئەقىل ۋە سۆيگۈدىن ئىبارەت ئۈچ بۇلۇڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ئىنسانلارغا ئەخلاق، دىن ئىلىم ۋە ئەقىل يوللىرىنى ئايدىڭلىتىپ يېڭى ئۇپۇقلار ئاچقان. بۇ ئىسلام تەسەۋۋۇپىنى ئالەمشۇمۇل ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان جالالىدىن رۇمىنىڭ ئۆمرىنىڭ باش ئاخىرقى دەۋرى خارەزم شاھ دۆۋلىتى (1230 ـ 1128) ۋە سەلچۇقلار دۆلىتىنىڭ (1273 ـ 1075) زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئالتە ياش (بەزى ماتېرىياللاردا ئون ئىككى ياش دەپ ئالغان) ۋاقىتلىرىدا ئائىلىسى بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ماكانى بەلختىن ئايرىلىپ، ئاخىرى نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ

دەۋر خارەزم شاھى ئەلەئىددىن مۇھەممەدنىڭ ئالدىراقسانلىقتا، بىپەرۋالىقتا تازا نام سالغان، ئۆزىنى بارچە مۆمىنلەرنىڭ باشپاناھى ۋە نىجاتكارى دەپ ئاتىۋالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە بەلخ شەھەر ئاھالىسىگە شۇنچىلىك ئېغىر باج-سېلىق سېلىۋاتقان ۋاقىتلىرى ئىدى. جالالىددىن رۇمىنىڭ دادىسى باھاۋىدىدىن ۋەلەد بەلختىكى پەلسەپىچىلەر ۋە شاھ مۇھەممەد بىلەن بولغان پىكىر ئىختىلاپىنى ھەمدە شىددەتلىك بىر بوراندەك ئالدىغا ئۇچرىغانلا نەرسىلەرنى سۈپۈرۈپ سوراپ يوق قىلىۋېتىدىغان چىڭگىزخاننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالدىن كۆرەلىگەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ سەپەرگە ئاتلىنىشنى قارار قىلغان ئىدى.

بۇ 1213-يىللىرى ئىدى. ئۇ زامانلاردا بەلخ قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ تۈگىنى ئىدى. خىتايدىن دەمەشىق، مەككە مۇكەررەم، مىسىرغا قاتنايدىغان كارۋانلار ۋە ھىندىستاندىن رۇسلارنىڭ ئۆلكىسىگىچە، بۇخارا، سەمەرقەندلەردىن ياۋروپاغىچە بارىدىغان كارۋانلارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن ئۆتەتتى. ئەمما ئۇ دەۋرلەردە جەڭگە-جېدەل، يوللاردىكى قاراقچىلار ۋە شاھ سارىيىدىكى كۈپرانىي مەئىشەتلەر بەلخنىڭ ئىقتىسادىي مەنبەسى بولغان تىجارەت ۋە ھۈنەرۋەنچىلىككە ئېغىر زەربە ئۇرغان ئىدى. شەھەرنى تىلەمچىلەر قاپلىغان، ئاھالىنىڭ كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتكەن، شەھەر بايلىرىنىڭ ساخاۋىتى بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان خانىقادىكى شەيخ دەرۋىشلەرنىڭ ئەھۋالى خاراپ بولغان ئىدى.

ئۆز ۋاقتىدا چىڭگىزخاننىڭ تۆت يۈز كىشىلىك سودا كارۋىنى بەلخقە تىجارەت ھەم دوستانە مۇناسىۋەت بىلەن كەلگەندە خارەزم شاھىنىڭ بىر ۋالىسى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كېچىدىلا ئۆلتۈرۈپ، بەش يۈز تۆگىگە ئارتىپ ئەكەلگەن مال-دۇنياسىنى ئىگىلىۋېلىپ پادىشاھقا سوۋغا قىلغان. بۇ پاجىئەلىك ۋەقەدىن كېيىن چىڭگىزخان يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپ بۇ ئىشنى تىنچلىق يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى

ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ تەكەببۇرلۇق ھەۋسىگە چۆشكەن مۇھەممەد شاھ ئۇلارنى جاسۇسلار سۆپىتىدە قولغا ئالغان. شۇنىڭ بىلەن غەزەپكە كەلگەن چىڭگىزخان دۇنيانىڭ ئەڭ قانلىق ئەسكىرىي كۈچى بىلەن 1219 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا بەلخقە باستۇرۇپ كەلدى. موڭغۇللار شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن شەھەرنى كەڭ كۆلەملىك بۇلاپ ـ تالاپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قىرىپ تاشلاپ، شەھەرنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. پەقەت ھۈنەرۋەن ۋە ياش ئايال ـ قىزلارنى قۇل ئورنىدا ئېلىپ قېلىپ، قالغان ئاھالىنى شەھەرنىڭ قەلئە سىرتىدىكى دالاغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇلارنى قاتار تۇرغۇزۇپ ھەممىسىنى قىلىچ ۋە ئېغىر توقماقلار بىلەن كاللىسىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

1220 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى موڭغۇل ئەسكەرلىرى قەدىمى مەدەنىي شەھەر، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى بۇخارانى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ 30 مىڭغا يېقىن ئادەمنى بىر كۈندىلا قىرىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا دۇنيانىڭ ئەڭ زالىم ھۆكۈمدارى دەپ نام ئالغان چىڭگىزخان ھايات قالغان بۇخارا ئاھالىسىنى بىر مەيدانغا توپلاپ مەشھۇر بۇخارا نۇتۇقىنى سۆزلىدى:

سىلەرنىڭ ئەرلىرىڭلار خوتۇنىدەك بوپ كېتىپتۇ. ئانا يۇرتۇڭلارنى قوغداش ئۈچۈن جېنىڭلاردىن ۋاز كېچىشتىن قورقتۇڭلار. سىلەردىن يىرگىنىۋاتىمەن. سەنلەرنىڭ تىللىرىڭ شېكەر، دىللىرىڭ زەھەر، كۆڭۈللىرىڭ پەس ئىكەن. بىر ـ بىرىڭلارغا يالغان سۆزلەيسىلەر، ئۆزارا ھىيلە ئىشلىتىسىلەر. پادىشاھىڭلار، ۋەزىرلىرىڭلار، بەگلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى چۈپرەندە ئىنسانلار ئىكەن. سىلەرمۇ شۇلارغا ئوخشاش چۈپرەندە بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قىلغان پەسكەشلىكلىرىگە كۆز يۇمدۇڭلار. ئوغرىلارنىڭ قوللىرىنى سۆيەتتىڭلار، كىمنىڭ ئەمەل ـ مەرتىۋىسى، مال ـ دۇنياسى بولسا شۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئاياقلىرىغا باش قوياتتىڭلار. سىلەردىن ھەقىقەتەن يىرگىنىۋاتىمەن. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ھەممىڭلارنى بوغۇزلاپ، لەشلىرىڭلارنى ئاتنىڭ تۇياقلىرى بىلەن چەينىۋەتسەم

چەينىۋېتىمەن. ئەمما بۇنداق قىلمايمەن. چۈنكى مېنىڭ قولۇم ۋە بۇيرۇقۇم بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشكە ئەرزىمەيسىلەر. پەقەت شۇنى بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار بەكمۇ كۆپ ۋە ئاللاھقا قارىغۇدەك يۈزۈڭلارمۇ يوق. مەن ھەممە نەرسىنى بىلىپ ۋە كۆرۈپ تۇرىدىغان تەڭرىنىڭ قىلىچىمەن. سىلەرنىڭ بوينۇڭلارنى چېپىش ئۈچۈن قىنىمدىن چىقتىم، ۋال-ۋۇل پارقىراپ تۇرماقتىمەن. ئەگەر كاللاڭلارنى سىلكىۋېتىپ، ئەقىل-ھوشۇڭلارنى تاپساڭلار بەلكى بۇ نىجىس تېنىڭلاردىن جېنىڭلارنى جۇدا قىلمايمەن. بولمىسا ئەر-ئايال، ئوغۇل-قىز دېمەي ھەممىڭنى ئۆكۈز ھارۋىلىرى چەيلىۋەتكەن چىكەتكىلەردەك قىلىۋېتىمەن.

شۇنداق دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيانى تەلتۆكۈس ئىستىلا قىلغان موڭغۇللار ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندە سەلچۇقلار دۆلىتىنىڭ تۇپراقلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى.

سەلچۇقلار دۆلىتى سەلچۇقلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خاندانلىقى ئىدى. تۈركلەر خۇددى موڭغۇللارغا ئوخشاشلا قەدىمدىن تارتىپ ئېتىقادىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنى كۆك تەڭرى تەرىپىدىن جاھاننى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تاللانغان مىللەت دەپ قارايتتى. شۇڭا بارلىق تۈركلەرنىڭ بىرلىشىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ۋە بارلىق تۈرك خەلقى بەگ، خان ۋە قاغاننىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇشى لازىم ئىدى. تۈركلەرنىڭ جاھانغا ھاكىم بولۇش چۈشەنچىسىنى تۈرك ھۆكۈمدارلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. قەدىمكى تۈركلەر ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىگە جاھاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئىھسان قىلغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىلگە قاغان «تەڭرى ئىرادە قىلغانلىقى ئۈچۈن تەختكە ئولتۇردۇم. تۆت ئەتراپتىكى مىللەتلەرنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇردۇم» دېگەن. ئورخۇن ئابىدىلىرىدە «قۇياشنىڭ چىققان يېرىدىن باشلاپ پاتقان جايىغىچە بولغان زېمىننى تۈركلەر ئىدارە قىلىش كېرەك» دەپ يېزىلغانلىقى مەلۇم. بۇ سۆزلەردىن تۈركلەرنىڭ جاھاننىڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆزلىرىگە ئىلاھىي

بىر ئىھسان دەپ ئىشىنىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

پۈتۈن جاھانغا ھۆكۈمدار بولۇش چۈشەنچىسى سەلچۇقلار دەۋرىگە كەلگەندە «جىھاد» چۈشەنچىسىگە ئايلانغان. تۈركلەر ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن خىرىستىيانلارنىڭ «ئەھلى سەلەپ» ئۇرۇشى ۋە موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى جىھاد پەرز قىلىنغان. ئەمما سەلچۇقلار دۆلىتى ئىچىدىكى ھەر خىل دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ زامانلاردا سەلچۇقلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى كونيا ناھايىتى تىنىچ شەھەر بولۇپ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بۆشۈكى بولغان. موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان شەرقلىق بىلىم ئادەملىرى، سەنئەتچىلەر يىغىلغان جاي بولغان. ئاناتولىيىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن بۇ يەرگە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن كەلگەن ياشلار بىلەن تولغان. كونيا ئىسلامنىڭ غەرپكە يۈزلىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم مەركەزگە ئايلانغان. بۇ شەھەردە ھەرخىل مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلار ياشىغان، تۈركلەر، ئەرمەنلەر، يەھۇدىلار، گرېك، پارس قاتارلىقلار. شۇڭا ئەتراپتىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن زىيارەتچىلەرمۇ كۆپەيگەن.

ئەينى چاغدا چىڭگىزخان قوشۇنلىرى ئىستىلا قىلغان رايونلاردىن قاچقان خەلق توپ-توپى بىلەن چەكسىز ئادەم دېڭىزىنى ھاسىل قىلىپ كونياغا كېلىشكەن باشلىغان. جۈملىدىن جالالىددىن رۇمىنىڭ ئائىلىسىمۇ 1228-يىلى باھاردا سۇلتان ئالائىددىن كەيكۇباتنىڭ تەكلىپ قىلىشى بىلەن كونياغا كەلگەن. كونيا مەۋلانا ئائىلىسىنىڭ مۇساپىرچىلىق ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بېكەت ئىدى. بۇ ئون ئىككى يىل داۋاملاشقان سەپەردە ھەيۋەتلىك كارۋانلارنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ «نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟» دېگەن سۇئاللىرىغا باھائەددىن ۋەلەد «ئاللاھدىن كەلدۇق، ئاللاھقا كېتىۋاتىمىز، ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر كۈچ ۋە تۇسالغۇ بىزنى تۇسالمايدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن. كونيا خەلقى بۇ كارۋاننى شۇنداق

ھەيۋەتلىك قارشى ئالغان. ھەتتا سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ سۇلتانى ئالائىددىن كەيكۇباتمۇ قارشى ئېلىشقا چىققان ۋە ئوردىغا تەكلىپ قىلغان. ئەمما باھائىددىن ۋەلەد «ئەي ئەركىلىك سۇلتانى! ياخشى كۆڭۈللىرى بىزگە يەتتى. پەقەت ئىماملار مەدرىسىگە، شەيخلەر خانىقاغا، ئەمىرلەر ئوردىغا، سودىگەرلەر سارايلارغا، بويتاقلار بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا، غېرىپلار دەڭلەرگە ئۇيغۇندۇر. رۇخسەت قىلسىڭىز بىز ئۆز لايىقىمىز بولغان مەدرىسىگە ئورۇنلىشايلى» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن كارۋان كونيادىكى ئەڭ چوڭ مەدرىسىلەردىن بىرى بولغان «ئالتۇن ئاپا» ناملىق مەدرىسىگە يەرلەشكەن ۋە ھېچقانداق سوۋغا قوبۇل قىلماي «بىزنىڭ دۇنيا مېلىغا ھاجىتىمىز يوق» دەپ، ئەدەپ بىلەن سوۋغىلارنى رەت قىلغان.

مەۋلانە ئائىلىسىنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىشىدىن پۈتۈن شەھەر ئاھالىسى خوش بولغان. باھائىددىن ۋەلەد كونيادىكى چوڭ مەدرىسىلەردە دەرس بەرگەن. ئۇنىڭ دەرسخانىلىرى ئىنسانلار بىلەن لىق تولۇپ، نامى ئەتراپقا يېيىلىپ ھۆرمىتى ئاشقان. ئەمما ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي 1231 ـ يىلى بۇ بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ۋاپات بولغان. ئاندىن جالالىدىن رۇمى مەرھۇم دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىنى شەيخ بۇرخانەتتىنى ئۇستاز قىلغان. ئۇ زاتتىن توققۇز يىل ئىلىم ئۆگەنگەن. كېيىن مەۋلانا بەزى تالىپلار بىلەن بىرگە بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئايالى ۋە ئىككى ئوغلىدىن بىر مەزگىل ئايرىلىپ، باغدات ۋە شاملارغا بېرىپ ئىلىم ئالغان. بۇ جەرياندا ئۇ نۇرغۇن ئالىملار، پەلسەپەچىلەر بىلەن ئۇچراشقان. ئەرەپ، پارس ۋە گرېك تىللىرىنى پىششىق ئىگەللىگەن.

ئەمما ئاناتولىيە ۋە بارلىق ئىسلام ئالەمدە ئۇرۇش ئوتى ھېچ ئۆچمەي ئەكسىچە بارغانسىرى كۈچىيىشكە باشلاپ، پۈتۈن ئوتتۇرا شەرقنى ئۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى قاپلايدۇ.

1243 ـ يىلى موڭغۇللار ئاناتولىيەنىڭ ئەرزۇرۇم، قىرشەھىر،

قەيسىرى، سىۋاس قاتارلىق مۇھىم شەھەرلىرىنى ئىگەللەپ، نۇرغۇن ئىنسانىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ، شەھەرلەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدۇ. ئاخىرى كېلىپ كونيانى مۇھاسىرىگە ئالدۇ. سەلچۇقلار سۇلتانى شەھەرنى تاشلاپ قاچىدۇ. بولغۇلۇق خەلققە بولدۇ. ئارامچىلىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك يوق بولدى. تىنچلىق خۇددى سۇمرۇغ قۇشىدەك كۇھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى. خەلقنىڭ ھالى ئىنتايىن پەرىشان ئىدى. شۇ چاغدا مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ مەنىۋى كۈچى ئالدىدا موڭغۇل قوماندانى باجۇ نويان كونيانى ئىشغال قىلىشتىن ۋاز كەچتى. پەقەت باش ۋەزىر بىلەن موڭغۇللار ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، كونيا خەلقى موڭغۇللارغا ناھايىتى يۇقىرى تۆلەم تۆلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شۇ چاغدا موڭغۇللار بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئالغان بايلىق ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى. پەقەت ئولجا ئالغان ئالتۇنلارنىڭ ئۆزىنىلا 300 تۆگىگە ئارتىپ ماڭدۇ.

1258 ـ يىللىرى چىڭگىزخاننىڭ ئوغلى ھۇلاگۇخان 120 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرى كۈچ بىلەن باغداتقا يېقىنلاپ كېلىدۇ. ئۇ دىجلە دەريا ياقىسىدا باغداتقا ھۇجۇم قىلىشتىن بۇرۇن ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ ئەسكىرى كۈچىنى سىناش ئۈچۈن تىڭتىڭلاپ ياتىدۇ. ئەمما خەلىپىدىن ھېچ بىر قارشىلىق كەلمىگەندىن كېيىن دەريادىن ئۆتۈپ باغداتقا ھۇجۇم قىلىدۇ. موڭغۇل لەشكەرلىرى باغداتنى ئالغاندىن كېيىن ھۇلاگۇ خەلىپىنىڭ ئوردىسىدىكى خەزىنىلەرنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ۋە خەلىپىنى ئالدىغا چاقىرىپ «ئەگەر سەن مۇشۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنى ساقلاپ ئولتۇرغانىڭنىڭ ئورنىغا ئۇنى خەلققە خەجلەپ، ئەسكىرى كۈچۈڭ ئۈچۈن ئاجراتقان بولساڭ، قورال ياساپ ھەر بىر پۇقرانىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ۋەتىنىڭنى ساقلىغان بولساڭ بىز ھەرگىزمۇ دەريانىڭ ئۇ قاتىدىن بۇياقىغا ئۆتەلمىگەن بولاتتۇق. ئەمدى شۇ جېنىڭدىن ئەزىز كۆرۈپ ساقلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر سېنى قۇتۇلدۇرۇپ باقسۇن!» دېگەن ۋە ئۈچ كۈن ئاچ قويۇپ خەزىنىدىكى

ئالتۇنلارنى ئېرىتىپ ئاغزىغا قۇيغان ۋە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن قەتلى قىلىپ دەرياغا تاشلىۋەتكەن. ئەڭ يامىنى نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام ئالىمىنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن كۇتۇپخانىلار كۆيدۈرۈلۈپ، كۆيدۈرۈلۈشتىن ئامان قالغان ئاجايىپ ئېسىل نادىر جىلد-جىلد مۇقەددەس كىتابلار دىجلە دەرياسىدا ھالاك بولغان. نەتىجىدە بەش يۈز يىگىرمە ئىككى يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ سەلتەنىتى ئاخىرلاشقان.

يۇقىرىدا بايان ئەيلىگەن دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ۋە ئەتراپىدىكى پەيلاسوپ، ئالىم، شەيخ، ئۆلىما ۋە زالىم ھۆكۈمدارلار جۈملىدىن بىر تەرەپتىن موڭغۇل زۇلمىغا ئۇچرىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئەھلىسەلىپ ئۇرۇشلىرىدىن ۋەيران بولغان خەلقىنىڭ ئاھۇزارلىرى جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا ئالاھىدە تەسىر قىلغان. ئەنە شۇ تارىخنىڭ رىئال قىسمەتلىرى جالالىدىن رۇمىنى بىر دەرۋىش، بىر مۇتەپەككۇر، بىر شەيخ، بىر شائىر، بىر ئارىف، بىر ئاشىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئادەملەر ھەممە دەۋردە ئوخشاشلا غايىپ پەردىسىدىن ھالقىپ ئىستىقبالنى كۆرۈشنى، ھازىرغا قاراپ كەلگۈسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىشىدۇ. ئەمما مۇنداق بىر قابىلىيەت ھەممە ئادەمدە بولمايدۇ. دۇنيانى قانچىلىك كۆپ چۈشەنگەن ئادەمنىڭ زىھنى شۇنچىلىك ئايدىڭ بولىدۇ. جالالىدىن رۇمى شۇ دەۋرلەرنى تولۇق ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن بارلىق ئىنسانلارغا مۇھەببەت بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنىڭدىكى سۆيگۈ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ قارايتتى، بارلىق ئۆسۈملۈكلەر، جانىۋارلارمۇ سۆيۈشنى بىلىدۇ. لېكىن ئۇلار يالغۇز تېنى، تاشقى پوستى بىلەنلا

سۆيەلەيدۇ. ئەمما ئىنسانلار تېنى، ئەقلى، ئىدراكى ھەم

خىيال خاتىرىسى بىلەن سۆيۈشكە قادىر. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلار ھەمدە بارلىق تەبىئەت ئۇلۇغدۇر دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ بارلىق مەۋجۇدىيەتكە نەپرەت بىلەن ئەمەس بەلكى مۇھەببەت ۋە ئىشق بىلەن قارايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە، نەسىھەتلىرىدە ۋە سۆھبەتلىرىدە ئۇلۇغ ئاللاھقا بولغان ئىشقنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە شەھەر ئاھالىسىنىڭ تۆۋەن تەبىقىلىرىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە بولغان نارازىلىقى ۋە مەناغا ئەمەس شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىدىغان تاشتەك قېتىپ قالغان دىنىي ئەقىدىلەرگە قارشى كۆز قاراشلىرىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شائىر ھايات چاغلىرىدا ھەر خىل تەقىپ ۋە ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان، جاھىل نادان مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى دىن ۋە شەرىئەتكە زىت دەپ ئېلان قىلغان ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىناۋىتى ھەر ۋاقىت ئۇنى جىسمانىي ۋە روھىي جازالاردىن ساقلاپ قالغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنگىچە خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ كەلمەكتە.

# 4. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر قىلغان شەخسلەر

مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىلدى قاتىل،
ناھەق تۆتۈپ ھەق ئىشلارنى قىلدى باتىل.
مۇرىت پىرگە قىلمايدىلار يۈز ئۇ خاتىر،
ئەجەپ شۇملۇق زامانلار بولدى دوستلار.
(ئەخمەت يەسەۋى)

جالالىدىن رۇمى ئەسەرلىرىدە ئوقۇغان ۋە پايدىلانغان كىتابلىرى ھەمدە تەپەككۇرىغا تەسىر قىلغان شەخسلەر توغرىسىدا بىشارەتلەر بار. جالالىدىن رۇمى كىچىك چېغىدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشقا ئىنتايىن ھېرىسمەن بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرلىرىدىن باشلاپلا دادىسى باھائەددىن ۋەلەدنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن چىقماي كىتاب ئوقۇيتتى. دادىسىنىڭ تەربىيەسى جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنىڭ كېڭىيىشى، چوڭقۇرلىشىشىدا ناھايىتىمۇ بۈيۈك رول ئوينىغان. باھائەددىن ۋەلەد ناھايىتىمۇ بىلىملىك ئادەم بولۇپ ئۆز ۋاقتىدا «سۇلتانۇل ئۆلىما» دەپ نام ئالغان بۈيۈك ئالىملاردىن ئىدى. باھائەددىن ۋەلەد خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شاگىرتلىرىدىن شەيخ نەجمەددىن كۇبرانىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىدى. شۇڭا بىز جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئۇل سالغۇچىلىرىدىن بولغان شائىر خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ

تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان دەپ قارايمىز. ئۇندىن باشقا يەنە جالالىدىن رۇمى ئائىلىسى بىلەن بەلختىن ئايرىلىپ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلانغان چاغدا دەسلەپكى بېكەتلىرىدىن بىرى بولغان ئىراننىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان نىشاپۇردا شائىر فەرىددىن ئەتتار بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن «ئەسرارنامە» (سىرنامە) ناملىق كىتابنى ھەدىيە ئالىدۇ ۋە بۇ كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدۇ. بۇلاردىن شائىر فەرىددىن ئەتتارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارايمىز. يەنە شۇنىڭدەك جالالىدىن رۇمى شامغا ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن بارغاندا ئىبنى ئەرەبى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن تەلىم ئالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ «ۋەھدەتى مەۋجۇد» يەنى «بارلىقنىڭ بىرلىك» تەلىماتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئون ئىككى يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتتىن كېيىن سەلجۇقلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى كونياغا كېلىپ يەرلىشىدۇ. كونيادا سەمسەددىن تەبرىزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن جالالىدىن رۇمىنىڭ ھاياتىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. شۇڭا سەمسەددىن تەبرىزى جالالىدىن رۇمىنىڭ ھاياتىدا ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىرىشلەردە ئوينىغان رولى ئىنتايىن زور دەپ قارايمىز.

دېمەككى جالالىدىن رۇمى ياشىغان زامان ۋە ماكاندا قابىلىيەتلىك ئالىملار ناھايىتى كۆپ ئىدى ھەمدە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى ناھايىتىمۇ يۈكسەك ئىدى. قوشنا ئەللەردىكى خەلقىنىڭ سىياسىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئاساسەن ئوخشاشلىق بار ئىدى. ھەممىسىنىڭ تەقدىر قىسمىتىدە ئانچە چوڭ پەرق يوق بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشايتتى. ھەممىسى دېگۈدەك موڭغۇللارنىڭ دەھشىتىنىڭ ئاستىدا قالغان بىر زامان ئىدى. بۇ ئەقىدە بەلۋاغلىرىدىكى ئوخشاشلىق ۋە تارىخىي قىسمەتلەردىكى ئورتاقلىق جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاساسىي ئامىل

ھېسابلىنىدىغان ئىدىيە، غايە، بەدىئىي تەپەككۇر ۋە پەلسەپە جەھەتتە ئۆز ئارا مايىللىقىنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە شەكىل، ئۇسلۇپ ھەتتا بايان قىلغان ھېكايىلەرنىڭ مەزمۇنى جەھەتتىمۇ ئورتاقلىق ھاسىل قىلغان ئىدى.

بىز تۆۋەندە جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھاياتىدا ئاساسلىق ئورۇن ئالغان تۆۋەندىكى تۆت مەشھۇر شەخس توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز.

## 1. خوجا ئەخمەت يەسەۋى

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەخمەت بىن ئىبراھىم بىن ئىلياس يەسەۋى. يەسەۋى تەخەللۇسى بىلەن تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنىڭ ئۆلگىلىرىدىن بىرى بولغان «ھەزرىتى تۈركىستان» نامى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. خوجا ئەخمەت يەسەۋى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنئۇي تۈرۈكى بولۇشقا مۇناسىپ شەخس بولۇپ، بىز ئۇيغۇرلار ئىپتىخارلىق تۇيغۇمىز بىلەن ئەسلەيدىغان ئۇلۇغ ئالىمدۇر.

زامانىدا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەڭ داڭلىق شاگىرتلىرىدىن بىرى بولغان مەنسۇر ئاتا دېگەن كىشىنىڭ نەسلىدىن كەلگەن يازغۇچى ھازىنى دېگەن كىشىنىڭ يېزىپ، ئوسمانلى پادىشاھى مۇرات خانغا (1574 ـ 1595) تەقدىم قىلغان «جەۋاھىرۇل ئەبرار مىن ئەمۋاجىل بىھار» ناملىق ئەسەردە ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ شەرقى شىمالىدىكى 176 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سايرام دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، بۇ يەرلەرنىڭ تەڭرىتاغ باغرىدىكى جىلغىلارغا تۇتىشىدىغانلىقىنى، بۇ جىلغىلاردىن شاھيار دەرياسىنىڭ ئاقىدىغانلىقى، بۇ دەريا شەرققە قاراپ ئېقىپ لوپنۇر كۆلىگە قۇيۇلىدىغانلىقى، يەنە بىر تارمىقى بولسا تارىم دەرياسىنىڭ ئاساسلىق غولى ئىكەنلىكى يېزىلغان ئىكەن. يەنى ئەخمەت

يەسەۋى 1093-يىللىرى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئاقسۇغا قاراشلىق باي ناھىيەسى ئەتراپىدىكى سايرام دېگەن يەردە تۇغۇلغانلىقى ئېنىق بولۇپ، كېيىن ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن بۇخارا تەرەپكە كېتىپ، ھازىرقى قازاقىستانغا تەۋە بولغان تۈركىستاندا 1166-يىللىرى ۋاپات بولغان بولۇپ، بۇ يەردە ھەيۋەتلىك مەقبەرىسى بار.

ئەخمەت يەسەۋى ياشىغان دەۋرلەر قاراخانىلار ھۆكۈم سۈرگەن زامانلار بولغاچقا، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى تۈركىستان دەپلا ئاتايتتى. شۇڭا ئەخمەد يەسەۋى شېئىرلىرىدا «تۇغۇلغان يېرىم ئول مۇبارەك تۈركىستان» دېگەن مىسرالارنى يازغان ئىدى. قازاق خەلقى تارىختىن بېرى «يەسى» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان يەرنى ھازىر «تۈركىستان» دەپ ئاتاپ، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ تۇغۇلغان يېرىنىڭمۇ قازاقىستان ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇل سالدى.

ئۆزبەك خەلقى ئەخمەت يەسەۋىنىڭ بۇخارادا ئىلىم ئالغانلىقى ۋە ئۇ يەردە مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كېيىن نۇرغۇن ئالىملارنى تەربىيەلەپ چىققىنىغا ۋە چىمكەنت ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئەسلىدىنلا ئۆزبەك خەلقىنىڭ ياشاپ كەلگەن زېمىنلار ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، ئەخمەت يەسەۋىنى ئۆزبەك مىللىتىدىن دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئۆزبەك دوپپىسى كەيگەن رەسىملىرىنى تارقىتىپ، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ روھىنى ئۆزبەك خەلقى ئىچىدە ياشنىتىۋاتىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئەخمەت يەسەۋىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلىپ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئۇنىڭ نامىدا ئۇنىۋېرسىتېتلارنى قۇرۇپ، ھەيۋەتلىك ھەيكەللىرىنى تۇرغۇزۇپ، مەقبەرىسىنى قايتا كاتتا رېمونتلاتقۇزۇپ، ئەسەرلىرىنى بېسىپ تارقىتىپ، مەكتەپلەردە ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەسەرلىرىنى دەرسلىككە كىرگۈزۈپ، بۇ ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى زامانىدىن قالغان قاغجىراپ

كەتكەن روھىيەت دۇنياسىنى قايتىدىن كۆكەرتىۋاتىدۇ. ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىدىيەسىگە بولغان باغلىقلىقى ئارقىلىق مىللىي ۋە دىنىي كىملىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قاراپ يول ئېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەممىمىزنى سۆيۈندۈرىدىغان، بىز ئۇيغۇرلارنى پەخىرلەندۈرۈپ، ئىپتىخار تۇيغۇمىزنى ئاشۇرىدىغان بىر ھەقىقەت.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانى ھېكمەت»تە قوللانغان تىل ۋە ئىپادىلىگەن مەزمۇنلار ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن «دىۋانى ھېكمەت»تىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېلىنغان شېئىرلارنى ئوقۇپ 80% چۈشەندىم. بۇ كىتابتا قوللانغان تىلنى تۈركلەر چۈشىنەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەخسۇس تۈرك تىلىدا ئىزاھات بەرگەن ئىكەن.

يەسەۋىنىڭ بۇ كىتابىنىڭ ۋە ئىدىيەلىرىنىڭ تۈرك دۇنياسىدا تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى ئۆز ۋاقتىدىكى ئالىملار ئەسەرلىرىنى شۇ زامانىنىڭ مودا تىللىرىدىن بولغان ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا يازغان بولسا، ئەھمەت يەسەۋى تۈرك تىلىدا (ئۇيغۇرچە) يازغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تۈرك تىلى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ۋە دەرگاھلىرىدا مىڭلارچە شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يېزا-قىشلاقلىرىغىچە تارقىلىشىدا، ئەمەللىيلىشىشىگە زور تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ «دىۋانە ھېكمەت» ناملىق كىتاپ تۈرك ئوغۇز بويلىرىدا مۇقەددەس كىتاب بولۇپ قالغان.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ دادىسى شۇ زامانىدىكى داڭلىق ئالىملاردىن بىرى بولغان شەيخ ئىبراھىمدۇر. ئانىسى ئايشە خانىمدۇر. ئەخمەت يەسەۋى يەتتە ياشقا كەلگەندە دادىسى ئىبراھىم ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا ئانىسى ئايشە خانىم ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ بۇنىڭ بىلەن كىچىك ئەخمەت ئۆزىدىن بىرقانچە ياش چوڭ بولغان ھەدىسى گۆھەر شاھناز

بىلەن يېتىم قالىدۇ.

گۆھەر شاھناز يەتتە ياشلىق ئەخمەتكە ھەم ئانا ھەم دادا بولىدۇ. گۆھەر شاھناز ئىنىسى ئەھمەتنى ئېلىپ، ھازىرقى قازاقىستاننىڭ چىمكەنت يېنىدىكى يەسى دېگەن يەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى داڭلىق ئالىم ئارسلان ئاتا دېگەن كىشىگە ئەھمەت يەسەۋىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بېرىدۇ.

بۇ توغرۇلۇق ئەخمەت يەسەۋى «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ 16 ـ شېئىرنىڭ 6 ـ كۇپلىتىنىڭ 1 ـ مىسراسىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

«غارىبلىغىدە ئارسلان بابام ئىزلەپ تاپتى» دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يەسى دېگەن يەرگە مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ۋە ئارسلان بابانىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى قەيت قىلغان. شۇنىڭدەك يەتتە ياشلىق ئەخمەت ئۆزىنىڭ يۇرتىغا بولغان سېغىنىش ۋە مۇھەببىتىنى 16 ـ شېئىرنىڭ 5 ـ كۇپلىتىدا مۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

غارىبلىغدا يۈز يىل تۇرسا ئەرۋر مىھمان،

تاخت ئۇ باخت ئۇ بوستانلارى ئەرۋر زىندان.

غارىبلىغدا قۇل بولدى ماھمۇت سۇلتان،

ئەي يارەنلەر غۇربەت ئىچرە كۆيدۇم مەنا.

ئەخمەت يەسەۋى ئارسلان بابا ۋاپات بولغىچە ئۇنىڭدىن ئىلىم ئۆگىنىدۇ. ئارسلان بابادىن ئەھلى بەيت سۆيگىسى ۋە بۇ توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇ 24 ياشقا كىرگەندە ئارسلان بابا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

ئەخمەت يەسەۋى ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇر

ئالىــم ئەبــۇ ناســىر فارابــى (870 ـ 950) نىــڭ كــۆز ئالدىــدا باغداتتــا مۇتەئەسســىپ مولــلىــلار تەرىپىدىــن دارغــا ئېســىلغان، تەســەۋۋۇپ پەلسەپىســىنىڭ ئاساســچىلىرىدىن بىــرى بولغــان مەنســۇر ھەللاجىنىــڭ ناھــەق ئۆلۈمــى توغرىســىدىمۇ ئەســىرىدە ئۇچــۇر بېرىــپ ئۆتكــەن.

(99 ـ شېئىر 5 ـ 4 ـ 3 ـ مىسرالار)

مەنسۇر بىر كۈن يىغلىدى ئەرەنلەر رەھىم ئەيلەدى

چىلتەن شەربەت ئىچۈردى مەنسۇرغا مېھرىنى سالىپ

مەنسۇر ئايتۇر «ئەنەل ھەق» ئەرەنلەر ئىشى بەرھاق

موللىلار ئايتۇر نەھاق كۆڭلىگە يامان ئالىپ

ئايتماگىل «ئەنەل ھاق» دەپ كافىر بولدى مەنسۇر دەپ

كۇران ئىچرە بۇلدۇر دەپ ئۆلتۈردىلەر تاش ئاتىپ.

ئەخمــەت يەســەۋى 27 ياشــقا كىرگەنــدە ئوتتــۇرا ئاســىيانىڭ سىياســى، ئىقتىســادىي ۋە مەدەنىيــەت مەركىــزى بولغــان بۇخاراغــا ئىلىــم ئۆگىنىــش ئۈچــۈن ســەپەر قىلىــدۇ. قاراخانىــلار زامانىــدا بۇخــارا ھەقىقەتــەن ئىلىم ـ پەننىــڭ بۆشــۈكى ئىــدى.

بۇخــارادا ئىلىــم ئۆگىنىــپ 34 ياشــقا قــەدەر ئۆزىنــى ھــەر جەھەتتىــن يېتىشــتۈردى. 34 ياشــتىن كېيىــن رەســمى ئالىــم بولــۇپ شــېئىر يازىــدۇ ۋە ھېكمەتلىــك ســۆزلەرنى سۆزلەشــكە باشــلايدۇ. بۇنىــڭ بىلــەن ئەخمــەت يەســەۋىنىڭ شــېئىرلىرى پۈتۈن تــۈرك دۇنياســىغا تارقىلىشــقا باشــلايدۇ. ئــۇ زامانــلاردا ئوتتــۇرا ئاســىيادىكى تــۈرك مىللەتلىــرى يېڭــى مۇســۇلمان بولغاچقــا ۋە

ياكى مۇسۇلمان بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر قەۋم بولغاچقا، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىزگە بولغان سۆيگۈسىنى ۋە ئۇنىڭغا چىن دىلى بىلەن باغلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئەڭ چوڭقۇر مەناسى بىلەن شەرھىيلەپ ئۆتىدۇ.

«دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسەردە ئىسلامنى «تۆت ئىشىك» نەزەرىيىسى بىلەن شەرھلەيدۇ، يەنى شەرىئەت، تەرىقەت، مەرىپەت ۋە ھەقىقەت. ھەربىر ئىشىكنى 10 پىرىنسىپ بويىچە ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «تۆت ئىشىك» نەزەرىيىسىگە ئوخشايدىغان ئۇقۇملار ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ئارىسىغا يېيىلغان شامان دىنىدىمۇ بار بولۇپ، ئىسلام دىنىغا كىرىش پۈتۈنلەي ئۆز مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىش ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، تۈركلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىشىنى تېزلەتكەن. بۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ بەزى شامان دىنىغا ئائىت ئادەتلەرنىڭ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىشىنىڭ سەۋەپلىرىدىن بىرى يەسەۋىزىمنىڭ ئېپادىسىدۇر. بۇ ئادەتلەرنىڭ بەزىلىرى يەسەۋىنىڭ ئىزىنى بويلاپ تۈركىيە ۋە بالقانلارغىچە يېتىپ كەلگەن.

ئۇ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ 19 - شېئىرىنىڭ 9 - مىسراسىدا «تۆت ئىشىك» نەزەرىيىسىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

شەرىئەتنىڭ بوستانىدا جەۋلان قىلدىم

تەرىقەتنىڭ گۈلزارىدا سەيران قىلدىم

ھەقىقەتتىن قانات تۇتۇپ تايران قىلدىم

مەرىپەتنىڭ ئىشكىنى ئاچتىم دوستلار

ئەخمەت يەسەۋى ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدا تەڭ باراۋەرلىكنى تەرغىپ قىلغان. ئۇ ھاياتىدا مىڭلارچە ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرۈپ، تۈرك دۇنياسىنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئەۋەتىپ ئىدىيىسىنى تارقاتقۇزغان. ئۇنىڭ شېئىرى ھېكمەتلىرى ھەرخىل سازلار بىلەن خەلق ئىچىگە قوشاق شەكلىدە كەڭ تارقالغان. بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بەزى تۈرك قەۋملىرى يەسەۋىنىڭ ئەۋەتكەن مۇرىتلىرىدىن مەدەنىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتمەيدىغان ھادىسىلەرنى كۆرۈپ، ئىسلامنى ئۇڭايلا قوبۇل قىلغان.

يەسەۋىنىڭ مۇرىتلىرى بارغانلا يەرلىرىدە ھاياتىنى جانلاندۇرغان. قۇرغاق يەرلەرگە بېرىپ سۇ ئىنشائات ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرسا، شەھەرلەردە تىجارەتچىلەرگە سودا ئىشلىرىدىن دەرسلەرنى بېرىپ، سودا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغان ۋە تاغلىق رايونلاردا قوراللىق ئامانلىقنى ساقلاش خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئۇ يەرلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ھەقىقىي يورۇق يۈزىنى خەلق ئىچىدە نامايەن قىلىپ، خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىلغان.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئىلىم ئادەملىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ روھىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن تۈركلەر ئاناتولىيەنى ئىگەللەپ بۈيۈك سەلچۇقلار ئىمپېراتورلىقىنى قۇرغان. بولۇپمۇ موڭغۇل ئىستىلاچىلىرىغا قارشى جەڭلەردە ئەخمەت يەسەۋىنىڭ روھى تۈرك ئالپلىرىغا مەنىۋى جەھەتتىن يار-يۆلەك بولغان.

يەسەۋى مەكتەپلىرىدە يېتىشىپ چىققان ئوقۇغۇچىلاردىن سارى سالتۇق ئالتۇن ئوردا خاقانى بەركەيى ۋە باش قوماندانى

نوگاينى مۇسۇلمان قىلغان. ئۆزبەك خاننى مۇسۇلمان قىلغان تۆكلۈ بابامۇ يەسەۋىنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. جالالىدىن رۇمىنىڭ دادىسىنىڭ ئۇستازى شەيخ نەجمەددىن كۇبرامۇ ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇرىتلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۆز دەۋرىدىكى تەسەۋۋۇپچىلار، مۇتەپەككۇرلار، شائىرلار، ئالىملاردىن ھاجى بەكتاش ۋەلى، يۇنۇس ئەمرە، مەۋلانا جالالىدىن رۇمى قاتارلىقلارمۇ يەسەۋىنىڭ ئىزباسارلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىدىن ئىدى. گەرچە ئەخمەت يەسەۋى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ تەسىرى ئاناتولىيەگىچە يېتىپ كەلگەن. ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئوسمان غازىنىڭ قېيىن ئاتىسى ئەدە بالىمۇ يەسەۋىنىڭ ئاناتولىيىنى مەنىۋى فەتھە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن مۇرىتلىرىدىن ئىدى. شۇڭا ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىزباسارلىرى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىدىيەلىرى تۈرك دۇنياسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئۇرۇلغان تامغا بولۇپ، يۈز يىللاردىن بېرى ئۆچمەي داۋاملىق يۈكسىلىپ، تۈرك ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى ئىلغار ئىدىيەلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان جالالىدىن رۇمىدەك ئۇلۇغ تەسەۋۋۇپچىلار ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىدىيەلىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرىدىن دۇردانىلەر:

ئەھلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق

پادىشاھلار ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق

دەرۋىشلەرنىڭ دۇئاسىدا ئىجابەت يوق

تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىگە ياغدى دوستلار

ئاخىر زامان ئالىملىرى زالىم بولدى
خۇشامەتنى ئايتقۇچىلار ئالىم بولدى
ھاقنى ئايتقان دەرۋىشلەرگە غانىم بولدى
ئاجەب شۇملۇق زامانەلەر بولدى دوستلار

دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر جاھان مالىنى ئالغانلار
كەركەس قۇشتەك بولۇبان ئول هارامغا باتمىشلار

موللا مۇفتى بولغانلار يالغان فەتۋا بەرگەنلەر
ئاقنى قارا قىلغانلار ئول تامۇغا كىرمىشلەر

قازى ئىمام بولغانلار ناھەق داۋا قىلغانلار
ئول ھىماردەك ئولۇبان يۈك ئاستىدا قالمىشلار

ھارام يېگەن ھاكىملار رۇشۋەت ئالىپ يېگەنلەر
ئۆز بارماقنى تىشلەبەن قورقۇپ تۇرۇپ قالمىشلار

تاتلىق تاتلىق يېگەنلەر تۈرلۈك تۈرلۈك كىيگەنلەر

ئالتۇن تاخت ئۇلتۇرغان تۇپراق ئاستىدا قالمىشلار

مۆمىن قۇللار سادىقلار سىدقى بىرلە تۇرغانلار
دۇنيالىقنى سەرپ ئېتىپ ئۇچماق ھۆرىن قۇچمىشلار

قۇل ھاجى ئەخمەت بىلمىشسەن ھاقىقى يولىغا كىرمىشسەن
ھاقىقى يولىغا كىرگەنلەر ھاقىقى دىدارىنى كۆرمىشلەر

مەنىڭ ھېكمەتلىرىمنى دەرتسىزگە ئېيتما
باھاسىز گۆھەرىمنى نادانغا ساتما!

## 2. فەرىدۇددىن ئەتتار

پارس نەسلىدىن بولغان داڭلىق شائىر فەرىدۇددىن ئەتتار 1119 ـ يىللىرى نىشاپۇردا دۇنياغا كەلگەن. شائىر ئەتتار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىنى قازانغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ”مەنتىقۇت تەير“، ”مىراجنامە“، ”تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا“، ”بەختىيارنامە“ ۋە ”ئەسرارنامە“، ”قۇشلار تىلىدىن“ ناملىق ئەسەرلىرى بار. شائىرنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ شائىرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئالاھىدە تەسىر قىلغان. بولۇپمۇ ناۋايى

ۋە ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنىنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىگە ئالاھىدە تەسىر قىلغان. بىزنىڭ بۇ يەردە زىكىر قىلىدىغىنىمىز جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا بولغان تەسىرى.

دۇنيادا ھېچقانداق تاشقى تەسىرگە ئۇچرىمىغان، يەككە-يىگانە پەقەت ئۆزىگىلا خاس يېپىق ھالدىكى بىر تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئىگە كىشى مەۋجۇت بولمىسا كېرەك. ئەنە ئاشۇنداق كىشى بولمىغىنىدەك جالالىدىن رۇمىمۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن باشلاپلا شائىر ئەتتارنىڭ ئەجايىپ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەتتارنىڭ ئەسەرلىرى تەسىرىنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا ئىدىيەسى، تەپەككۇر شەكلى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولالمىغان. بولۇپمۇ شائىر ئەتتارنىڭ تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ تەسىرى جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

جالالىدىن رۇمى ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە بەلختىن ئايرىلىپ نىشاپۇرغا كەلگەندە شائىر فەرىدۇددىن ئەتتار بىلەن دىدارلىششىقا مۇشەررەپ بولغان. ئەينى چاغدا نىشاپۇردا پارس ئەدەبىياتى ئىنتايىن گۈللەنگەن بولۇپ، ھەرقانداق سورۇندا، مەجلىسلەردە خەلق قوشاقلىرى، ئاشىقلار ھەققىدىكى داستانلار، نەزمىلەر ئېيتىلىپ سورۇن ئەھلىنى ھاياجانغا سالاتتى. ئەنە ئاشۇ دەۋرلەردە نۇرغۇن شائىر ۋە ئالىملار يېتىشىپ چىققان بولۇپ فەرىدۇددىن ئەتتار ۋە ئۆمەر ھەييام قاتارلىقلار ئاشۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ئىدى. ئەنە ئاشۇ ئالىم ۋە شائىرلار خەلقنىڭ مەيلى ماددى ئالەمنى، مەيلى مەنىۋى دۇنياسىنى بىلىشتە ئەقىل-مەنتىقى ۋە ھېسسى-تۇيغۇ يوللىرىنىڭ باراۋەر تەڭ ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقان.

جالالىدىن رۇمى دادىسى سۇلتانۇل ئۆلىما بىلەن شائىر ئەتتارنى ئىزدەپ بارغاندا شائىر بىر غارنى ئۆزىگە پانا جاي قىلغان ئىدى. چۈنكى ئەينى چاغدا نىشاپۇردا ”سۇلتانۇل ھەققەت يار“ دەپ نام ئالغان، ”مەنتىقۇت-نەيىر“ ناملىق

مەشھۇر ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى شائىر ئەتتار مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ”يولدىن ئازغان“ دېگەن ئەيىبلەشلىرىگە ئۇچراپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، شەھەرنىڭ يىراق چەتلىرىگە قوغلانغان ئىدى. شۇڭا شائىر شەھەر سىرتىدىكى بىر غارنى ماكان تۇتۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ پاك گۆھەرلىرىنى قەلبىگە پۈكۈپ، ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىنسانلارنىڭ يېتىلىش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە لېكىن زىنھار ئەمەلدار، دۆلەتمەنلەرنى مەدھىيىلەپ قەلىمىنى بۇلغىماي ياشىغان بىر سىما ئىدى.

مانا ماشۇ كۆرۈشۈشتە شائىر قەلەمگە ئالغان ”ئەسرارنامە“ ناملىق ئەسىرىنى ئۆسمۈر جالالىدىنغا تەڭلەپ تۇرۇپ:”سېنىڭ مۇھەببەتكە تولغان قەلبىڭدە دۇنيا قەلبى ئوت ئالغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى ھەقىقەت تەشنالىرىنىڭ يۈرىكىدە يالقۇنلىنىدۇ“ دېگەن سۆزنى قىلغان. ”ئەقىلغا ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز“ دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. ئىلىمگە ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان ئاتەشتەك مېھرى ـ مۇھەببەت جالالىدىن رۇمىنى ھەقىقەتنىڭ يولىغا باشلىغان. ئۇ شۇندىن كېيىن شائىر ئەتتار سوۋغا قىلغان كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان بولغان. كېيىن ئۆزىنىڭ ”مەسنەۋى“ ناملىق ئەسەرلىرىدە شائىر ئەتتارنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ نامىنى بىرقانچە يەردە زىكرى قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

”ئەتتار روھ بولدى، ئىككى كۆزى چاقنىغان چاقماق،

ئەتتاردىن كېيىن، بىزمۇ بولدۇق چاقنىغان چاقماق“

جالالىدىن رۇمى يەنە ”ئەسرارنامە“ ناملىق كىتابتىكى بەزى ھېكايىلەرنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆرنەك قىلىپ ئېلىپ، ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيەلەرنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق گۈزەل بىر بەدىئىي شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن ”مەسنەۋى“ دىكى بىر شاتۇتىنىڭ ھېكايىسىنى

ئەسلىدە ”ئەسرارنامە“ دىكى بىر ھېكايىدىن ئالغانلىغىنى مەن ”ئەسرارنامە“ ناملىق ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا بايقىدىم.

”بىر سودىگەرنىڭ ناھايىتى ماھارەتلىك بىر شاتۇتى بار ئىكەن. بۇ شاتۇتى قەپەزدە ماھپۇس ئىكەن. بىر كۈنى سودىگەر ھىندىستان تەرەپكە سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن تەيارلىق قىپتۇ ۋە يولغا چىقىش ئالدىدا مەرتلىك بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرگە ”مەن سىلەرگە ھىندىستاندىن نېمە ئالغاچ كېلەي؟ ئۆز ئارزۇلىرىڭلارنى ئېيتىڭلار“ دەپتۇ. ھەر كىم ئۆز ئىستەكلىرىنى دەپتۇ. سودىگەرمۇ ھەممىسىگە سوغا ئەكىلىدىغانلىغى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپتۇ.

سودىگەر قەپەزدىكى شاتۇتىدىنمۇ: ”ئەي چىرايلىق، ئەقىللىق قۇشۇم؛ سەن نېمە ئارزۇ قىلىسەن؟ نېمە ئىستىسەڭ، مەن ھىندىستاندىن شۇنى سەن ئۈچۈن ئالغاچ كېلىمەن“ دەپ سوراپتۇ.

شاتۇتى مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: ” ھىندىستان دېگەن ئۇ يىراق ئەلدىمۇ بەلكى شاتۇتىلار باردۇر. ئەگەر بولسا مېنىڭ بۇ ھالىمدىن ئۇلارنى خەۋەردار ئەيلە“ دەپتۇ. ۋە يەنە مۇنداق تەسىرلىك سۆزلەرنى قىپتۇ:

”مېنىڭ قەپىزىمدە سولاقلىق چارىسىز بىر شاتۇتى بار. ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ قۇش بىزنىڭ ماھپۇسىمىز. ئۇ ھەرۋاقىت سىلەرنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، سىلەرنى سېغىنىدۇ. ئۇ قۇش سىلەرگە ئوتلۇق سالام يوللىدى ۋە سىلەردىن ياردەم سورىدى. بىر ئامالىنى، بىر قۇتۇلۇش يولىنى قىلىشىنى ئىستىدى دېگىن ۋە يەنە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېگىن:

”مەن سېغىنىش، ھەسرەت ئوتى ئىچىدە كۆيۋاتقاندا، سىلەرگە ئەركىن پەرۋاز قىلىش يارىشامدۇ؟ مەن قەپەزگە سولاقلىق تۇرغاندا، سىلەرگە ياپ-يېشىللىقا، گۈل-گىيالارغا پۈركەنگەن باغلاردا ئەركىن ئۈچۈپ يۈرۈش يارىشامدۇ؟ بۇ

مەن ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ دوستلارنىڭ ۋاپاسى مانا مۇشۇنداق بولامدۇ؟ سىلەر گۈل باغچىسىدا ئويناپ-كۈلۈپ يۈرگەندە، مەندەك ھەرۋاقىت كۆزىدىن قان ياش تۆكۈلۈۋاتقان بىچارە قۇشنى ئەسلەپ قويۇڭلار! ئەي ھەشەمەتلىك سۆيۈملۈك دوستلار! سەھەر-ئاخشاملىرى ئىچىدىغىنىم كۆڭلۈمنىڭ قاندۇر. مېنىڭ پەرياتلىرىمغا ئىچىڭلار ئاغرىسا، مېنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەھ شاراپ ئىچىپ قويۇڭلار. بۇ مېنىڭ زەرداپ كۆڭلۈم ئۈچۈن بىر ھىممەتىڭلار بولسا ئەگەر، ئاشۇ تۇپراققا مەرھەمەت قەدەھلىرىدىن بىر يۇتۇم يەرگە تۆكۈڭلار.“

سودىگەر، قەپەس ئىچىدىكى مەھكۇم شاتۇتىنىڭ لەختە-لەختە بولغان يۈرىكىدىن چىققان ھەسرەتلىك سۆزلىرىنى ئېلىپ، ھىندىستانغا ساق-سالامەت يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆز ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، بىر كۈنى باغلارنى ئارىلاپتۇ. بۇ يەردە بىرقانچە شاتۇتىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئەكەلگەن سالاملىرىنى، ئامانەت ئالغان سۆزلەرنى ئۇلارغا دەپتۇ. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋاتقان شاتۇتىلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى تىترەپ - تىترەپ ئۇڭدىسىغا چۈشۈپلا، شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپتۇ. كۆز ئالدىدىلا يۈز بەرگەن بۇ تىراگېدىيەنى كۆرگەن سودىگەر، شاتۇتىنىڭ سالامىنى ئەكەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان قىپتۇ ۋە ”بۇ شاتۇتىنىڭ ئۆلۈمىگە مەن سەۋەبچى بولدۇم“ دەپ قاتتىق ئىزتىراپ چېكىپتۇ.

”بۇ قۇشنىڭ بەلكى مېنىڭ قۇشۇم بىلەن تۇققاندارچىلىقى بار بولۇشى مۇمكىن. بەلكى بۇلار ئىككى بەدەن بىر جاندۇر. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلغاندىمەن. نېمە ئۈچۈن ئۇ خەۋەرلەرنى ئەكەلگەندىمەن. بىچارە قۇشنى ئەكەلگەن خەۋەرلىرىم ئارقىلىق ئۆلتۈردۈم.“ دەپ ئۆز-ئۆزىگە قاقشاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ سودىگەر ھىندىستاندىكى بارلىق ئىشلىرىنى پۈتتۈرۈپتۇ ۋە ئالغان سوغا سالاملىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ. سودىگەر ئائىلىسىگە كېلىپلا ھەر

بىرسىنىڭ ئارزۇلىرى بويىچە ھەدىيەلەرنى تارقىتىپتۇ.

تاقىتى ھېچ قالمىغان شاتۇتى سودىگەرگە قاراپ: ”مېنىڭ ھەدىيەم نەدە؟ نېمە كۆرگەن بولساڭ شۇنى سۆزلە“ دەپتۇ.

سودىگەر: ”بولدى قىل، تا ھازىرغىچە سۆزلىگىنىمگە، سۆزلەيدىغىنىمغا پۇشايمان مەن. ئاشۇ گەپلەرنى قىلغان تىلىم تۇتۇلسۇن، پۇشايماندىن بارماقلىرىمنى چىشلىدىم. بىلىمسىزلىكىمدىن، ئەخلاقسىزلىقىمدىن ئاشۇنداق بولمىغۇر بىر خەۋەرنى، نېمە ئۈچۈن يەتكۈزدۈم، نېمە ئۈچۈن دېدىم دەپ ھازىرغىچە ئۆز-ئۆزۈمگە ئاچچىقلىنىپ تۇرۇۋېتىمەن“ دەپتۇ.

شاتۇتى: ”خوجايىنىم، نېمە ئۈچۈن پۇشايمان قىلىسەن، بۇ ئاچچىقنا، بۇ گۇمانغا سەۋەپ بولغان زادى نېمە؟“

سودىگەر: ”سېنىڭ ھېكايىلىرىڭنى ئېيتتىم. ساڭا ئوخشايدىغان بىر توپ شاتۇتىلارغا بىر-بىرلەپ ئاڭلاتتىم. ئىچىدىن بىرسى، سېنىڭ دەردلىرىڭنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى-دە، ئۆتى يېرىلىپ، تىترەپ - تىترەپ ئۆلدى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلدىم، نېمە ئۈچۈن سۆزلىدىم دەپ كۆپ پۇشايمان قىلدىم. ئەمما، دەيدىغاننى دېگەن تۇرسام، پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كېلەمتى!“

شاتۇتى، ئۇ شاتۇتىنىڭ ئىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تىترەپ-تىترەپلا ئوڭدىسىغا يىقىلىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. سودىگەر شاتۇتىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىدىكى تۇمىقىنى ئېلىپ، پىقىرتىپ يەرگە ئېتىپتۇ. باشلىرى قىيىپ كېتىپتۇ. شاتۇتىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ياقىسىنى يىرتىپ، پۇشايمان قىپتۇ.

" ئاھ گۈزەل شاتۇتىم، ئەجەپمۇ چىرايلىق ئاۋازىڭ بار ئىدى. ساڭا نېمە بولدى؟ نېمە دەپ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭ؟ ئەي مېنىڭ يېقىملىق سايرايدىغان قۇشۇم، مېنىڭ سىردىشىم، مۇڭدىشىم!" دەپ نالە قىپتۇ.

مانا مۇشۇنداق دات-پەرياتلارنى قىلغان سودىگەر قەپەزنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، شاتۇتىنى ئېلىپ، قەپەزدىن چىقىرىپتۇ. قەپەزدىن قۇتۇلغان شاتۇتى دەرھال قانات قېقىپ ئۇچۇپ بېرىپ، بىر دەرەخ شېخىنىڭ ئۇچىغا قونۇپتۇ. قۇياش تاڭ سەھەردە چىقىپلا قانداق يۈكسەكلەرگە كۆتۈرۈلگەن بولسا، شاتۇتىمۇ شۇنداق يۈكسەكلەرگە قاڭقىپتۇ.

سودىگەر شاتۇتىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قاپتۇ ۋە بېشىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ:

"ئەي مۇبارەك قۇش، ھالىڭنى ئاڭلات، بىزمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەيلى" دەپتۇ.

شاتۇتى مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: "ئۇ قۇشنىڭ قىلغان ئىشلىرى ماڭا ئەقىل بەردى. ئۇ قۇش ماڭا قەپەزدىن، ئاسارەتتىن قانداق قۇتۇلۇشۇمنىڭ يولىنى ماڭا كۆرسەتتى. سېنىڭ ئەسىرىڭ بولۇپ بىر ئۆمۈر ياشىغاندىن ئۆلۈپلا قۇتۇل دېدى" دەپتۇ.

ۋە يەنە : "ئەل ۋىدا خوجايىنىم! ئەمدى مەن كېتىدىغان بولدۇم، سەنمۇ بىر كۈنلەردە ۋەتىنىڭگە كېتەسەن. ئەل ۋىدا! سەن ماڭا مەرھەمەت قىلدىڭ. مېنى قاراڭغۇ زىنداندىن ئازات قىلدىڭ" دەپ نازاكەتلىك بىر ئىككى ئېغىز گەپ قىلغاندىن كېيىن "خەيرى خوش، ئامان بولغىن!" دەپ، قانات قېقىپ، كۆككە پەرۋاز قىپتۇ.

سودىگەر: «تەڭرى سېنى ئامان قىلسۇن! كەت. سەن ماڭا، بىر يول كۆرسەتكۈچى بولدۇڭ» دەپتۇ.

سودىگەر ئۆز-ئۆزىگە مۇنداق دەپتۇ:

«بۇ ئىشلار ھەممىمىزگە ئىبرەت بولسۇن. كويزا-كېشەندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەقىلنى ئىشلىتىش لازىم. مېنىڭ روھىم، ئۇ شاتۇتىنىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس. شۇڭا بۇ جان بولسا روھنى ئۆزىگە قۇۋۋەت مەنبەسى قىلىش كېرەك.»

1221-يىلى 10-ئاپرېل چىڭگىزخان قوشۇنلىرى نىشاپۇرغا باستۇرۇپ كەلگەندە، شەھەردىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان تۆت يۈز ھۈنەرۋەندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى چېپىپ تاشلىغان ئىدى. شەھەر تۈپتۈز تۈزلىۋېتىلدى. قالغانلارنىمۇ ھايات قالدۇرماسلىق ئۈچۈن بۇ ۋەيران بولغان خارابىزارلىقتا بىر قىسىم موڭغۇل لەشكەرلىرىنى قاراۋۇللۇققا قويغان ئىدى. مانا ماشۇ چاغدا ساقال-بۇرۇتى چىرماچ ئۆسۈپ كەتكەن، مازلىرى چۈۋۈلۈپ تۇرغان چاپان كىيگەن، ئورۇقلاپ قاق سۆڭەك بولۇپ نىم جان ھالغا چۈشۈپ قالغان شائىرنىمۇ بىر موڭغۇل ئەسكەر ئەسىرگە ئالغان ئىدى. مۇشۇ چاغدا خەلقتىن بۇ بوۋاينى ئەۋلىيا دەپ ئاڭلىغان بىرسى ئۇ نۆكەردىن مىڭ دەرھەم پۇلغا شائىر ئەتتارنى سېتىۋالماقچى بولغان. مۇنداق بىر ۋەزىيەتتە شائىر ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئەكسى ھالدا مەن بۇنىڭدىنمۇ كۆپ پۇلغا يارايمەن مېنى ساتما دەپ ساتقۇزمىغان. كېيىن ئۇ نۆكەر شائىرنى بىر دەرھەم پۇلغىمۇ ساتالمىغان. ئەسكەرنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن باشقا موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئۇنى مازاق قىلىپ: «بۇ قېرى مايمۇننىڭ ئۈچۈن بىر قاپ سامان بېرىمەن» دەپ كوچىدا توۋلىغان. شائىر ئەمدى بۇ ئالەمدىن ۋىدالىشىشنىڭ پەيتى كەلدى دەپ ئويلاپ «مېنى تىزرەك سېتىۋەتمىسەڭ بولمايدۇ. مەن ئاشۇ بىر قاپ ساماندىن ئوشۇقلا يارىمايمەن» دەپ نۆكەرنىڭ جېنىغا تەككەن. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان موڭغۇل نۆكەرى تىرىككىنىدىن قىلىچىنى

قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ شائىرنىڭ ئاجىز بەدىنىنى مۇبارەك بېشىدىن جۇدا قىلغان. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئۆلمەس بىباھا ئەسەرلەرنى يازغان ۋە نۇرغۇن ئىلىم ئادەملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ئالىم، شائىر، مۇتەسسەۋۇپ فەرىدۇددىن ئەتتار ئەنە ئاشۇنداق پاجىئەلىك ھالدا بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن خوشلاشقان. شائىر ھايات چاغلىرىدا ئۆز بېشىغا كېلىدىغان بۇ تراگدىيەلىك قىسمەتلەرنى خۇددى بىلگەندەك مۇنداق نەزمە يازغان ئىكەن.

”غايىبلىق ئالەمدىن ئۆرلىدىم ئۆچتۈم،
بۇ پانىي جاھانغا يېتىشتىم، چۈشتۈم.
پىنھان سىرلىرىمنى بىلمىدى ھېچكىم،
جاھاندىن مېھرىسىز، ئۈلجىسىز كەتتىم.“

شائىرنىڭ ”ئەسرارنامە“ ناملىق ئەسىرىدىن دۇردانىلەر:

”بىر ئەزىز كىشى بار ئىدى. ئاتمىش ياشقا كەلگىچە ھېچ گۆش يېمەي بۇ ھاياتىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتاتتى. گۆش يېسە يەيتى. ئەمما، نېمىشقىدۇ بۇ مەجھۇل نەپسىگە ئىشەنمەي كەلگەن ئىدى. بىر كۈنى ئۈزاقلاردىن بىر گۆشنىڭ پۇرىقى كەلدى. بۇ كاۋاپنىڭ پۇرىقىغا چىدالمىغان نەپسى كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ مۇنداق دېدى: ”ئاتمىش ياخشىقا كەلدىڭ. تا بۈگۈنگىچە ماڭا ھېچ گۆشنىڭ تەمىنى تېتىتىپ باققۇزمىدىڭ. تەڭرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاشۇ پۇراقلىرى كېلىۋاتقان كاۋاپتىن بىر زىق يېگۈزگەن بولساڭ!“

ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىدى نەپسىگە. ئورنىدىن تۇرۇپ كاۋاپنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. كاۋاپنىڭ پۇرىقى زىندان تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئادەم زىنداننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى قاقتى. دەرۋازىۋەن زىندان ئىشىكنى

ئاچتى. قارىغۇدەك بولسا گۈندىپايلار مەھكۇمنىڭ پاچىقىنى داغلاۋاتاتتى. داغلانغان پاچاقتىن كاۋاپنىڭ پۇرىقى چىقىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ئادەم ھوشىدىن كېتىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. قۇشلاردەك يىقىلغان يېرىدە تىپىرلىدى. ئادەم ئاچتى ئاغزىنى، يۇمدى كۆزىنى: ”ئەي پەسكەش نەپس! كاۋاپ دېگەن ئىدىڭ، ئالە ئەنە كاۋاپ! ئۇزاقلاردىن كاۋاپنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغان ئىدىڭ، كاۋاپنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە قالدىڭ. ئەزىزلەرنىڭ كاۋاپلىرى ئەنە ئاشۇنداق بولىدۇ. سەن ئۆزەڭچە شۇنداق ئاسان چاغلاپ قالغان ئىدىڭمۇ؟“

بىر بىلگى بوۋاي ئېشەك بىلەن يۈك توشۇيدىغان ئېشەكچىگە مۇنداق دېدى: ”ھەي كۈچلۈك ئادەم! قىلىۋاتقان ئىشىڭ قانداق بىر ئىش؟“ جاۋاپ بەردى ئېشەكچى: ”مەن ئېشەكچىلىك قىلىمەن. ئېشەكچىلىكتىن باشقا بىر ئىش بىلمەيمەن. بىلگى مۇنداق دېدى: ”تەڭرىدىن شۇنداق تىلەيمەنكى، ئەمدى ئۆلسۇن ئېشەكلىرىڭ! ئېشەكلىرىڭ ئۆلدىمۇ، كۆڭلۈڭ جانلىنىدۇ، روھىڭ تىرىلىدۇ، ئاندىن سەن تەڭرىگە قۇل بولىسەن.“

”بىر ئالىم مەجلىستە ئۇخلاپ قاپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا بىر ساۋاتسىز نادان بۇ يەردە ناماز قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن شەيتان ئىچىدە مۇنداق ئويلاپتۇ: ”ھەي ئەگەر ئاشۇ ئۇخلاۋاتقان ئالىمدىن قورقمىغان بولسام ناماز قىلىۋاتقان نادانىنى مومدەك يۇمشىتىپ، يولدىن ئازدۇرغان بولاتتىم“

”بىرسى كېلىپ بىلگىدىن مۇنداق سوال سوراپتۇ: ”ئالەم دېگەن نېمە؟“

بىلگى مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: ”ئالەم سوپۇن كۆپىكىدۇر. ئۇ كۆپۈكنى ئېلىپ پۈۋلىسەڭ، ئىچىدىن ئالەم كۆرىنىدۇ. ناھايىتى سىنچىلاپ كۆزەتسەڭ رەڭمۇ-رەڭ گۈزەل شەكىللەرنى كۆرەلەيسەن. شۇنچىلىك جەلىپكار بىر شەكىلدۇر بۇ. ئەمما، بىردەمدىلا ھاۋادا يوق بولۇپ،ئادەمنى گاڭگىرتىپ قويىدۇ“

مانا بۇلارنىڭ ئاساسى ”ھەر نەرسىنىڭ يوق بولىشىدۇر“. ئوتتۇرىسى ھاۋا، ئۆزى بولسا بىر ھېچتىن ئىبارەتتۇر. قانچىلىك زورلىساڭمۇ بىر ھېچتىن ھېچ چىقماس. پانى كۆرۈنىدۇ، ئۈشتۈمتۇت يوق بولىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيا بىر ھېچتۇر، ھېچ دۇنيادا غايىپ بولىدۇ.

”كۆڭۈل نۇرى چىقسا ئوتتۇرىغا، يا كۆزۈڭگە ئىشىك كۆرۈنمەيدۇ ياكى دېرىزە. ھەممىسى كۆڭۈلدە زەررىچىدەك غايىپ بولىدۇ. ھاسا مۇسانىڭ قولىدا ئەجدىھا بولدى. بارلىق باتىل نەرسىلەرنى يوق قىلىپ، يەنە ھاسا بولدى. بۇ سۆزلەرنى ئوچۇق سۆزلىدىم. ئەمدى كۆزۈڭنىڭ ئالدىدىكى پەردىنى قايرىۋەت. ئەگەر بۇ پەردىنى يىرتىۋەتسەڭ ھەممە نەرسە بىر كۆرۈنۈپ، بىر بىلىسەن. كاشكى ئەتتار تاتلىق سۆزلۈك بولغان بولسا ئىدى، بۇ سۆزلەردىن ئۆز نېسىۋىسىنى ئالغان بولسا. مەنا تاللىرىدا بىر مېۋە بولمىسا، سەن بۇنداق پەرۋاسىزلىق بىلەن مەنالىق سۆزلەرنى ئېيتالمايسەن.“

”بىر زامانلاردا ناھايىتىمۇ باي ئەمما، ئىنتايىن پىخسىق بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن. ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ مال ـ دۇنيا يىغقان ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ خەسىس ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن ۋاپادار خوشنىسى بىر تېۋىپنى چاقىرىپ، كېسەلنىڭ يېنىغا باشلاپ كىرىپتۇ. تېۋىپ ئۆيگە كىرسە، يەردە ياشانغان بىر كېسەلچان بوۋاي ياتقۇدەك. بوۋاينىڭ ھالى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، بەدىنى تەر ۋە پاسكىنچىلىقتىن ئۆلۈكتەك سېسىق پۇراپ كېتىپتۇ. تېۋىپ كېسەلگە بىر قاراپلا نەچچە كۈنلۈك ئۆمرىنىڭ قالغانلىقىنى پەملەپتۇ. يەنە شۇنداقتىمۇ دورا قايناتىپ سەۋەپ قىلماقچى بوپتۇ. قارىسا خەسىس بوۋاينىڭ يېنىدا ئاغزىنى لاي بىلەن ناھايىتى چىڭ قىلىپ ئېتىۋەتكەن بىر بوتۇلكا گۈل سۈيى تۇرغۇدەك. تېۋىپ بوتۇلكىنى ئېلىپ،

ئاغزىنى ئېچىپ، گۈل سۈيىنى ئاغرىق خەسىس بوۋاينىڭ يۈزىگە سېپىشنى ئويلاپ، بوتۇلكىنى قولىغا شۇنداق ئېلىشىغا خەسىس بوۋاي: ”ھەرگىز ئاغزىنى ئاچماقچى بولما. ئەگەر ئاغزىنى چىقارساڭ، خۇددى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئالغاندەكلا بولىسەن. گۈلسۈيىنىڭ مىزىلىك پۇرىقىدىن كۆڭلۈم ئايىنىدۇ. گۈل سۈيىنى چاچما ماڭا، جانىم ئۇت ئىچىدەدۇر“ دەپتۇ ۋە بۇ سۆزلەرنى دەپلا جان بېرىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ. ئۇ دۇنيادا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئاللا بىلىدۇ. بۇ خەسىس ئادەمنى يۇيۇپ-تاراپ يەرلىكىگە قويۇپتۇ. ھايات چاغلىرىدا ئاغزىنى ئېچىپ پۇراشقىمۇ پىخسىقلىق قىلىپ كۆڭلى ئۇنىمىغان ھېلىقى گۈل سۈيىنى، خوشنىسى ئەكىلىپ قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە چېچىۋېتىپتۇ. گۈل سۈيى قەبرىنىڭ ئۈستىدىكى توپىنى نەمدەپتۇ. ھايات چېغىدا بىر تامچىسىنى پۇراشقا كۆزى قىيمىغان خەسىسنىڭ ئۆلۈكى ئۈستىگە ئېتىلغان قارا تۇپراق ئەمدىلىكتە گۈل سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ ئۈستىگە تىكەنلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ.“

## 3. مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى

ئىبنى ئەرەبى جالالىددىن رۇمى بىلەن زامانداش بولۇپ، ئۇنىڭ پىكىرلىرى، ئىدىيەلىرى جالالىددىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر قىلغان. جالالىددىن رۇمى شامغا ئىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن بارغاندا ئىبنى ئەرەبى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە سۆھبەتلەردە بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئۆگەي ئوغلى سەدرىددىن كونەۋى جالالىددىن رۇمىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىن بىرى ئىدى. جالالىددىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدە بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» يەنى «بارلىقنىڭ بىرلىكى» تەلىماتىدا ئىبنى ئەرەبىنىڭ

تەسىرى ناھايىتى زور. ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئاساسلىق يولى ئاللاھقا بولغان ئىشق يولىدۇر، كۆڭۈل يولىدۇر. جالالىدىن رۇمى دەل مانا شۇ يوللارنى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بۇ يوللارغا ئاشىقنىڭ ھاياجىنىنى قاتقان.

بۈيۈك ئىسلام ئالىمى، مۇتەپەككۇر، مۇتەسەۋۋۇپ ئىبنى ئەرەبى 1165 ـ يىللىرى ئىسپانىيەنىڭ مۇرسىيە شەھىرىدە بىر دىنىي ئۆلىما ھەمدە مەنسەپدار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، سەككىز ياشقىچە دىنىي ساۋاتلىرىنى چىقىرىپ ياخشى بىر ئائىلە تەربىيەسىنى قوبۇل قىلغان. ئەنە شۇنداق قىلىپ يىگىرمە سەككىز ياشقىچە ئانا ۋەتىنى ئىسپانىيەدە ياشىغان. ئاندىن شىمالى ئافرىقىغا بېرىپ ئۇ يەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە جاھان كەزگەن. كېيىن مەككىگە كېلىپ قىرىق ياشقىچە بۇ مۇبارەك شەھەردە ياشىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسەرلىرىنى مانا شۇ مۇقەددەس زىمىندا قەلەمگە ئالغان. ئاندىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاناتولىيە، ئىراق، سۈرىيە قاتارلىق يەرلەردە ياشىغان. بۇ جەرياندا سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى كونيادا بولغان ۋە سۇلتان ئالائىددىن كەيكۇباتنىڭ ئەقىل دانىشمانى بولۇپ سۇلتانغا كۆپ ياردەم قىلغان. ئەنە شۇ دەۋرلەردە سۇلايمان شاھ ئوغلى ئەرتۇغرۇل غازىغا كۆپ ياردەمدە بولغان. ئۇنىڭغا سىياسىي ۋە دىنىي جەھەتتىن توغرا يول كۆرسەتكەن ۋە ئەرتۇغرۇل غازىنىڭ ئوغلى ئوسماننىڭ يېڭى بىر دۆلەت قۇرىدىغانلىقى ۋە بۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن جاھانغا ھۆكۈمدارلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئالدىن بىشارەت بەرگەن. ئىبنى ئەرەبىنىڭ مەنىۋى دەستىكى بىلەن ئەرتۇغرۇل غازى ھېچ ئۈمىدىنى يوقاتماي داۋاملىق ئاناتولىيە تۇپراقلىرىدىن غەرپكە يۈرۈش قىلىپ كۆچمەن ئوبالارغا يېڭى زىمىن بەرپا قىلغان. موڭغۇل زۇلمىدىن قېچىپ تىرە ـ پىرەن بولۇپ ۋەيران بولغان تۈركمەن خەلقلىرىگە ۋە رۇم دىيارىدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقلەرگە ئۈمىد يولىنى كۆرسىتىپ، يېڭى بىر جەمئىيەت، يېڭى بىر دۆلەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان، كۆڭۈل يارىلىرىغا سۆيگۈ مەلھەملىرىنى سۈرگەن. ئەڭ ئاخىرىدا سەلتەنەتلىك ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان. مانا شۇ ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئىبنى ئەرەبى ۋە جالالىدىن رۇمىلارنىڭ مەنىۋى تۆھپىسى ئىنتايىن زور.

«شەيخ ئەكبەر» دەپ نام ئالغان ئىبنى ئەرەبىنىڭ «بارلىقنىڭ بىرلىكى» تەلىماتى ئەينى چاغدىكى بەزى دىنى مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. شۇنداق بولسىمۇ ئىبنى ئەرەبى ئىرادىسىدىن يانماي نۇرغۇن مۇرىتلارنى تەربىيەلەش بىلەن بىرگە تەخمىنەن 500 دىن ئارتۇق كىتاب يازغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇگۈنگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى 245 بولۇپ، ئەڭ كۆپ مۇنازىرە قوزغىغانلىرى «فۇسۇسۇل ھېكەم ۋە فۇتۇھاتى مەككىيە» ناملىق ئەسەرلىرىدۇر. ئىبنى ئەرەبى ئەسەرلىرىنى ئەرەپچە يازغان بولۇپ بۇ ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. مەن تۈرك تىلىدىكى «راھمان» ۋە «رەھىم» ناملىق ئىككى ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە نۇرغۇن ئېسىل خاتىرىلەرنى قالدۇردۇم.

ئىبنى ئەرەبى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىنى سۈرىيەنىڭ شام شەھرىدە ئۆتكۈزگەن. ئەمما شامدىكى جاھىل، نادان، ھەق يولىدىن ئايرىلغان خەلقنى توغرا يولغا باشلايمەن دەپ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارغا ئۇچرىغان. ھەتتا ئاخىرىدا ئىبنى ئەرەبىنى دەۋرىنىڭ نادان موللىلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بۇ توغرىسىدا بىرنەچچە خىل ھېكايە بار. مەن بۇ ھېكايىلەرنىڭ بىر ۋارىيانتىنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئەينى چاغدا شام خەلقى مال-دۇنياغا ناھايىتى ھېرىسمەن بولۇپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆزى مال-دۇنيادىن باشقا نەرسىنى تونىماس ھالغا كەلگەن. بۇ ھالنى كۆرگەن ئىبنى ئەرەبى خەلققە ۋەز ئېيتىپ نەسىھەت قىلغان ۋە نادان خەلققە ئاچچىقلاپ پۇتى بىلەن يەرنى قاتتىق تېپىپ تۇرۇپ

ۋارقىراپ مۇنداق دېگەن: «سىلەر چوقۇنغان نەرسە مېنىڭ ئايغىمنىڭ ئاستىدا.» بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان خەلق «سەن بىزنىڭ ئېتىقادىمىزغا ھاقارەت قىلدىڭ» دەپ قاتتىق غەزەپكە كەلگەن ۋە بىرلىشىپ قازىغا ئەرز قىلغان. ئەينى چاغدا قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگەن مۇتەئەسسىپ موللىلار ئەمدى پۇرسەت كەلدى دەپ بىلىپ، ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئۆلۈمىنى ۋاجىپ دەپ قارىغان. ئىبنى ئەرەبىنى «كۇپۇرلۇق» قىلدى دەپ قاراپ، قازىلار ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. بىراق ئادالەتپەرۋەر ئەرەنلەر ئىبنى ئەرەبىنى مەخپىي جايغا يوشۇرۇپ تا ۋاپاتىغىچە ناھايىتى ياخشى كۈتۈپ ساقلىغان. بۇ جەرياندا يېقىن دوستلىرى ئۇنىڭدىن «نېمىشقا دېگەن سۆزۈڭگە تۆۋە قىلمايسەن؟» دېگەندە، ئىبنى ئەرەبى ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزنى ئېيتقان: «سىن شىنغا كىرگەندە سىرىم ئاندىن ئېچىلىدۇ.» ئەمما ئەينى چاغدا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ھېچكىم بىلمىگەن. ئاردىن تەخمىنەن 300 يىل ئۆتكەندە ئوسمانىيە ئىمپېراتورى ياۋۇز سۇلتان سەلىم (1470 ـ 1520) مىسىردىن يېنىپ شامغا كەلگەن. شامدا ئەسكەرلەرنىڭ راسخوتىغا كېتىدىغان مالىيەنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ ئىبنى ئەرەبىنىڭ كىتابىنى ئوقۇغان. دەل شۇ چاغدا كىتابىنىڭ ئالتۇن قۇرلىرى ئارىسىدىن «سىن شىنغا كىرگەندە سىرىم ئاندىن ئېچىلىدۇ» دېگەن سۆزگە كۆزى چۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەقلىلىق سۇلتان تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغان. ئەرەپچىدىكى «سىن» ھەرپى بولسا سۇلتاننىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى «س» بولۇپ، ئەرەپچىدىكى «ش» ھەرپى بولسا «شام» نىڭ باش ھەرپى «ش» ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ سىرنى ئېچىشقا بەل باغلىغان ۋە دەرھال ئىبنى ئەرەبىنىڭ قەبرىسىنى ئىزدەشكە پەرمان چۈشۈرگەن. ئەينى چاغدا ئىبنى ئەرەبىنىڭ قەبرىسىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چۈنكى ئۆز ۋاقتىدا دوستلىرى ئىبنى ئەرەبىنىڭ جەسىتىنى يوشۇرۇن ھالدا ناھايىتى ياخشى بىر مۇراسىم بىلەن تاغ باغرىغا دەپنە قىلغان ۋە كىشىلەرنىڭ دەخلى ـ تەرۇزىدىن ساقلاش ئۈچۈن قەبرىسىنى

تۈپتۈز قىلىپ ئۈستىگە ئوت-چۆپلەرنى ياتقۇزۇۋەتكەن. مانا شۇ سەۋەپ بىلەن بۇ قەبرىنى تا شۇ ۋاقىتقىچە بىلىدىغان ئادەم چىقمىغان. ئەڭ ئاخىرىدا تاغدا قوي باقىدىغان بىر پادىچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بىر سىرلىق يەرنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇ يەر بولسا تاغ باغرىدىكى ئوت-چۆپلەر ناھايىتى قويۇق ئۆسىدىغان جاي ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەردە مال-ئۇلاغلارنىڭ ئوتلىمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ھايۋانلارنىڭ ئۇ يەرگە دەسسىمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلتان دەرھال ئادەملىرىگە ئۇ جاينى قازدۇرغان. راست دېگەندەك ئۇ يەردىن ئىبنى ئەرەبىنىڭ ھېچ چىرىمىغان جەسىتىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرگەن. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ياۋۇز سۇلتان سەلىم ئۇ يەرگە ھەيۋەتلىك قىلىپ ئىبنى ئەرەبىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساتقۇزغان. ئەمدى ئىبنى ئەرەبىنىڭ قەبرىسىنى تاپقان پادىشاھ ئۇنىڭ ھېلىقى سىرلىق سۆزلىرىنىڭ سىرىنى ئېچىشقا بەل باغلاپ، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى شۇ زامانىنىڭ ئەقىللىق دانىشمەنلىرى، ئۆلىمالىرىدىن سورىغان بولسىمۇ ھېچكىم دەپ بېرەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇ سۆزنى قەيەردە دېگەنلىكىنى ئېنىقلاشقا كىرىشكەن ۋە نۇرغۇن ئىزدىنىشتىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ بىر دۆڭلۈك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقان. مانا شۇ پەرەزگە ئاساسەن ئۇ يەرنى قېزىشقا پادىشاھ پەرمان چۈشۈرگەن. ئۇ دۆڭلۈكنى ئازراق قازغاندىن كېيىن يەردىن بىر ئىدىش چىققان. ئۇنىڭ ئىچىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا ئىچىدە ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرىدىغان لىقمۇلىق ئالتۇن تۇرغىدەك. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىبنى ئەرەبىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا خەلققە نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىكەن.

ئىبنى ئەرەبىنىڭ گۈزەل نەسىھەتلىرىدىن ئۈزۈندە:

«ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۆزۈڭنى قۇتقازماقچى بولساڭ، ئۆزۈڭدىن چوڭلارنى داداڭدەك ھۆرمەتلە؛ ئوتتۇرا ياشلىقلارغا تەكەللۇپتا بول؛ كىچىكلەرگە شەپقەتلىك بول؛ مۆمىن

قېرىنداشلىرىڭغا ئاداۋەت ساقلىما. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرىيالمايسەن.»

«قۇلاق بول، تىل بولما. يەنى كۆپ ئاڭلاپ، ئاز سۆزلە. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا شەپقەتلىك بول. مانا بۇ ئىككىسى قۇتۇلۇش ۋە سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.»

«بەزى ئادەملەر قۇرئان ئوقۇسا، قۇرئان ئۇنىڭغا لەنەت ياغدۇرىدۇ. بۇلار ئۆز-ئۆزىگە لەنەت ياغدۇرغۇچىلاردۇر. مەسىلەن: زالىم بىرسى «كۆزۈڭنى ئاچ، ئاللاھنىڭ لەنىتى زالىملارغىدۇر» دېگەن ئايەتنى ئوقۇسا يەنە بىر يالغانچى قىزىل كۆز ئادەم «ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلار ئۈچۈندۇر» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ، ئۆز-ئۆزىگە لەنەت قىلىدۇ.»

«بىلگىنكى، سۆيگۈ مەنسىپى بەكمۇ شەرەپلىك بىر مەنسەپتۇر.

بىلگىنكى، سۆيگۈ مەۋجۇتلۇقنىڭ نېگىزىدۇر.»

«دۇنيادا ئۈچ نەرسىدىن قورق:

ئاللاھتىن، نەپسىڭدىن ۋە ئاللاھتىن قورقمىغاندىن.»

«ھەرگىز قەرزدار بولۇپ قالما. قەرزدار بولغان ئادەم كەچلىرى راھەت ئۇخلىيالمايدۇ، كۈندۈزلىرى خارلىنىپ قالىدۇ. ئىبادەت قىلغاندا دۇنيا زىننەتلىرىدىن بىر نەرسىنى ئىبادەتكە ئارىلاشتۇرما، دۇنيا مەقسەتلىرى ئىنسانلارغا چاپلاشقان كېسەلدۇر.»

«ئۆزۈڭدىن مەغرۇرلىنىشتەك قورقۇنۇشلۇق ئىش يوق. تەپەككۇردىن ياخشى بىر ئىبادەت يوق.»

«نەسىھەت قىلغۇچى تولىمۇ بىلىملىك بولۇشى لازىم.

ھەتتا يالغۇز بىلىملىك بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئەقىل ۋە چوڭقۇر پىكىرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئىشنىڭ باش ئايىغىنى ئويلىيالىشى كېرەك.»

«ھەقىقىي نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ دوستى ئاز بولىدۇ. چۈنكى خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە مال ـ دۇنياغا قىزىققان بولغاچقا، نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ.»

«نادانلىقتىن باشقا گادايلىق يوق، بىلىمدىن باشقا بايلىق يوق!»

«ئىنسانلار تەرىپىدىن كېلىدىغان جەۋر ـ جاپالارغا چىداپ، سەۋر قىل. ھېچكىمنى پەس كۆرمە. ئاچچىقىڭ كەلگەندە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىشنى بىل. زىنھار ئاللاھتىن باشقىسىغا قۇل بولما. ئۇيې ھايۋانلىرىغا، مەسىلەن مۈشۈك، ئىت قاتارلىقلارغا يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلىرىنى ئايىماي بەر. ئۇلار بىزگە ئامانەتتۇر. كۆڭلۈڭدە ھېچكىمگە ئاداۋەت ساقلىما، ئۆچمەنلىك قىلما، ئۆچ ئالما. ساڭا سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭدىن باشقا بىر ياخشى دوست يوق. چۈنكى قىلغان ياخشىلىقىڭدىن باشقىسى سەن بىلەن بىرگە قەبرىگە كىرەلمەيدۇ. قىلغان ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىڭ ھەريەردە، قەبىردە، قىيامەتتە، گۆردە سەندىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئەڭ سەممىي دوستتۇر!»

## 4. شەمسىددىن تەبرىزى

شەمسىددىن تەبرىزى 1185 ـ يىللىرى بۈيۈك ئارىف مالىك داۋۇد ئوغلى ئائىلىسىدە ئەزەربەيجاننىڭ تەبرىز شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۆزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئەقلىي كۈچى بىلەن ھەقىقەتنى ھەققىي مەنىسى بىلەن

تونۇپ يېتىپ، ئاللاھقا بولغان ئاشىقلىق ماقامىغا ئېرىشىپ، ھەقىقەت ۋە مەنا ئەھلى ئەرەنلەردىن بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ياش ـ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېگەن:

«تېخى كىچىك تۇرۇپلا ئىشق دەرياسىدا ئۈزۈشكە باشلىغان ئىدىم. 30 ـ 40 كۈن ھېچ بىر نەرسە يېيەلمەيتتىم. كۈنلەر بويىچە ئاچلىققا چىدىيالايتتىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادام ماڭا «ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ ھالىڭنى ھېچ چۈشىنىپ بولالمىدىم. ھالىڭغا قاراپ ئەنسىرەپ قالدىم. ئىستىقبالىڭ قانداق بولار؟» مەن دادامغا مۇنداق جاۋاب بەردىم: «دادا، سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكى دادا بىلەن بالا مۇناسىۋىتى نېمىگە ئوخشايدۇ بىلەمسەن؟ مەن بۇ سۇئالىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكى ھېكايە ئارقىلىق ساڭا دەپ بېراي.

بىر كۈرۈك مىكيانىنىڭ ئاستىغا توخۇ تۇخۇملىرى بىلەن بىرگە بىر تال غاز تۇخۇمىنى بېسۇرۇپ قويۇپتۇ. نىھايەت ئاز ۋاقىتتىن كېيىن تۇخۇملاردىن ساق ـ سالامەت چۈجىلەر چىقىپتۇ. چۈجىلەر ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن چۈكىلدىشىپ ئەگىشىپ بىر كۆلنىڭ بويىغا قاراپ دالىلاپ مېڭىپتۇ. كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە ھېلىقى غاز تۇخۇمىدىن چىققان چۈجە ھېچ ئىككىلەنمەي كۆلگە سەكرەپتۇ. بۇ كۈتۈلمىگەن پالاكەتنى كۆرگەن چۈجىلەرنىڭ ئانىسى بالىسىنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشىدىن ئەنسىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قاناتلىرىنى كېرىپ، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ دات ـ پەريات قىلىشقا باشلاپتۇ. ھالبۇكى غاز تۇخۇمىدىن چىققان چۈجە سۇدا ناھايىتى خۇشال ھالدا ئۈزۈپ ئويناپتۇ. دېمەك سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پەرق ئەنە ئاشۇنداق.»

شەمسىددىن تەبرىزى ئۇزۇن بىر مەزگىل تەبرىزدە شەيخ ئابابەكرى ساللاباپتىن ئىلىم ئۆگىنىدۇ. ئاندىن قارا دەرۋىشلىك تونىنى كىيىپ ئىران، ئىراق، سۈرىيە ۋە ئاناتولىيەنى كېزىپ يۈرۈپ، ھەر خىل ئىنسانلار بىلەن تونۇشىدۇ. ئىسلام

ئۆلىمالىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ. ئۇ بىر تۈرك دەرۋىش بولۇش سۈپىتى بىلەن جاھان كېزىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىدىيە تىكلەيدۇ، ئادەتتىكى بىر شەيخلىقتىن ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئارىفقا ئايلىنىدۇ.

شەمسىددىن تەبرىزى 1244-يىلى 11-ئاينىڭ 29-كۈنى كونياغا كېلىپ شېكەرچىلەر سارىيىغا ئورۇنلىشىدۇ. مەۋلانا بىر كۈنى مەدرىسىدىن چىقىۋاتقاندا شەمسىددىن تەبرىزى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشتا ناھايىتى مۇھىم دىئالوگ بولىدۇ. يەنى شەمسىددىن بىر كۈنى ناھايىتى چىرايلىق نەقىشلەنگەن، قىممەت باھالىق ئېگەر - توقۇملار بىلەن بېزەلگەن قېچىرنى مىنىپ ھەيۋەت بىلەن كېلىۋاتقان جالالىدىن رۇمىنىڭ ئالدىنى توسۇپ سالام بېرىدۇ ۋە قېچىرنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق سۇئال سورايدۇ:

«دەرھال جاۋاب بېرىپ باق، ھەزرىتى مۇھەممەد ئۇلۇغمۇ ياكى بەيازىد بىستامىمۇ؟»

ئۇشتۇمتۇت سورالغان بۇ سۇئالغا جالالىدىن رۇمى سۇئال ئارقىلىق جاۋاب بېرىدۇ: «بۇ قانداق سۇئال؟ ھەزرىتى مۇھەممەد (سالات ۋە سالام ئۇنىڭغا بولسۇن!) ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر، ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەردۇر. بۇنىڭ بەيازىد بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟»

شەمسىددىن: «نېمە ئۈچۈن ھەزرىتى مۇھەممەد دائىم: يا رەببىم، سېنى ساڭا لايىق بىلىم بىلەن بىلەلمىدۇق دەيدۇ؟ ئەمما بەيازىد: مېنى ئۇلۇغلاڭلار، شانىم نېمە دېگەن بۈيۈك، دەپ ماختىنىدۇ؟»

جالالىدىن رۇمى بۇ سۇئالنىڭ ئالدىدا گويا يەتتە قات ئاسمان بىربىرىدىن ئايرىلىپ يەرگە يىقىلغاندەك، بۈيۈك بىر ئوت بېشىدا يالجىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەپتۇ ۋە بىردەم تەئەججۈپلەنگەندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد پۈتۈن جاھان بارلىقلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بارلىقتۇر. بەيازىد دېگەن كىم ئۇ؟ بەيازىدنىڭ ئۇسسۇزلۇقى بىر يۇتۇم سۇ بىلەنلا قاندۇ، ئۇ چاغدا ئۇسسۇزلۇققا قاندىم دەيدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئىدراك خەزىنىسى ئەنە شۇنچىلىك سۇ بىلەنلا تولدۇ. قۇياشنىڭ پۈتۈن جاھاننى ئايدىڭلاتقان نۇرى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ كىچىك دېرىزىسىدىنلا ئۆتىدۇ ۋە پەقەت شۇنچىلىكلا كىرىدۇ. ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستاپانىڭ ئۇسسۇزلۇقى شۇنچىلىك بۈيۈككى دائىم ئۇسسۇزلۇقتىن سۇغا تەشنا بولىدۇ. ئىچكەنسېرى ئۇسسۇزلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ بارىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشنى نىياز ئەيلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ھەزرىتى مۇھەممەدنىڭ پىكىر-چۈشەنچىلىرى، دەۋاسى بەكمۇ ئۇلۇغدۇر. بەيازىد ئۆزىنى ھەققە ئاتىغان ھالدا كۆرگەندە ئۆزىنى تولغاندەك ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئوشۇقىغا قارىمايدۇ. ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ھەر كۈنى بەكرەك ھەقنى كۆرىدۇ ۋە بۇ كۆرۈش بىلەن تېخىمۇ ئالدىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ. ھەقنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، قۇدرىتىنى، ھەربىر مەۋجۇداتقا ھاكىم بولغان سەلتەنەتىنىڭ پارلاقلىقىنى ھەر كۈن، ھەر سائەت كۆرگەنسېرى ئىشقى ۋە غەيرىتى ئاشىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يا رەببىم، بىز سېنى ساڭا يارىشا بىلىم بىلەن بىلەلمىدۇق» دەپ، دائىم سېغىنىش ۋە ئارزۇ تۇيغۇسىنى ھېس قىلىدۇ.

بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن مەۋلانانىڭ ھاياتىدا ناھايىتى چوڭ بىر بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن تەپەككۇرى شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالىدۇ. مەۋلانا شەمسىددىن تەبرىزىگە مەھكەم باغلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كېچە-كۈندۈز سۆھبەتلەردە بولۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆگەنگەن پۈتۈن بىلىملىرىنىڭ ئاللاھ يولىدىكى بىر ۋاستە ئىكەنلىكىنى تونۇغان ۋە ئۆزىدە «ئاللاھنىڭ نۇرلىرىنى» كۆرۈشكە باشلىغان ۋە مەۋلانا مەدرىسىدىكى پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى توختاتقان ھەتتا ئائىلىسى

بىلەنمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرىشىدىغان بولۇپ قالغان. پەقەت شەمسىددىن دەپ باشقا بىر نەرسە دېمەيدىغان ھالغا كەلگەن. بۇ ئەھۋال ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى راھەتسىز قىلغان ۋە كونيا خەلقى شەمسىددىن تەبرىزگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىغان. بۇ ئەھۋالنى بايقىغان شەمسىددىن تەبرىزى بىر كېچىدە مەۋلاناغا «خوش» دېمەيلا كونيادىن ئايرىلغان. ۋاھالەنكى بۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىمىگەن. مەۋلانا تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ، ئىچكى دۇنياسىدا بورانلار چىقسىمۇ سىرتىدا بىر تال ياپراقنىمۇ مىدىرلاتماي، شەمسىددىننىڭ دەردىدىن ئاھ ئۇرۇپ ياشىغان. مەۋلانانىڭ كۆڭلىدىن كۆڭگە يامانلاشقان بۇ ھالىنى كۆرگەن ئوغلى سۇلتان ۋەلەد شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ شامدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بىر كارۋان بىلەن بېرىپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەن. كەلگەندىن كېيىن مەۋلانانىڭ ئۆگەي قىزى كىميا بىلەن ئۆيلەنگەن. كېيىن شەمسىددىن تەبرىزى قانداقتۇر نامەلۇم رەقىبلىرى تەرىپىدىن 1248 ـ يىللىرى كونيادا ئۆلتۈرۈلگەن. ئەمما بەزى تارىخىي مەلۇماتلاردا شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ ئەجىلى بىلەن ئانا يۇرتى تەبرىزدە 1248 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

مەۋلانە شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزگىچە يېڭى بىر يول تاپقان. ئىجادىيەت يولىغا مېڭىپ شېئىر يازغان، ساما ئوينىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن ئۈلگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۆمرىنى ئاتىغان. ئاخىرى تەسەۋۋۇپنىڭ پىشۋاسىغا ئايلانغان.

جالالىدىن رۇمى ئۆزىنى «خامىتىم، پىشتىم، ياندىم» دەپ ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئىچىدىن كۆيگەن، تېشىنى كۈل قاپلىغان چوغقا ئوخشاپ قالغانلىقىنى بايان ئەيلىگەن. ئەمدى بۇ كۈل قاپلىغان چوغنى بىرسى كېلىپ «پۇف» دېسە قىپقىزىل ئاتەشلىك يۈزىنى پۈتۈن ئالەمگە نامايەن قىلىدىغانلىقى ناھايىتى روشەن ئىدى. دەل بۇ چاغدا بۇ چوغدىكى كۈلنى سادىق شاگىرتى ھېسامىددىن چەلەبى «پۈۋلىگەن».

ھېسامىددىن بىرقانچە مەدرىسىنى پۈتتۈرگەن بىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۆڭلى بىلەن باغلانغان سۆيۈملۈك ئۇستازى مەۋلانانىڭ شائىرلىق تالانتىنى بايقاپ، ھەيران-ھەۋەس بولۇپ، ئۇستازىنىڭ شېئىر، ھېكايە، رۇبائىي ۋە پۈتۈن سۆھبەتلىرىنى يېزىپ قالدۇرۇپ كىتاب شەكلىدە كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا مىراس قالدۇرۇشقا بەل باغلىغان ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلگەن. بۇنىڭ بىلەن مەۋلانانىڭ دۇنياغا مەشھۇر مەسنەۋى، دىۋان-كەبىر قاتارلىق ئەسەرلىرى روياپقا چىققان. بۇ ئەسەرلەردىكى بېيتلارنى مەۋلانا ئۆزى قەلەم بىلەن يازغان ئەمەس، بەلكى مەدرىسىلەردە، يوللاردا، مۇنچىدا، باغلاردا، ساما ئويناۋاتقاندا سۆزلىگەن. بۇلارنى ھېسامىددىن خاتىرلەپ، رەتلەپ ماڭغان. مەۋلانا ھېسسىياتقا تولغان چاغلاردا ئارقا-ئارقىدىن سۆزلىگەن بېيتلىرىنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان، ھەتتا كېچە-كۈندۈز توختىماي شېئىر، رۇبائىيلارنى سۆزلىگەن. ئەمما بەزىدە ئايلاپ ھەتتا ئىككى يىلغا قەدەر ھېچ بىر نەرسە سۆزلىمىگەن چاغلىرىمۇ بولغان.

ئۆز گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، جالالىدىن رۇمىنىڭ ھاياتىدا شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ. جالالىدىن رۇمىنىڭ دۇنياغا مەۋلانا سۈپىتى بىلەن تونۇلۇشىغا ۋەسىلە بولغان ئەڭ مۇھىم شەخس شەمسىددىن تەبرىزى. شەمسىددىن يەنە جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋى»گىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ «ماقالات» ناملىق كىتابى بار. بۇ كىتاب شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ مەجلىسلەردىكى سۆھبەتلىرى، نۇتۇقلىرى ۋە شۇنىڭدەك جالالىدىن رۇمى بىلەن بولغان سۆھبەتلەر ھەمدە مۇرىتلىرىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا بەرگەن جاۋابلىرىدىن تۈزۈلگەن بىر نۇتۇقلار توپلىمىدۇر.

مەن «ماقالات» ناملىق كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ نۇتۇقلىرى ئارىسىدا سۆزلىگەن بەزى

ھېكايىلەرنىڭ جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق كىتابىدىمۇ بارلىقىنى بايقىدىم. دېمەك «ماقالات» بىلەن «مەسنەۋى» ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە باغلىنىش بار. شەمسىددىن تەبرىزى بەزى خاتا كۆز قاراشتىكىلەرنىڭ دېگىنىدەك ئۇنداق ئادەتتىكى دەرۋىش ئەمەستۇر. ئۇ ئەسىرلەردىن بېرى ئىسلام ئالىمىدە يېتىشكەن بۈيۈك مۇرشىتلار ئارىسىدا ئۈستۈن ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىش ئۈچۈن يېتىشىپ چىققان پاك بىر ئارىفتۇر. ئەنە شۇنداق ئۆمرىنى ئىسلامغا، ئىلىم-مەرىپەتكە ئاتىغان بىر ئارىف بولغانلىقى ئۈچۈن جالالىدىن رۇمىدەك زامانىسىدىكى ئەڭ داڭلىق مەدرىسىلەردە مۇددەرىسلىك قىلغان ۋە مۇپتىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋاتقان بىر ئىسلام ئالىمىنى ئۇلۇغ بىر ئىنسان، ئاللاھ ئاشىقى ۋە ئىشق ئوتى بىلەن يانغان ئاشىققا ئايلاندۇرالامتى؟ جالالىدىن رۇمى شەمسىددىن تەبرىزىنىڭ تەسىرى بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشىدىن ۋە مەدرىسىلەردە ئۆتەۋاتقان ۋەزىپىلىرىدىن ۋاز كېچىپ مەنا ئالىمىگە يۈزلەنگەن ئەمەسمىدى؟ شۇڭا شەمسىددىن تەبرىزى ھەرگىز ئادەتتىكى بىر دەرۋىش بولماستىن بەلكى كۆڭلى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەر بىلەن تولغان بىر ئىرپان ۋە ئىرشاد بۇلىقى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز ھەقىقەتتۇر. ئۇ بۈيۈك ئىسلام ئالىمى، ئۇلۇغ مۇتەسەۋۋۇپتۇر. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن گۈزەل شېئىرلىرى، ئىسىل ھېكمەتلىك سۆزلىرى قاغجىراپ كەتكەن مەنىۋىي باغچىمىزنى سۇغۇرۇپ، كۆڭۈل بوستانىمىزدا رەڭمۇرەڭ گۈللەرنى ئاچقۇزماقتىدۇر...

«ماقالات» ناملىق ئەسەردىن ئۈزۈندىلەر:

سۆز ئىش ئۈچۈندۇر، ئىش سۆز ئۈچۈن ئەمەس.

ئىچ ئالىمىمىزدىكى پاسكىنىچىلىقنىڭ بىر زەررىسىمۇ تاشقى پاسكىنىچىلىقتىن يۈز مىڭ قات ياماندۇر. ئىچىمىزدىكى بۇ پاسكىنىچىلىقنى قانداق سۇ پاكىزلىيالايدۇ؟ پەقەت بىر قانچە تامچە كۆز يېشى، لېكىن ھەممە كۆزدىن ئاققان ياش ئەمەس، بەلكى بىر نەرسىنى كۆرەلىگەن ھەقىقىي بىر كۆزدىن ئاققان

ساپ، پاك كۆز ياشلىرى پاكىزلىيالايدۇ.

ئەڭ ئاخىرى مەۋلانا ئۇچۇن بۇ پەردە مەن. مەندىن ۋە خالۋەت (ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز ئىستىقامەت قىلىش) تىن سۆز ئاچمايتتى. ئۆزى بىلەن بىرنەچچە كۈن خالۋەتتە بولۇشىمىز لازىملىقىنى ئېيتتىم ۋە شۇنداق قىلدۇق. قۇياش پۈتۈن ئالەمنى يورۇتتى. ئاغزىمدىن يورۇقلۇقنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن. بىراق ئاغزىمدىن چىققان سۆزلەر نۇرى قارا پەردە بىلەن يۆگەلگەنتى. قۇياشنىڭ يۈزى كۆككە، ئارقىسى خەلققە يۈزلەنگەنتى. كۆك بىلەن يەرنىڭ پارقىراقلىقى قۇياشتىن مەيدانغا كېلىدۇ. قۇياشنىڭ يۈزى مەۋلاناغا، ئۇنىڭ يۈزى قۇياشقا توغرىلانغان ئىدى.

سەنئەت جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ زاماندا دۇنيانىڭ زور بىر قىسمىدا مەۋلاناغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى. بۇ مېتوت، پىكىر، تىل جەھەتتىكى ئۇستىلىق ۋە ياكى مەنتىقە جەھەتتىلەردىن بولۇشى مۇمكىن. كۆڭۈل قويسا ۋە غەم ـ قايغۇ بولمىسا، يۇقىرىدىكى تېمىلاردا ئالىملار بىلەن سۆزلەشكەن ۋاقىتتا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە ھوزۇرلۇق بىر شەكىلدە مۇنازىرىلەشكىلى بولىدۇ. ئەگەر مەن مىڭ يىل ئوقۇسام ۋە تىرىشسام بۇ ئەقىل يولى بىلەن بىلىنىشى كېرەك بولغان دۇنيالىق ئىلىملەردىن بىر تالىنىمۇ ئۆگىنەلمەيمەن. ئەھۋال بۇنداق ئىكەن مەۋلانانىڭ سۆزلىمەسلىكى ئەيىپ ئەمەس. مەن سۆزلەۋاتقان چېغىمدا ھوزۇرۇمدا ئىككى ياشلىق بىر بوۋاقتەك ۋە ياكى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان بىرسىدەك ئاڭلايتتى. بۇ نە قەدەر تەسلىمىيەتنىڭ ئۆرنىكى ھە!

مېنىڭ بۇ ئالەمدە خەلق بىلەن ئانچە ئىشىم يوق. مەن بۇ دۇنيادا ئاللاھ يولىنى كۆرسەتكەن كىشىلەرنى تاللايمەن.

دۇنيا بۇ بەدەندۇر. بۇنى تۈزەش ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلما. قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك قولۇڭدا تۇت، چۈنكى

ئوشۇقى ھېچتۇر. ماڭ، بېرىپ بىر گۈزەل يۈزلۈكنى تاپقىن. ئۇنىڭغا ئاشىق بولمىساڭ باشقا بىرسىنى تاپقىن. پەردىنىڭ ئارقىسىدا نى-نى گۈزەللەر بار. باشقا بىر دىلرەبا بار، ئۇنىڭغا قۇل بول ۋە ۋەسلىگە يەت. سەن پۈتۈنلەي ھۆرمۇ؟ ياق، سەن تېخىچە قوساق ۋە كىيىمنىڭ غېمىدا. ھالبۇكى ھەقىقىي قۇل مۇنداق غەملەرنى قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ رىزقىنى ۋە كىيىمىنى ھەل قىلىدۇ. ئۇ دەرۋىش قانداقمۇ ئۇنداق نەرسىلەرگە ئاشىق بولىدىغاندۇ؟

دەيسەنكى، كۆز ياشلىرىڭ نېمىشقا گۈل رەڭگىگە بويالدى؟ مادەمكى سورىدىڭ، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقىنى ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەي: سەۋدانىڭ قانلىق ياشلىرى كۆڭلۈمگە تۆكۈلدى، ئاندىن كېيىن بېشىمدا جۇشقۇنلىشىپ كۆزلىرىمدىن تېشىپ چىقتى.

گۈزەل بىر گۈلنى، گۈزەل كېچىنى، گۈزەل بىر دوستنى ھەممە ئادەم ئارزۇ قىلىدۇ. ئەمما مۇھىم بولغىنى گۈلنى تىكەنلىرى بىلەن، كېچىنى قاراڭغۇلۇقى بىلەن، دوستنى بارلىق دەرتلىرى بىلەن سۆيمەكتۇر.

شامدەك ئېرىمىسە ئىنسان، «كۆيۈۋاتىمەن» دېمىسۇن. كۆيۈشتىن قورقسا كىشى، «ئاشىق ئىشىكى»دىن كىرمىسۇن.

كىشىلەر «دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ» دەيدۇ. مېنىڭچە ئاغرىتىپ ئېيتىدىغان كىشىنى دوست دېگىلى بولمايدۇ. سېنى ياخشى كۆرمىگەن كىشى جېنىڭنى ئاغرىتىدىغان سۆزلەرنى دەيدۇ. ھەقىقىي دوستىنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزى ئاچچىق بولسىمۇ، سېنىڭ جېنىڭنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن تاتلىق تىل بىلەن ئۇ سۆزلەرنى ساڭا ئاڭلىتىدۇ.

گۈلدەك گۈزەل بول، ئەمما تىكىنىدەك زالىم بولما. بىرسىگە شۇنداق سۆز دېگىنكى، يا ئۇنى ياشات، ياكى ئۆلتۈر. ئەمما ھەرگىز يارىدار قىلما.

سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۆزگەرسە دۇنيا ئۆزگىرىدۇ.

سۆيمىگەنگە چۈمۈلىمۇ يۈك،

سۆيگەنگە پىلمۇ چۈمۈلە.

تاغنىمۇ يۆتكەيدۇ ئىنسان،

ئاشىق بولۇپ ئىشەنگەندە.

ئەي كۆڭۈل شۈك تۇر!

قىش ئۆتۈپ باھار كەلگىچە،

كېچە ئۆتۈپ تاڭ ئاتقۇچە،

ئۈزاق يوللار يېقىنلاشقۇچە،

قىيىن كۈنلەر كېتىپ، خۇشاللىق كېلىپ، يۈزىمىز كۈلگىچە،

ۋىسال كۆز ياشلىرى يۈزىمىزنى نەمدىگىچە، شۈك تۇر!

دۇنيانى ئاخىرەتكە ئەكىتەلمىگەندىكىن، شۇنداق ياشىغىنكى دۇنيا سېنى ئاخىرەتكە ئەكەتسۇن.

بۇ ھاياتتا ھەممە نەرسە بولالىشىڭ مۇمكىن. ئەمما مۇھىم بولغىنى «ئىنسان» بولماقتۇر.

كاشكى سەن مەن بولساڭ، سېنى سۆيۈشىنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىكەنلىكىنى بىلسەڭ.

كاشكى مەن سەن بولسام، بۇنچىلىك ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشىنىڭ پەيزىنى سۈرگەن بولسام.

ھايات چاغدا قەدرىنى بىلمەي، ئۆلگەندىن كېيىن بىلگەننىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق. سۆيگەنلىرىڭلارنى تىرىلدۈرۈشنىڭ يولى، ھاياتىنىڭ ساپلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئىپادە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەجەپ ئەمەلگە ئاشمىدى دەپ زارلانغان دۇئالىرىڭغا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەمەلگە ئاشماي ياخشى بوپتىكەن دەپ شۈكۈر قىلىسەن.

ئاشىقنىڭ تىلى دۇئا. ھەر دۇئا سۆيگىنىمىزگە يېزىلغان مۇھەببەت مەكتۇبىدەك بولىشى لازىم.

تۇر، سىلكىن. ئۈمىدسىزلىككە چۆكمە. ئۈمىدسىزلىك شەيتاندىن، ئۈمىد ئاللاھتىندۇر.

مەۋلانانىڭ «دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسىرىنىڭ زور قىسمى شەمسىددىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئەسەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭدىن سۆز ئاچىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇقىنى، سېغىنىشىنى ئىزھار قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەنىۋى ئاشىقنى ئىزھار قىلىدۇ.

مەسلەن:

شەمسىددىن تەبرىزدىن ئايدەك تۇغۇلۇپ كەلگەندە، قۇياش ۋە ئاي ئۇنىڭغا قۇل بولۇپ خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بەللىرىگە كەمەر باغلاپ دىۋاندا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ شۇنچىلىك پارقىراق يۈزىنى كۆز بىلەن كۆرگەندە، ئىنسانىي كۆزلەر ھەقنى كۆرۈش لاياقىتىگە ئىگە بولدى.

مەلەكلەر ئۇ شاھنىڭ ئالدىدا سەردار، ئوردا خىزمەتكارلىرىدەك سەپ تارتىپ تۇردى. كۆكلەر كۆز ۋە باشلىرى بىلەن ھوزۇرىدا سەجدە قىلدى...

ئــەي تەبرىزنىـــڭ ئىپتىخـــارى شەمســـىددىن! ســېنىڭ خۇمالىــق كۆزلىرىڭدىـــن كەلگـــەن ئىشـــق ئوتـــى دىلىمنىـــى دائىمـــا شـــادىمان ئەيلىـــدى...

شـــەرقنىڭ قۇياشـــى، تەبرىزنىـــڭ ئىپتىخـــارى بولغـــان شەمســـىددىننىڭ ئارقىســـىدىن بۇلۇتتـــەك كۆڭۈللـــەر يۈگۈرەشـــمەكتە...

شەمســـىددىن تەبرىـــزى ئايـــدەك پارقىرىـــدى. يـــاق، ئۇنـــى قانـــداق قىلىـــپ ئايغـــا ئوخشـــاتقىلى بولســـۇن. ئۇنىـــڭ يـــۈزى ئايدىنمـــۇ بەكـــرەك نۇرلۇقتـــۇر.

ئەي ئاي! كۆڭلۈمگە ئوتنى سالغانمۇ سەن،

دوستلار بار، بىراق كۆڭلۈمگە ياققنى سەن.

ئىنسانلار نەۋرۇز ۋە بايراملار بىلەن خوش،

پەقەت نەۋرۇزۇممۇ، بايرىمىممۇ سەن.

كۆڭلـــۈم ســـىرلاردىن خـــەۋەردار بولغانـــدا پۈتـــۈن دۇنيادىكـــى ئىشـــلاردىن قۇتۇلـــدۇم، هـــۆر بولـــدۇم.

شەمســـىددىن تەبرىزىدىـــن ئايرىلغـــان جالالىدىـــن رۇمـــى چوڭقۇر ئىزتىـــراپ ئىچىـــدە «ئەســـلە» ناملىـــق شـــېئىرىنى يازىدۇ:

تاتلىق ئۆمۈردەك كېتىشنى قىلدىڭ نىيەت،

هىجران ئېتىغا ئىگەر توقۇدۇڭ قەستەن.

ئەمما بىزنى ئۇنۇتما، ئەسلە.

ساڭا پاك دوستلار، ياخشى دوستلار، ماس دوستلار،

يەردىمۇ بار، كۆكتىمۇ بار.

كونا دوستلار بىلەن ئىچكەن قەسەمنى ئەسلە.

سەن هەر كېچە تولۇن ئاينى،

بېشىڭغا ياستۇق قىلدىڭ يوللاردا،
تىزىڭدا ياتقان كېچىلەرنى ئەسلە.

سەن نى سۇلتانلارنى ئۆزۈڭگە قۇل،
شېرىندەك گۈزەللەرنى مەپتۇن قىلدىڭ.
ئىشق ئوتىدا كۆيدۈم پەرھاتتەك مەن،
ھىجران تاغلىرىنى تەشكۈدەك بولغىنىمنى ئەسلە.

دېڭىزدەك ئىدىڭ كۆزلىرىمنىڭ گىرۋەكلىرىدە،
مەن ئاشىق تۈزلەڭلىكى ئىدىم كۆز ئالدىڭدا،
زەپەدەك، گۈللەردەك ئىرماش ـ چىرماش.
بۇلارنى ئۇنۇتما، ئەسلە.
ئەي تەبرىزلىك شەمسىددىن،
دىنىم ئاشىقتۇر مېنىڭ، سېنىڭ يۈزۈڭدىن ھەممىنى كۆردۈم.
مېنىڭ دىنىم سېنىڭ يۈزۈڭدە جۇلالىنىدۇ، ئەي سۆيگىنىم.
بۇنى ئۇنۇتما، ئەسلە!

# 5. ئاشىق

قەلەم ھەر نەرسىنى يازىدۇ،
ئاشىققا كەلگەندە بېشى قايىدۇ.
ئاشىقنى چۈشەندۈرۈشتە ئاقىلمۇ ئازىدۇ،
شۇڭا يەنە ئۆنى ئاشىقنىڭ ئۆزى يازىدۇ

ـ مەۋلانا

تەسەۋۋۇپتا ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈچ خىل نەزىرىيە بويىچە شەرھلەيدۇ، يەنى ئىستېتىك نەزىرىيىسى، ئىشق نەزىرىيىسى ۋە گىنوسىئولوگىيە (بىلىش نەزەرىيىسى).

ئىستېتىك نەزىرىيىسى ئاللاھ ئۆز ھۆسنى ـ جامالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك ئورنىدا تەبىئەتنى ياراتقان دېگەن تەلىماتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدە «ئەينەك» ئىبارىسى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقنى ئىنكاس، ئىنكاسنى مەۋجۇدىيەت دېگەن قاراشنى ئەسەرلىرىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەينەك بولمىسا ئۆزىمىزنى ھەرگىز كۆرەلمەيتتۇق دەپ قاراپ تەبىئەتنىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەردە ئاللاھنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ئەسەرلىرىدە تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەردىن تارتىپ بارلىق جانلىقلارغىچە بولغان مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى، شەكىل بولسا ماددىنىڭ كونكرېت ھالىتى، كونكرېت رېئال جىسىم ھەمىشە ھەرىكەتلىنىپ ئۆزگىرىپ، بىر خىل ھالەتتىن ئىككىنچى خىل ھالەتكە ئۆتۈپ تۇرىدىغان رېئال ماددىي ھالەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەسلى مەنبەسى پەقەت بىر

ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى ئوبرازلىق ھالدا دېڭىز سۈيىنىڭ دولقۇنلايدىغانلىقىنى، ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى بىلەن ھور بولۇپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئاندىن ھاۋا بوشلۇقىدا ھور زەررىچىلىرى بىرىكىپ بۇلۇت ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ئاندىن تامچا بولۇپ قايتىدىن يەنە يامغۇر ھالىتىدە تۆۋەنگە چۈشىدىغانلىقىنى، بۇ يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ ئۆستەڭ بولىدىغانلىقىنى، ئۆستەڭلەر قوشۇلۇپ دەريا، دەريالار ئاخىرى يەنە دېڭىزغا قۇيۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر چەمبەر ئىچىدە دائىم بىر سىستېمىغا ئاساسەن توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندىكى ئۆزگىرىش، يوقىلىش ۋە راۋاجلىنىش ھادىسىلىرىنى شەكىلدىكى ئۆزگىرىش، بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئۆتۈش جەريانى. ئەمما ئۇلارنىڭ مەنبەسى يەنىلا بىر دەپ قارايدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا مۇتلەق بارلىق تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان ھەمدە ئەينەك سۈپىتىدىكى تەبىئەتتە كۆرۈنگەن ھۆسنى ـ جامالىنمۇ ئۆزىگە ئاشىق قىلغان. يەنى ئاللاھ تەبىئەتكە ئاشىق، تەبىئەت ئاللاھقا ئاشىق. بۇ تەسەۋۋۇپتىكى ئىككىنچى نەزەرىيە ئىشق نەزىرىيىسىدۇر. شۇڭا جالالىدىن رۇمى ئەسەرلىرىدە ئىشقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. ئۇ «ئىنساننى ئۆزۈڭگە ئاشىق ئەتكەن ئىدىڭ، ئىشق غەلىيانى بىلەن ئالەم بارلىققا كەلدى» دەيدۇ.

تەسەۋۋۇپتا يەنە «ۋۇجۇدى مۇتلەق» بىلىنمەكنى خالىغانلىقى ۋە مۇشۇ سەۋەبتىن كائىناتنى ياراتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇ ئۈچىنچى نەزىرىيە «بىلىش نەزەرىيىسى» دۇر.

شۇڭا تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ھەقنى تونۇش ۋە بىلىش دەپ قارايدۇ. چۈنكى جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا ھەق ئۆزىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كائىناتنى ياراتقان دەپ قارايدۇ يەنى ئۆزىنى تەجەللى قىلغان. شۇڭا تەبىئەتنىكى

بارلىق يەككە بارلىق بولغان ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ئەكس ئەتكەن. ئىنسانمۇ ھەقنىڭ تەجەللىسى، ئۇنىڭدا ھەقنىڭ سۈپەتلىرى ئەڭ مۇجەسسەم ھالدا تەجەللى بولغان. شۇڭا ھەقنى تونۇش ئۆزىنى سۈزۈك تونۇشتىن باشلىنىدۇ، بۇ ئالەمنى بىلىشنىڭ «بىلىش پرىنسىپى».

جالالىدىن رۇمىنىڭ قارىشىچە تەجەللىنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. چۈنكى دۇنيا ھەر دەقىقىدە ئۆزلۈكسىز يېڭىدىن تەجەللى بولۇپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن تەجەللىنىڭ قانداق مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. بىز دۇنيا جىمجىت ھالەتتە تۇرغاندەك ھېساپلايمىز، ئەمەلىيەتتە كائىنات ھەر ۋاقىت ھەرىكەتتە بولۇپ يېڭىدىن يارىتىلىپ، يوقلىپ يەنە قايتىدىن يارىتىلىدۇ. ھەرقانداق ماددا بىر خىل شەكىلدىكى تەجەللىدىن يوقلىپ، يەنە بىر خىل شەكىلدە تەجەللى بولۇپ تۇرىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ پەلسەپىسى ئاشىقنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، شۇڭا ئۇ تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىرىنى، ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى ئاشىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا ھەقىقىي بارلىق بىرلا ئاللاھ. شۇڭا ئىشقنىڭ ئوبيېكتىمۇ، سۇبيېكتىمۇ بىر، يەنى ئاشىقمۇ، مەشۇقمۇ ئەسلىدە بىر بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاشىقنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن بىر لۇتفى دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا ئاشىق مۇقەددەستۇر. مۇتەسەۋۋۇپلار ئۆزىنى ئۇنتىغان ھالدا ئىشىق قاينىمىغا چۆكۈپ مەشۇقى بىلەن بىرلىشىپ كېتىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىشىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي غايىسى قىلغان.

ئاشىق تۇيغۇسى، مەشۇققا قول بولۇش ۋە ئۆزى ئىگە بولغان ھەر نەرسىنى مەشۇقى ئۈچۈن پىدا قىلىدىغان يۈكسەك بىر روھتۇر.

زۇلەيخانىڭ ھەزرىتى يۈسۈپكە بولغان ئاشىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلكىنى، گۈزەللىكىنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن سەرپ قىلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، زۇلەيخا يەتمىش تۆگىگە يۈك بولغىدەك ئالتۇن-كۈمۈش، زىبۇ-زىننەتلەرنىڭ ھەممىسىنى يۈسۈپنىڭ ۋىسالىغا يېتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان. «بۈگۈن ھەزرىتى يۈسۈپنى كۆردۈم» دېگەن ھەممە كىشىگە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئالتۇن-كۈمۈش ھەدىيە قىلغان. ئاخىرىدا ئۆزىدە ھېچ نەرسە قالمىغان. يۈسۈپكە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىدىن بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ پەقەت «يۈسۈپ» دېگەن بۇ ئىسىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن ۋاز كەچكەن. ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆككە قارىغاندىمۇ كۆكتىكى يۇلتۇزلار ئۈستىگە ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ ئىسمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرەرمىش. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، زۇلەيخا ئىمان ئېيتىپ ھەزرىتى يۈسۈپ بىلەن نىكاھلانغاندىن كېيىن شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەن مۇھەببىتىدىن، سۆيۈملۈك يولدىشىدىن ئايرىم ياشاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان. ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا ئاتىغان. ھەزرىتى يۈسۈپ زۇلەيخانى كۈندۈزلىرى يېنىغا چاقىرسا «كەچتە كىرەي» دېگەن، كەچلىرى چاقىرسا «ئەتە كىرەي» دەپ داۋاملىق كۆرۈشمىگەن. ئاخىرى بىر كۈنى زۇلەيخا ھەزرىتى يۈسۈپكە «مەن ئاللاھنى تونۇماستىن بۇرۇن ساڭا ئاشىق بولغان، لېكىن ئۇنى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ھەممىنى بېسىپ چۈشتى.» دېگەن.

زۇلەيخانىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھەزرىتى يۈسۈپ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن: «سېنىڭ بىلەن بىرلىشىش بۇيرۇقىنى مەن ئاللاھتىن ئالدىم. بىزنىڭ ئىككى بالىمىز بولىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى ئاللاھ ماڭا بىلدۈردى.» زۇلەيخا بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ئاللاھ ساڭا شۇنداق بۇيرۇق قىلغان بولسا ۋە مېنى شۇنداق بىر ئىشقا سەۋەپ بولۇشقا تاللىغان بولسا، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا جان دىلىم

بىلەن بويسۇنمەن» دېگەن ۋە كۆڭلىنى ھەزرىتى يۈسۈپكە بەرگەن.

جالالىددىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا ئاشىق ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا «مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ:

«سۆيگۈدىن ئاچچىق تاتلىقلىشىدۇ. سۆيگۈ سەۋەبىدىن مىسمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. سۆيگۈ بار يەردە لاتقىلار، سېسىق سۇلار پاكلىنىپ پاكىزلىنىدۇ. سۆيگۈ بىلەن دەرتلەر يوقۇلۇپ كېسەل شىپا تاپىدۇ. سۆيگۈدىن ئۆلۈك تىرىلىدۇ. سۆيگۈ سەۋەبىدىن پادىشاھ قۇل بولىدۇ. شۇڭا سۆيگۈ پەقەت ئارىفلارغا خاستۇر، يەنى ئىرپانىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كەلسە-كەلمەس نەرسىلەرگە چوقۇنىدىغان قانداقمۇ سۆيگۈ تەختىگە مۇناسىپ بولسۇن؟»

«دىۋان كەبىر»دە مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھقا ئاشىق بولغانلار، ئۇنىڭدىن كەلگەن دەرتنىڭ كۆپلىكىدىن سۆيىنىدۇ.

ئاشىق، ئاشىقتىن كەلگەن بالالارغا ئىتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالمايدۇ.

ھەر ئىككى جاھان غەم تىكەنلىرى بىلەن تولسا، تۆگە تىكەندىن قورقمايدۇ.

جان ۋە جاھان، ئازاپلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر بىلەن بۇلغانسا، بىرسىگە ئاشىق تازىلىغۇچى بولسا، ئۇ ھەممىسىدىن پاكلىنىدۇ.

ئاشىق ئوتى كېلىپ ئۆزۈڭدىن باشقا نېمە بولسا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلسا، بۇ چاغدا كۆڭلۈڭدە نېمە بولسا ھەممىسى كۆيسە خوش بولغىن. تەبەسسۇم بىلەن كۈلگىن.

بولۇپمۇ ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان، دائىملىق

بولغان، سۆيگۈگە مۇناسىپ بىرسىنىڭ ئاشىقى بولسا بۇ ئاشىق!

ئاشىق ھەر ۋاقىت ياخشىلىقنى، گۈزەللىكنى، توغرىلىقنى، مەڭگۈلۈك مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ئاللاھ سۆيگۈسى بىلەن قوبۇل قىلىشى لازىم.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ: «ئاشىق، كۆڭۈل يۇرتىغا سەپەر قىلغان كىشىدۇر.»

ئۇنىڭ نەزىرىدىكى «ئاشىق» بىر جۇشقۇنلۇق، ئۆزىدىن كېچىش، ئۆزىدىن ئۈستۈن بىر ھالدۇر. ئۇنىڭ «ئاشىقى» ئىنسانىي ئۆزۈمچىللىكتىن، مەنمەنچىلىكتىن قۇتۇلدۇرىدىغان يولدۇر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدىكى «ئاشىقلار» بىر بۆلۈكتىن ئولتۇرۇپ تەقدىرگە رازى بولۇپ، ئۆز ئاشىقى بىلەن ئۆزى ئۈچۈن كۆڭلىدە ھازىرلىغان جەننەتكە كىرىشكە تىرىشىدىغان ئىنسانلار ئەمەس. ھەتتا بۇ دۇنيادا ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيا بولىدىغان دەرۋىشلەردىن ھېچ ئەمەس.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:
تۇپراق بەدەن، ئاشىق سەۋەبىدىن كۆكلەرگە چىقتى،
تاغمۇ ئاشىق بىلەن ئويناشقا باشلىدى، تېتىكلەشتى.
ياپپېشىل ئاشىق باغلىرىنىڭ باش ـ ئايىغى يوق،
ئۇ يەردە غەم ۋە خۇشاللىقتىن باشقا نى مېۋىلەر بار.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئاشىقى پەۋقۇلئادە بىر «ئاشىق». ھەمدە شۇنداق بىر «ئاشىق»كى ئۇ ئاللاھ نېسىپ قىلغان ئەڭ بۈيۈك ئالاھىدىلىكلەردىن بىرىدۇر. مەيلى كىم كىمنى، نېمىنى قانداق ياخشى كۆرسە كۆرسۇن، قانداق سۆيسە

سۆيسۇن، بۇ تۇيغۇ ئالاھىدىلىكلىرى بولغان ئاشىق ئۇنىڭ ھەقىقىي بارلىقىنىڭ ۋە ۋۇجۇتقا كېلىشىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

ئۇ دەيدۇكى: «ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە باتىلدۇر، ئاساسسىزدۇر. ئۇنىڭ ئىھسانى يامغۇرى ئۈزۈلمەيدىغان بولۇتتۇر.»

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە ئاشىق ئۆتكۈنچى، چوڭقۇر بولمىسىمۇ يەنىلا ئەڭ ئاخىرىدا ھەقىقىي ئاشىققا مۇيەسسەر بولىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆڭۈل كۆكسى ئوچۇق بولۇشى لازىم.

«ئاشىق بولمىغان كىشى قاناتسىز قۇشقا ئوخشاش» دەپ ئىنسانلارنى ئاشىققا چاقىرىدۇ. يەنى بارلىق ئەسكىلىكلەردىن يىراق تۇتىدىغان نەرسە يەنىلا ئاشىق.

جالالىدىن رۇمىنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي ئاشىق ئاللاھقا ھەقىقىي كۆڭۈل بىلەن باغلانماق. بۇنداق ئىنساننىڭ ئۆزلۈكى قالمايدۇ. بۇ ئاشىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ بۇنداق ئىنسان نەپسىگە چوغ تارتمايدۇ، باشقىلارغا زىيان سالمايدۇ. چۈنكى ئاشىقنىڭ مەنبەسى بولغان ئاللاھ بۇيرىغان ھەقىقىي ئەخلاققا پۈركەنگەن بولىدۇ.

ئاشىق بول ئاشىق، ئاشىقنى تاللا،
سەنمۇ تاللانغان بىر ئىنسان بول!

شۇڭا جالالىدىن رۇمى بۈيۈك بىر «ئاشىق»تۇر. ئاشىقنىڭ ئەپەندىسىدۇر. ئاشىقتا يوق بولۇپ، ئاشىق بىلەن بار بولغاندۇر. يەنى ئاشىقنىڭ ئۆزىدۇر. ئاشىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورىغانلارغا ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭدەك بولۇپ بىل، مەيلى نۇر بول، مەيلى

قاراڭغۇ، ئۇ بولمىغىچە، ئۇنى پۈتۈنلەي بىلەلمەيسەن. مېنىڭدەك بولساڭ ئاندىن بىلىسەن.»

ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جالالىدىن رۇمىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى كۆپىرەك «ئاشىق» توغرىسىدا يېزىلغان. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى، بار بولۇشىنىڭ ئۆزى ئاشىقتۇر. كائىناتنىڭ يارىتىلىشىمۇ ئاشىقتىندۇر. مەۋجۇتلۇقنىڭ يىلتىزى ئاشىقتۇر. «ئاللاھنىڭ ئاشىقى»، «ئاللاھنىڭ سۆيگۈسى» ھەممىدىن مۇقەددەستۇر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە ئەقىل ۋە ئىلىم ئۇ ئالەمنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بىلىشكە چارىسىز. بۇلار پەقەت ئىنسانلارنى بىر نۇقتىغىچە ئاپىرىدۇ. ئەمما نىشانغا ئاپارمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل پۈتۈن بارىدىغان يوللارنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئاشىق يولىنى بىلەلمەيدۇ.»

ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئارىسىدا بىر دېڭىز بار دېسەك،
ئەقىل بۇ دېڭىزدا ئۈزگۈچى، ئاشىق بولسا كېمىدۇر.
ئۈزۈش گۈزەلدۇر، ئەمما ئۈزۈن بىر يول ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس.
ئىنسان ئۈزۈش جەريانىدا ھېرىپ قېلىشى ھەتتا سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈشى مۇمكىن.
ئەمما كېمىگە چۈشكەن نىشانغا بارالايدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئەسەرلىرىدە «ئاشىق»تىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

سۆيگۈنۈم جانىمسەن مۇھەببىتىم دائىما،
بىر قەدەمچىلىك تۇپراق بوپتىمەن ساڭا.
مەزھەبىم ئاشىق، سەندىن كۆردۈم ئالەمنى،
سەن ئەلبەت جان كۆزۈم بىر ماڭا قارىغىنا!

جالالىدىن رۇمى يەنە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنى

«ئاشىق» ئارقىلىق ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مەدھىيەلەيدۇ. ۋەتەننى سۆيۈشمۇ بىر ئاشىقتۇر. ئاللاھنى سۆيۈشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ توغرىسىدا ئۇ مۇنداق ھېكايە سۆزلەيدۇ:

ئۇزۇن يىللار مەشۇقىدىن ئايرىلىپ ھىجران ئازابى چەككەن بىر ئاشىق ۋەتىنىگە قايتىپ مەشۇقى بىلەن دىدارلىشىپتۇ. مەشۇقى ئاشىقىدىن سوراپتۇ: «ئۇزۇن يىللار جاھان كېزىپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى كۆردۈڭ. ئەجەبا قايسى شەھەر ئەڭ ياخشى ئىكەن؟» ئاشىق ھېچ ئىككىلەنمەي مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ: «سۆيگۈسى بار شەھەر! گەرچە ئولتۇرغان يېرىمىز يىڭنە تۆشۈكچىلىك كىچىك بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن بىپاياندۇر. قۇدۇقنىڭ تېگىدەك قاراڭغۇ بولسىمۇ، بىز ئۈچۈن جەننەتتۇر ۋە يۈسۈپنىڭ يۈزىدەك ئايدىڭدۇر. دۇنيادا ئۆز ۋەتىنىدىن ئەزىز ھېچ بىر يەر يوق!»

ئاشىقنىڭ باسقان ئىزلىرى باشقا ئىزلارغا ئوخشىمايدۇ. ئاشىق بىر روھتەك يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەم ئالىدۇ. بۇ قەدەملەر خۇددى پىلنىڭ چامدىمىغا ئوخشايدۇ. بۇ قەدەملەر بەزىدە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلسە، بەزىدە بېلىقتەك سۇنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇيدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئاشىقى ئىلاھىي ئاشىق بولۇپ ھەتتا ئۆلگەن كۈنىنى توي كۈنى دەپ ھېسابلىغان، يەنى ئۇ كۈنى ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغان كۈنى دەپ بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تا ھازىرغىچە كونيادا ئۇ ۋاپات بولغان 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىنى «شەبئى ئارۇس» كېچىسى يەنى «توي كېچىسى» دەپ چوڭ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزىلىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئاشىقنى ئاللاھقا يېتىشتىكى بىردىنبىر ھەق يول دەپ تونۇغان. ئۇ «ئاشىق»قا بولغان پەلسەپىۋى كۆز قارىشىنى يىغىنچاقلاپ مۇنداق بىر جۈملىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن: «ئىشق ئوتىدا روھ بەختىيار.»

# 6. كۆڭۈل

كۆڭۈل تۇمانى ئاشقىمىزنى ئاشكارىلىما كۆڭۈل،
كۆڭۈلدىن چىققان تۇمان، ئوچۇق كۆرۈنەر كۆڭۈل.
كۆڭۈلدە قان دولقۇنلىرى بۇژغۇنلاپ تاشىدۇ،
بەلكى ئۇ كۆڭۈل ئەمەس، بىر دېڭىزدۇر ئەي كۆڭۈل.

كۆڭۈل دېگەنلىك ئىنسانىنىڭ يۈرىكىدىكى سۆيگۈ، دوستلۇق، ئارزۇ، چۈشەنچە، ئۇي ۋە نەپرەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش تۇيغۇلارغا ئىگە بولغان بىر خىل روھىي خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت. ئادەم قەلبىدىكى ئاشۇ تۇيغۇ ئارقىلىق بىر شەيئىگە بېقىنلىقنى ۋە شۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى ياكى نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. كۆڭۈل ئىنسانىنىڭ ئەڭ نازۇك تۇيغۇسىدۇر. شۇ سەۋەبتىنمۇ بىزدە «كۆڭۈل ئازاردىن تەڭرى بىزار»، «تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، كۆڭۈل يارىسى ساقايمايدۇ» دېگەن ماقال ـ تەمسىللەر بار.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ جاهانغا مەشهۇر «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە، ئىنسانغا بېرىلگەن نېمەتلەر ئىچىدە بىرىنچى ئورۇنغا كۆڭۈلنى قويىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 387 ـ بېيىتىدا:

«قەلب، كۆز، ئىدراك، ئەقىل ۋە بىلىم بەردى،

تىلىمنى ئېچىپ سۆزۈمنى راۋان قىلدى.» دەپ قەلبىنى يەنى كۆڭلىنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويغان.

جالالىدىن رۇمىنىڭمۇ بارلىق ئەسەرلىرىنىڭ يەنە بىر ئورتاق نۇقتىسى يەنىلا كۆڭۈلدۇر. جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە كۆڭۈل ئاللاھنىڭ ئەكس ئېتىشى، كۆرۈنىشى، مۇقەددەس بارلىقنىڭ سىمۋولى بولغان كەبىدەك بىر يەردۇر. ھەتتا كەبىدىنمۇ ئۇلۇغدۇر. چۈنكى بۇ توغرىسىدا مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلامنىڭ ئىككىنچى خەلىپىسى بولغان ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «كەبىنى مىڭ قېتىم چېقىۋەتسەم چېقىۋېتىمەنكى، بىر مۆمىننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيمەن. چۈنكى ئۇ كۆڭۈلدە ئاللاھ باردۇر.»

جالالىدىن رۇمىمۇ ھەزرىتى ئۆمەردەك كۆڭۈل ھەققىدە مۇنداق قۇرلارنى تىزىدۇ:

«كۆڭۈلنى چاقماق، كەبىنى چېقىشتىنمۇ بەتەر گۇناھتۇر.»

يەنە ئۇ كۆڭۈل توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«مائارىپ ئارقىلىق ئۆگەنگەن بىلىم، تاغلاردىن قورولارغا قاراپ ئاققان ئېرىققا ئوخشايدۇ. ئۇ ئېقىش يوللىرى ئېتىلىپ قالسا ئاقالمايدۇ. شۇڭا سەن كۆڭلۈڭدىن بىر بۇلاق ئاچ. كۆڭۈلدىكى بىلىم ئېرىقلىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئۇ جەۋھەر ھەرگىز بۇلغانمايدۇ. كۆڭۈل سۇ بولسا، يۈرەك كومزەكتۇر.

كۆڭۈلدىكى زەررىچىلىك بىر ھۈنەر، ئادەتتىكى مىڭلارچە ھۈنەردىن ياخشىدۇر. كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەر نەرسە ھەقىقىي نەرسىدۇر.»

ئىنسانلار ئىجتىمائىي ھاياتتا نۇرغۇنلىغان مەشغۇلاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە بۇلار ئۈچۈن كۆپ جەۋر-جاپا تارتىدۇ. ئەمما بۇلارغا چىن كۆڭلى بىلەن رازى بولىدۇ. بولۇپمۇ

نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇۋەپپىقىيەت قازانسا ھوزۇرلىنىپ بەختىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە كىشى بۇ ھاياتتا كۆڭۈللۈك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شۇڭا جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭۈل ھەر بىر دوستتىن بىر ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ھەر ئىلىمدىن بىر لەززەت ئالىدۇ.»

كۆڭۈل بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئەينەكنى داۋاملىق سۈرتۈپ، تازىلاپ تۇرمىسا توپا-چاڭ باسىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر دائىم كۆڭۈلنى مەنىۋى جەھەتتىن تازىلاپ، پاكلاپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ دۇنيادىكى رەڭمۇرەڭ ماددىي بايلىقلار، ئىنسان كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ئىستەكلىرىنى، ئېھتىياجلىرىنى ئاشۇرىدىغان ئوبېكتىپ شەيئىلەر، ئىنساننىڭ سۇبېكتىپ ئېڭىغا تەسىر قىلىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى كىرلىتىدۇ. كىرلەنگەن كۆڭۈلدە ئاللاھنىڭ ئەكسى تەجەللى ئەتمەيدۇ. شۇڭا ھەر دائىم كۆڭۈل ئەينىكىمىزنى پاك-پاكىز تۇتۇشىمىز لازىم. كۆڭلىمىزنى ئاشىق، سەممىيەت، دوستلۇق، سۆيگۈ بىلەن تولدۇرۇپ، خىرس، ئىنتىقام، ئۆچمەنلىك، ھەسەت قاتارلىق تۇيغۇلارنىڭ ئورۇن ئېلىشىغا يول قويماسلىقىمىز لازىم.

بۇ توغرىسىدا جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

كۆڭۈل ئەينىكى پاكىز بولمىغان كىشى ھەقىقىي گۈزەل بىلەن سەتنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. كىمنىڭ كۆڭۈل ئىشىكى ئېچىلسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىدە مىڭ قۇياش چاقنايدۇ.

كۆڭۈل ئېلىشنى ئويلىساڭ، سۆيگىنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغىن. جەننەتكە كىرىشنى ئويلىساڭ، يوللارغا تىكەن تېرىشتىن ۋاز كەچ. كۆڭۈللەر پاك-پاكىز بىر ئەينەكتۇر. ئۇنىڭدا چەكسىز شەكىللەرنى كۆرەلەيسەن.

پاك ـ پاكىز كۆڭۈل قانداق بۇيرۇق بەرسە، تۇيغۇلار شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ.

كۆڭۈللىرى پاك بولغانلار رەڭلەردىن، پەردازلاردىن ۋە ھەرخىل پۇراقلاردىن خالىي بولىدۇ.

كۆڭۈل ئېلىشنى بىلمىگەنگە كۆڭۈلنى ئامانەت ئەتمە.

كۆڭۈل كۆكسى كەڭ، ياردەمسۆيەر، دوستلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيدىغان ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئەڭ ياخشى ئىنسانلاردۇر.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

ھەزرىتى يۈسۈپنىڭ بىر دوستى سەپەردىن كېلىدۇ. ھەزرىتى يۈسۈپ دوستىدىن: «ماڭا نېمە سوۋغا ئالغاچ كەلدىڭ؟»

دوستى مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: «سەندە يوق زادى نېمە باركى؟ سېنىڭ نېمىگە ئېھتىياجىڭ بار؟ ئەمما سەندىن تېخىمۇ چىرايلىق بىرسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كۆر دەپ بىر ئەينەك ئالغاچ كەلدىم.»

ئاللاھنىڭ ھېچبىر نەرسىگە ئېھتىياجى يوق. بەندىلەر ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى كۆرىشى ئۈچۈن، پارقىراق بىر ئەينەكنى، پاكىز بىر كۆڭۈلنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا كۆڭۈل ھەرۋاقىت ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋى»دە دائىم كۆڭۈلدىن سۆز ئېچىپ مۇنداق ئالتۇن قۇرلارنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن:

كۆز نۇرى باغ ئىچىدە مەيدانغا كەلدى. كۆڭۈل نۇرى بىر تامچە قاننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. خۇشاللىقنىڭ

جايى كۆڭۈل. غەمنىڭ ماكانى جىگەردۇر. ئەقىل بولسا مېڭىنىڭ ئىچىدىكى شامغا ئوخشايدۇ.

كۆز بىلەن كۆڭۈل، كاتىپنىڭ قولىدىكى قەلەمدەك ھەقنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا.

كۆڭلى ئۆلۈكلەر روھسىز بولىدۇ.

كۆڭلى توڭغا جەننەتمۇ سەت كۆرۈنىدۇ.

كۆڭۈل شۇنداق بىر نەرسىكى، ئۇنىڭ ئىچىدە يەتتە قات ئاسماندەك يۈزلەرچە ساما غايىپ بولىدۇ. شۇڭا ھىلە-مىكىر بىلەن تولغان كىچىك بىر قەلب ئىستىمە.

سەن ھوزۇرغا يۈزلەرچە خالتا ئالتۇن بىلەن كەلگىنىڭ بىلەن جانابىھەق سەندىن پەقەت ئەيىپسىز بىر تال يۈرەك ئىستەيدۇ.

بىز ھەممىمىز بۇ كائىناتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئورتاق بىر جەمئىيەتتە ياشايمىز. جەمئىيەتنىڭ پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەت بولۇشى ۋە ئۆزىمىزنىڭ پەزىلەتلىك بىر جەمئىيەت ئەزاسى بولۇشىمىز ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەخلاقلىق بولۇشىمىزغا، توغرا ئىشلارنى قىلىش ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ھەقىقى ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. توغرا ئىشلارنى قىلىش ئەركىنلىكى پەقەت سۆيگۈگە تولغان كۆڭۈل ئىگىلىرىلا ئېرىشەلەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى «دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

سېنىڭ كۆڭلۈڭنى رەنجىتكەن نەرسە پەقەت ئۆزۈڭنىڭ شەيخى ۋە ۋەزىڭدۇر. چۈنكى جاھان سۆيگۈسىدە سۇ ئۈستىدىكى نەقىشلەردەك قارار يوقتۇر...

ئاللاھ شارابىنىڭ كۆپى كۆڭۈلدۇر. كۆپىنىڭ ئاغزىنى ئاچ. ئەسكى خۇي-مىجەز لاي بولۇپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋاپتۇ. ئەگەر كۆپىنىڭ ئاغزىنى ئازراق بوشاتساڭ، ساڭا يۈز مىڭلارچە ئەسەرنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى سانايمەن دېسەڭ قىيامەتكىچىمۇ ساناپ بولالمايسەن. ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن سەنئەت دېڭىزىدىكى قايسى بىرىنى دەي؟ ئۇنىڭ سەنئەت دېڭىزىنىڭ يا ئۇچى، يا ئاخىرى بارمۇ؟

شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، بۇ دۇنيا بەكمۇ گۈزەل. ئەمما بۇ گۈزەللىك بىزنى ئاپىرىدە قىلغان ياراتقۇچىمىز بىلەن بىرگە بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز بىلەن تېخىمۇ گۈزەللىشىدۇ. بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز پەقەت بىزنىڭ سۆيگۈگە تولغان كۆڭلىمىز بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا جالالىددىن رۇمى مۇنداق دېگەن:

تۇپراق ئۈستىدە ئۈنگەن گۈللەر سولۇشۇپ ئۆلىدۇ. ئەمما كۆڭۈلدە ئۈنگەن گۈللەر مەڭگۈلۈك بولۇپ قالىدۇ.

# 7. تەبىئەت

گۈل ئېچىلىسىمۇ مەندە بىر باھار ھەسرىتى بار،
ھەر كۆزدە باشقا بىر ۋىسال لەززىتى بار.
باق تالدىكى ۋە ياپراقتىكى مىدىرلاشقا،
ھەر لىڭشىشىنىڭ پەرقى ۋە بىر ھېكمىتى بار.

تەسەۋۋۇپنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى بولغان «ۋەھدەتى مەۋجۇد» يەنى «بارلىقنىڭ بىرلىك» تەلىماتى تەبىئەتتىكى بارلىق شەيئىلەر كۆرۈنۈشتە كۆپ بولسىمۇ، ماھىيەتتە بىرلا بارلىق (مەۋجۇتلۇق) بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت يەككە بارلىق نەزىرىيىسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەنى يەككە بارلىق بولغان ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات تارىخى جەريانىدا ئىنسانلار تەپەككۇرىدا ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن، ئەڭ كۆپ ئويلانغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەسىلە بۇ دۇنيانىڭ ئەسلى مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئۇنى تونۇپ يېتىش ئۈستىدە بولدى. ئەمەلىيەتتە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىزدىنىش، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى سۈزۈك بىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەنبەسى قىلغان تەسەۋۋۇپمۇ بۇ مەسىللەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئىبنى ئەرەبى ۋە جالالىدىن رۇمىدەك مۇتەسەۋۋۇپلار

ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئالەمنىڭ ھەممىگە قادىر، قۇدرەتلىك ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق بىر بارلىق مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارايدۇ. شۇڭا «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ ئالەم، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنى بىردىنبىر بارلىق بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» يەنى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھەر خىل شەكىللەردىكى تەجەللىسى(جىلۋىلىنىشى) دىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

جالالىدىن رۇمى تەبىئەتنى ئاللاھنىڭ ئەكس ئېتىشى يەنى تەجەللى قىلىشى دەپ تونۇغانلىقى ئۈچۈن بارلىق ئەسەرلىرىدە تەبىئەتتىكى بارلىق شەيئىلەردىن ۋە ھادىسىلەردىن سۆز ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەسەرلىرىدىكى ۋەقە ۋە ھادىسىلەر، ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزى ئىدىيەلەرنىڭ مەنبەسى تەبىئەتتىكى دىنامىزىمدىن تۇغۇلغان بىر جانلىقلىقتىن كەلگەنلىكىگە دىققەت قىلىمىز.

مەيلى «مەسنەۋى» مەيلى «دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسەرلىرىدە بولسۇن دائىم تىلغا ئېلىنىدىغان مەزمۇنلار، سۆزلەنگەن تېمىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تەبىئەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە جالالىدىن رۇمى ناھايىتى يۇقىرى زېھىن، ئۈستۈن بىر روھ، چەكسىز بىر ئاشىقلىق بىلەن شېئىرىيەت دۇنياسىدا لەرزان سالما ئوينايدۇ. ئۇنىڭ تۈپ مەقسىتى پىكىرلىرىنى، تەپەككۇر دۇنياسىنى ئامال بار كۆپ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا خىتاپ قىلىش ئىدى.

ھېكايە ۋە شېئىرلىرىدا تەبىئەت تەسۋىرلىرى، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، تاغ ـ دەريالار، جىلغا ـ ئېدىرلارنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق بىزگە پەلسەپىسىنى روشەن ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

مەسىلەن ئۇنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىگە نەزەر سالىدىغان بولساق قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، قىشنىڭ زۇلمىتى، باھارنىڭ پەيزى، يازنىڭ مول-ھوسۇللىرى، كۈزنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرى، ئېتىزلىقلار، دانلار، تۇگمەن، ئۆگۈت، ئۆستەڭ، ئۆستەڭگە چىلاپ يېگەن نانلار، دەريالار، دېڭىز، بېلىق، ئارسلان، توشقان، يىلان، چاشقان، تۆگە، كىيىك، ئىت، ئېشەك، تۈلكە، بۆرە، سامان، زىرائەتلەر، دەل-دەرەخلەر، گۈل-گىياھلار، تىكەن، شامال، ئوت، يامغۇر، قۇم، چۆللەر قاتارلىق تەبىئەتكە ئائىت بولغان شەيئى ۋە ھادىسىلەردىن سۆزلەيدۇ.

ئۇ تەبىئەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ ئۇنىڭدىن ئالغان جۇشقۇن ھېسسىياتلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ: ياپ-يېشىللىقتا قارىغىنىڭىزدا غەم-غۇسسىدىن خالى بولىسىز.

ئۆتۈپ كەتتى قارا قىش ئايلىرى،
باھار كەلدى، باھار.
گۈلىستاندا جىلۋە باشلاندى،
گۈل تاللىرىدا قىزىل گۈللەر ئېچىلدى.
قىش ۋەيران قىلغان ئەدى باغچىنى،
ھېچ بىر نەرسە قالمىغانتى باغچىدا.
بىر نەرسە قالمىسمۇ ئەمما،
قۇياش يەنە نەيزە بويى ئۆرلىدى.

تەبىئەت تەسۋىرلىرىدە گۈلىستانلىقلار، پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر، ئۇلارغا قونغان كېپىنەكلەر، ھەسەل ھەرىلىرى، تۆكۈلگەن بەرگىلەر، مەيىن شامالدا دولقۇنلاپ تۇرغان زىرائەتلەر، ئورما، خامان، قۇرغاق يەر، ياپپېشىل يايلاق، ئوتلاۋاتقان كىيىك، يورۇقلۇق، قاراڭغۇلۇق، دېرىزىدىن ماراپ قاراۋاتقان ئاي، كېچىدىكى كۆك يۈزى، ھاۋادىكى

زەررىلەر، گۈلدۈر-قاراس ئاۋازلار ئىچىدە چېقىلغان چاقماق، تاغ ئېتەكلىرى، تاغدىن كەلگەن سالقىن شامال، دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىغا دەھشەتلىك ئۇرۇلغان دولقۇنلار قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ھالىنى ۋە بۇلارنىڭ بىر ھالدىن باشقا بىر ھالغا كېلىپ ئۆزگىرىدىغان ئۆزگىرىشچانلىقىنى ئادەملەرنىڭ روھى-ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە، ئۆمرىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قىياسلاپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ، تۇيغۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۆزگىرىشى، يوقىلىشىنى سىمۋوللۇق ھالدا ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھەمدە تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى، راۋاجلىنىشى ۋە يوقىلىش جەريانىدىكى قانۇنىيەتلەرنى تەسەۋۋۇپ نەزەرىيىسى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ.

تەبىئەتتىكى پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى شۇنچە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ئاساسلىق ئېلمىنتلىرىنى سۇ، ھاۋا، تۇپراق، ئوت قاتارلىق «تۆت تادۇ»دىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. «تۆت تادۇ» بارلىق جىسىملارنىڭ نىگىزى. بۇلار ماددىي دۇنيانىڭ دائىمى ئاساسىي بولۇپ، ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشچان ھالەت شەكلىدىكى ئۆزگىرىش، ماددىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەپلىرى، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىرى «مۇتلەق ۋۇجۇت» نىڭ مەزمۇنىدىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

ساڤا ئىشىكى ئېچىلغان ئۇ گۈل باغچىسى شۇنداق بىر باغچىكى، ئۇ يەردىكى دەرەخلەر، ياپراقلارمۇ جانلىق. بىربىرىسى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ. شۇنى ياخشى بىلگىنكى، ھەممە نەرسە جانلىقتۇر. جېنى بولمىغان باغنى ئادەممۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنداق باغ ئادەمنىڭ جېنىغا جان قوشمايدۇ.

پۈتۈن جانلار بىر، بىر يەردىن كەلگەن! كۆرۈنۈۋاتقان ھەربىر نەرسە، كائىناتنىڭ ئىگىسى، كائىناتنى ياراتقان ئۇلۇغ

بىر بارلىقنىڭ بارلىقنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئەقلىڭ بولسا ئەلەس كۆزۈڭنى رۇسلاپ، كائىناتقا ئۇدۇل قارا!

تەبىئەتتىكى پەسىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە قىشتا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆلۈشىنى، باھار كېلىشى بىلەنلا تەبىئەت جۇشقۇنلىشىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىخ ئۇرۇشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان بۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى، تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىكەنلىكىدىن بىز بەندىلەرگە بىشارەت بەرگەن.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ياشلىق چاغلىرىنى قەدىرلەڭلار! ئۇ خۇددى ياز پەسلىدىكى لەززەتلىك مېۋە ۋە خۇش پۇراق گۈل-گىياھلار بىلەن بېزەلگەن باغقا ئوخشايدۇ. بۇ چاغدا قۇۋۋەت ۋە شەھۋەت ئېرىقلىرى تىنىماي ئېقىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن ۋە جان زېمىنلىرى يېشىللىققا پۈركىنىدۇ.

باھار پەسلى كەلگەندە پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەر «بىز ئۆزلۈكىمىزدىن كۆكىرىپ ياپيېشىل بولدۇق. ھەممىدىن مەمنۇن بىز، خۇشال بىز. بەكمۇ گۈزەل بىز.» دەيدۇ.

ياز ئۇلارغا دەيدۇكى: «ئەي مەۋجۇداتلار، مەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ھالىڭلارغا ۋاي!»

بىر كۈن ئۇ پىكىر ۋە ئويلار، قول قانات كېرىپ پەردىدىن چىقار ئالدىڭغا. ئۇ ۋاقىت ئېگىز تاغلار پاختىدەك توزۇپ، كۇكۇم تالقان بولىدۇ. يۇلتۇزلار، ئاسمانلار گۇمران بولىدۇ. سۆيگۈنىڭ ئىگىسى، دائىم تىرىك ۋە يالغۇز بولغان ھەقتىن باشقا ھېچ نەرسە قالمايدۇ.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆچەتلەردىن ئالمىلار بولدى.

سەن ئالەمنىڭ ئىچىدىكى قۇرتقا ئوخشايسەن. سېنىڭ يا كۆچەتتىن يا باغۋەندىن خەۋىرىڭ يوق. ئالەمنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سال.

بىزلەر تەبىئەتكە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساق، دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىنىڭ سارغىيىپ تۆكۈلىدىغانلىقىنى، گۈللەرنىڭ سولۇشۇپ قۇرىشىغا شاھىت بولىمىز. دەل بۇ چاغدا ئادەم تەبىئەتتىكى بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. ئەمما جالالىدىن رۇمى يەنە باھارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ بارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قايتىدىن تىرىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ يەنە قايتىدىن تىرىلىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنيانىڭ نىزامىنىڭ دائىم ھەرىكەت ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، كونىسى ئۆلۈپ، يېڭىسى بارلىققا كېلىپ، يېڭىلىنىش ھالىتىدىكى ھەرىكەت نىزامىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

گۈل باھاردا ئۇ گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە بەخش قىلغاننى تونۇمىسىمۇ، بىلمىسىمۇ، گۈزەللىكى بىلەن گۈزەللىكنى بېغىشلىغانغا گۇۋاھلىق قىلىدۇ. گۈل دەيدۇكى: «مېنىڭ ھۆسنى - جامالىمغا، گۈزەللىكىمگە قاراڭلار، ئەلۋەتتە بۇلارنى ماڭا ئاتا قىلغان بىرسى بار. بۇ گۈزەللىكنى ئاتا قىلغان سىزگىمۇ ئۇ گۈزەللىكنى بەخش ئەتكەندۇر.»

ئۇرۇق يەرگە چۈشكەندە تۇپراقتا جانلىنىدۇ، ئۈنىدۇ، بويى تارتىدۇ ۋە مايسا بولۇپ ئۆسىدۇ. بۇ ئالامەتنى، بۇ نازۇك سۆزلەرنى ئاڭلاپ، سەنمۇ بىزگە ئەگىشىپ، ئۆزۈڭدىكى كىبىرنى، شەخسىيەتچىلىكنى يوقاتساڭ، بىز بىللە يەرگە چۈشۈپ، تۇپراقلارغا ئايلىنىپ كېتىسەن.

بولۇپمۇ جالالىدىن رۇمى قۇياشنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى

هادىسىلەر ئۈستىدىكى رولىنى تۆرلۈك بايانلار، تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئىپادىلەپ ئۆتىدۇ. ھەتتا جان ـ جىگەر دوستى شەمسىددىن تەبرىزىنى قۇياشقا ئوخشىتىدۇ. تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىلىرىنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ئۇلۇغ بارلىقنىڭ ئەكسىنى قۇياشقا سىمۋول قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەسەرلىرىدە ئەزەلىي قۇياشنى يەنى مەشۇقنىڭ يۈزىنىڭ ئەكسىنى ھەر يەردە كۆرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قۇياش بولمىسا يا گۈللەر ئېچىلمايتتى، يا مېۋە بولمايتتى. قۇياش ھەسرەت بىلەن ساقلاۋاتقان ھەر ئاشىققا يېڭى بىر ھايات، ئەبەدىي گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ.»

قۇياش تەڭرىنىڭ ھۆسنى ـ جامالىنى ئىما ـ ئىشارەت قىلغان گۈزەل ۋە ناھايىتى ئۇيغۇن بولغان بىر سىمۋولدۇر. قۇياشنىڭ نۇرلىرى ئاستىدا ئادەتتىكى تاشلارنىڭمۇ قىممەتلىك لال ھالىغا كېلىدىغانلىقىنى، قەدىرسىز نەرسىلەرنىڭ ئالتۇنغا ئايلىنىدىغانلىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەتمەن بەندە ئىكەنلىكىنى «قۇياشنىڭ قۇلى مەن»ناملىق شېئىرىدا ئوبرازلىق قىلىپ مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

مادامىكى مەن قۇياشنىڭ قۇلى،
قۇياشتىن سۆز ئېچىشىم كېرەك سىلەرگە.
مادامىكى كېچە ئەمەس مەن،
مادامىكى قاراڭغۇغا چوقۇنمايمەن،
ئۇنداقتا چۈشتىن سۆز ئېچىشقا نە ھاجەت.

مادامىكى قۇياشقا شۇنچىلىك ئوخشايمەن،
قولۇمنى، پېشىمنى تارتاي ئۈستۈڭدىن،
راھەت، باياشاتلىق بولغان يېرىڭدىن.
مادامىكى قۇياشقا شۇنچىلىك ئوخشايمەن،
تۇغۇلۇشىم كېرەك ئوتتۇرىسىدا خارابىلىكنىڭ.

جالالىدىن رۇمى يالغۇز باھارنىڭ تەسۋىرلىرى، قۇياشنىڭ سىمۋولى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي يەنە تەبىئەتنىڭ بىربىرلىرى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان باشقا ئالامەتلىرىنىمۇ تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن، باغ بىلەن باغۋەن، قۇش بىلەن گۈل، گۈل بىلەن تىكەن، ئاشىق بىلەن مەشۇق، سۇ بىلەن تۈگمەن قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلار ئارقىلىق ئىپادىلىمەكچى بولغان مەركىزى ئىدىيىنى بەدىئىي تەپەككۇر ئارقىلىق ئوبرازلىق ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

دېمەك جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرى يۇقىرى بەدىئىيلىككە، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئىلغار پىكىرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن تا بۈگۈنگە قەدەر كىشىلەر تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ ھەر بىر مىسراسى قولىمىزدا ئىختىيارسىز چوڭقۇر ھېسسىياتلىق سۆيگۈ ئىچىدە، تۇتۇپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ بىر پارچە سۈرىتىدەك كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ.

باھار پەسلى يېتىپ كېلىپ پۈتۈن تەبىئەتنىڭ جۇشقۇنلۇققا چۆمۈلىشىنى مۇنۇ مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ:

تەبىئەت باشلىدى بۈيۈك ئىشنى،
بۇلۇتلار كېلۇر ئۇزاقلاردىن.
قاتار ـ قاتار، توپ ـ توپ بولۇپ،
سۇغۇرىدۇ يەر ـ زېمىننى.
بۇلۇتلار ماڭىدۇ تاغ بېشىغا،
ئويغىنىپ تىكىدۇ كۆزىنى يەر يۈزىگە.
كۆكلەر چالىدۇ دۇمباقلىرىنى،
گۈللەر مەھلىيا قىلۇر تالىنىڭ كۆڭلىنى.
ئەجەپمۇ مېزىلىك باھارنىڭ پۈرىقى،
ئۇرۇقمۇ بېرىدۇ نەسلىگە كۆڭلىنى.
دەرەخلەر تىنماي سۆزلەپ تۆكەر ئىچىنى.

جالالىدىن رۇمى ئەسەرلىرىدە ئېتىزلىقتىكى زىرائەتلەردىن

سۆزلەيدۇ. بۇغداي مايسىلىرىدىن، بوي تارتىشلىرىدىن، ئالتۇن باشاقلىرىدىن، ئورما مەزگىللىدىن، خاماندىن، ساماندىن، ئۆگۈتتىن، تۈگمەندىن، ئۇندىن، خېمىردىن، ناۋاينىڭ چېۋەر قولى بىلەن لالىدەك ھۆپپىدە قىزىرىپ پىشقان توقاچلاردىن تارتىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىن تارتىپ تا پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىشقىچە بولغان ھۈنەر-سەنئەت باسقۇچلىرىنى بىربىرلەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوبرازلىق ھالدا ئادەمنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسىدىكى ھەربىر جەرياننى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەيدۇ.

ئۇ «دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۆلۈپ كۆمۈلگەن ئۇرۇق قانداق ئۈنەر، يۈزلەرچە باشاق بولۇپ.

تەڭرىنىڭ لۇتفى بىلەن مەنمۇ مىڭ قېتىم ئۆلۈپ يەنە تىرىلدىم خۇددى ئۇ ئۇرۇقتەك.

سېنىڭ تەرگەن ئېتىزلىقلىرىڭدىن، ئاشىق ئورغاقلىرى بىلەن ئورىدىڭ بىزنى.

خامان تېپىپ ئايرىدىڭ ساماندىن، ئاندىن ئامبار تەرەپكە سۆرىدىڭ بىزنى.

بۇ سۆرەش، توغرىلىققا، ياخشىلىققا ۋە زەررىدىن پۈتۈنلۈككە ئاپىرىدۇ بىزنى.

خامان ياخشى بىر يەردۇر، چۈنكى ئۇ يەر پادىشاھنىڭ «جان خامانى»دۇر.

مەسىلەن ئۇنىڭ «سۇ دېدىكى» ناملىق شېئىرىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى:

كۆڭۈل بۇغداي دانچىلىرىغا ئوخشايدۇ،
بىز بولساق تۈگمەنگە.
تۈگمەن نەدىن بىلسۇن،
بۇ ئايلىنىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟

تۆگمەن تېشىغا ئوخشايدۇ بەدەن،
ئوي بىلەن قايغۇ سۇغا.
سۇ قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى،
تاش كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىدى.

سۇ دېدىكى:
تۆگمەنچىدۇر سۇنى ئۆستەڭگە باشلىغان،
ئۇنىڭدىن سورا سەن بۇ ئىشنى.
ئەي نان يېگەن، دەيدۇ ساڭا تۆگمەنچى،
ناۋاي دېگەن قانداق قىلۇر،
ئەگەر بۇ تۆگمەن پىرقىرىمىسا؟

بېشىدىن ئۆتكەنلەر بەك ئۇزۇن،
ئۈزۈلمەس ئىشلارنىڭ ئاخىرى.
ئۇلۇغلۇقنىڭ سايىسىدا بىلىمدار تۆگمەن،
بىر ئوبدانلا داننى يانجىپ تالقان قىلۇر.
سورىساڭ ئۇنىڭدىن دەيدۇ ساڭا ھېكمىتىنى.

يەنە بىر شېئىردا مۇنداق دەيدۇ:
جاھان بىر تونۇردۇر،
ئۇ يەردە ھەرخىل نانلار بار.
پەقەت ناۋاينى كۆرگەن،
نېمە قىلسۇن تونۇر ۋە ناننى.

بۇ يەردىكى ئوبرازلىق ئوخشىتىشلاردا تونۇر يەر يۈزىگە، پىشقان نان يېتىشكەن ئىنسانغا، ناۋاي جانابى ھەققە سىمۋول قىلىنغان بولۇپ نان بارلىقتىكى بىرلىككە ئېرىشىش يولىدىكى ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدۇر. يەنى ئادەمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسۈشى، يېتىلىشى، ئاخىرىدا ئۆلۈش

مۇساپىسىدۇر. يەنە خاماندا بۇغداينىڭ ساماندىن ئايرىلىشى بولسا ھەقىقىي بىلەن ھەقىقىي بولمىغاننىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشىدۇر.

بۇغداينىڭ تېرىلىشىدىن تا پىشىپ نان بولغىچە بولغان بۇ جەريان ئارقىلىق جالالىدىن رۇمى تەپەككۇر كۆچىگە تايىنىپ تەسەۋۋۇپتىكى ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە يېتىلىش جەريانى، ئاخىرى كامىل ئادەم بولۇپ ئۆلۈشى ۋە يەنە تىرىلىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇرۇق، ئېتىز، مايسا، بۇغداي، باشاق، ئورما، خامان، داننىڭ ساماندىن ئايرىلىشى، ئاندىن ئامبارغا كىرىشى، تۈگمەندە ئېزىلىشى، ئۇن، خېمىر ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تونۇردا نان بولۇپ پىشىپ چىقىشى. بۇ جەرياندا ئېتىزلىقتىكى ھەرخىل ھاشارەتلەرنىڭ زىيان-زەخمىتىگە ئۇچرىشى، خاماندا تاش بىلەن ئېزىلىشى، خاماندىكى ئوت ئاپەتلىرى، چاشقانلارنىڭ تالان-تاراج قىلىشىغا ئۇچرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىي بىر نىزامنىڭ تەبىئەتتىكى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

جالالىدىن رۇمى تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنى شۇنچە ئىنچىكىلىك بىلەن تىلغا ئېلىشتىن ئاۋال تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەرنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. باھار كېلىشى بىلەنلا يېقىن مۇرىتى ھىسامىددىن چەلەبىنىڭ بېغىغا بېرىپ گۈل-گىياھلار، قۇشلار ۋە ھاشارەتلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتەتتى. باھار كىرىپ يەر ئىسسىغاندا چۈمۈلىلەرنىڭ ئاستا-ئاستا ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ مېڭىشلىرىنى كۆزىتەتتى. قارا چۈمۈلىلەر قاراڭغۇ تۇپراق ئاستىدىكى مەھبۇسلۇق ھاياتىدىن قۇتۇلۇپ، يەر يۈزىگە چىقىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق باھاردىن خوش خەۋەر بېرەتتى.

جالالىدىن رۇمى، قۇش ۋە ھاشارەتلەرنىڭ يالتىراق قاناتلىرى بىلەن كىچىك پۇتلىرى ۋە نازۇك ئاۋازلىرى بىلەن تەبىئەت ئاتا قىلغان ئەركىنلىككە تەنتەنە قىلىشلىرىدىن زوق

ئالاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە زىرائەتلەرنىڭ تۇپراق ئاستىدىن ئاستا ئۈنۈپ چىقىپ مايسىغا ئايلىنىشلىرىدىن، مەجنۇنتاللارنىڭ بىخ چىقىرىپ گۈزەل باھارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇشلىرىدىن كۆڭلى يايراپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. ئۇ تەبىئەتتىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ ناتۇرال ھاياتىغا ئىنتايىن قىزىقاتتى.

جالالىدىن رۇمى قىش پەسلىدىكى قار توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئېرىيمەن، سەل بولۇپ ئاقىمەن.
ئۇدۇل دېڭىزغا ئاقىمەن،
مەن دېڭىز ۋە ئوكيانغا ئائىت،
بارلىق بولىمەن ئەسلىدە.
يالغۇزمەن، تۇرغۇنمەن،
توڭلاپ كرىستاللىشىپ قاپتىمەن.
يوقلۇق ھالىتىدە مۇنداق دېدىم:
ئەي شاھلارنىڭ شاھى،
پۈتۈن تەسەۋۋۇرلار بۇ ئوتنىڭ ئىچىدە ئېرىدى.

ئۇ جاۋاب بەردى: سېنىڭ خىتابىڭ تا ھازىرغىچە قارنىڭ مەۋجۇتلىقىدا.

قار مەۋجۇتلا بولىدىكەن، قىزىل گۈل يوشۇرۇن ھالەتتە بولىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئاللاھنىڭ تەبىئەت ئارقىلىق بىز ئىنسانلارغا سۇنغان نېمەتلىرىنى تۆۋەندىكى ھېكايە ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ:

بۇ دۇنيا ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن بىر ماكان بولۇپ، بۇ يەردە يالغۇز بىر ئۆكۈز ياشايدىكەن. بۇ ئۆكۈز ھەر كۈن كەچكىچە يايلاقتا ئوتلاپ، ئۇخلاپ، ئېغىناپ يۈرىدىكەن. ھەمدە كۈندىن-كۈنگە سەمرىدىكەن. ئەمما كەچ بولدىمۇ «ئەتە نېمە يەيدىغاندىمەن» دەپ ئويغا پاتىدىكەن، ئەنسىرەپ خىيال سۈرىدىكەن. تاڭ ئاتقاندا يايلاقنىڭ يەنىلا ياپيېشىللىق

ئىچىدە تۇرغانلىقىنى كۆرىدىكەن. ھەتتا ئوت ـ چۆپلەر ئېگىز بويى تارتىپ شامالدا دولقۇنلاپ تۇرار ئىكەن. ئۆكۈز ئاچ قورسىقىغا راسا يەيدىكەن. ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئوتلاقتىكى ئېگىز ئۆسكەن قويۇق چۆپلەرنى باشتىن ئاخىرىغىچە پاك ـ پاكىز يەپ تۈگىتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ كەچ كىرگەندە يەنە ئەتىنىڭ غېمىنى يەيدىكەن. ئەتە ئاچ قېلىشتىن قاتتىق ئەنسىرەيدىكەن ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئورۇقلاپ كېتىدىكەن. داۋاملىق «ئەتە نېمە يەيمەن؟» دېگەن ئويدا ھاياتىنى داۋام قىلىدىكەن. يىللار بويىچە بۇ ئوي ـ پىكىردىن خالىي بولالمايدىكەن.

ئەمما ئۆكۈز بىر قېتىممۇ مۇنداق ئويلاپ باقمايدىكەن: «شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ يايلاقتىكى ئوت ـ چۆپلەر ھېچ ئازايماي داۋاملىق ئۈنۈپ تۇردى. مېنىڭ رىزقىم بىر كۈنمۇ ئۈزۈلۈپ قالمىدى. ئۇنداقتا بۇ قورقۇ، كۆڭلۈمنى غەش قىلىدىغان غەم ـ غۇسسە زادى نېمە ئۈچۈن؟»

بۇ نەپىس ئەنە شۇ «ئۆكۈز»دۇر. يېشىل يايلاق بولسا تەبىئەت .

بىز ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تەبىئەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق تەبىئەت ھەر ۋاقىت گۈزەللىكى بىلەن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىدۇ.

پۈتۈن بۇ جانلىقلار ۋە ئالەمدىكى ھادىسىلەرنىڭ گۈزەللىكلىرى دائىم ئاللاھ سۆيگۈسىنى، ئىنسان سۆيگۈسىنى، تەبىئەت سۆيگۈسىنى بىزنىڭ قەلبىمىزدە جۇشقۇنلىتىدۇ.

جالالىدىن رۇمى تەبىئەت تەپەككۇرى ئارقىلىق باشقا مۇتەسەۋۋۇپلار بىلەن ئوخشاش ئۇسلۇپتا تەڭرىنىڭ ئاشكارە ۋە يوشۇرۇن ئالامەتلىرىنى گۈزەل بەدىئىي ئۇسۇل، بەدىئىي سۆزلەر، بەدىئىي تەپەككۇر ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئاللاھ ياراتقان تەبىئەتنى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى تەبىئەتتىكى ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بىزنى تەبىئەتنى سۆيۈشكە

جۈملىدىن ئاللاھقا ئاشىق بولۇشقا چاقىرىدۇ. بۇ كائىنات شۇنداق كۆپ سىرلار خەزىنىسىگە تولغان ئىكەنكى ئۇنىڭ سىرلىرى يېشىلىپ تۈگىمەس، خەزىنىلىرى ئېچىلىپ پۈتمەس. بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل ئىدراكى ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا يەتمەيۋاتىدۇ.

بىز تەبىئەتكە سۆيگۈگە تولغان بىر قەلب بىلەن قاراپ، ئەقىل ـ ئىدراكىمىزنىڭ يېتىشىچە چۈشىنىشكە ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ماڭىمىز. ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنىڭ ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان تەبىئەتكە ئەينەكتەك قاراپ، ئۆزىمىزنى ئۇنىڭدىن كۆرۈپ، ئۆزىمىزنى تونۇپ يېتىمىز. بۇ ئەينەكتىن ئۆزىمىزنى سۈزۈك كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەكنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ، چېقىلىپ كېتىشتىن ئاسراپ، كەلگۈسى ئەۋلاتلارغا ئەسلى گۈزەللىكى بىلەن تاپشۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم.

# 8. جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى

ئۆزۈڭ ئۈچۈن قىلماقچى بولغان نەرسىنى ئالەمگە قىل.
مەيلى ئۇ رىيازەت بولسۇن، مەيلى زىيانلىق.

جالالىدىن رۇمى بىر تەسەۋۋۇپچى، شائىر، داڭلىق ئىسلام ئالىمى بولۇپلا قالماي يەنە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىغا ئىگە ئۇلۇغ شەخستۇر.

جالالىدىن رۇمى تەكرى بۇ زېمىنغا ئاپىرىدە قىلغان بارلىق ئىنسانلارنى تەڭ ـ بارارۋەر دەپ تونۇيدۇ. مەيلى ئۇلار مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى يەھۇدى، مەيلى خرىستىيان، مەيلى دىنسىز بولسۇن ھېچقانداق دىن ئايرىمچىلىقى قىلماي ۋە مىللەت، ئىرق ئايرىمچىلىقى قىلماي ھەممىسىنى بىر بەدەن دەپ تونۇيدۇ. مۇھىم بولغىنى ھەر ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بولىدىغان «ئۆزىنى بىلىش» ئارزۇسىدۇر.

كەل، كەل، كەل قانداق بولساڭ يەنە كەل،
مەيلى كاپىر، مەيلى بۇتپەرەس، مەيلى ئاتەشپەرەس بولساڭمۇ كەل.
بىزنىڭ دەرگاھىمىز ئۈمىدسىزلەر دەرگاھى ئەمەستۇر،
يۈزمىڭ قېتىم تۆبەڭنى بۇزغان بولساڭمۇ يەنە كەل.

جالالىدىن رۇمىي بۇندىن سەككىز ئەسىر مۇقەددەم «كەل! كىم بولساڭ كەل، يەنە كەل» دەپ پۈتۈن دۇنياغا مۇھەببەت بىلەن خىتاب قىلىپ، بارلىق ئىنسانلارغا ئىللىق قۇچاق ئېچىپ، گۇمانىزملىق ئىدىيىسىنى نامايەندە قىلدۇ.

جالالىدىن رۇمىي «بىز بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدۇق، ئايرىش ئۈچۈن ئەمەس» دەپ بارلىق ئىنسانلارنى ئىتتىپاقلىششقا چاقىردۇ.

جالالىدىن رۇمىي ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئۇلۇغ تۇيغۇلىرىنى ئادەتتە ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بىر ساددىلىق ۋە ئاڭلىقلىق ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغان:

قاچانمۇ بۇ ھېساپ ـ كىتاب قىلىشتىن ۋاز كېچىمىز، قاچان؟
جان مەجلىسىنىڭ ھوزۇرىغا قاچان ھەممىمىز كىرىپ ئولتۇرىمىز؟
لەۋلىرىمىزگە يالغۇز قەدەھنى تەككۈزمەستىن،
قاچان بۈيۈك دوستىمىزنىڭ ھوزۇرىدا جان شارابىنى ئىچىمىز؟
قاچان ئىچىمىز، قاچان؟
قاچان دەيمىز جان ساقىسىگە ئۈزات قولۇڭنى دەپ،
بىز بۇ تەرەپكە كۆچتۇق ئەمدى،
ھەدىيەلەرنى ئەكەلدۇق ساڭا.
قاچان دەيمىز جان ساقىسىگە نېمىگە تۇرىمىز؟
باغلىنىپ قالدۇق، قولۇڭغا چۈشتۇق.
غۇربەت ئەللەردە مۇزلىدۇق، توڭلاپ قالدۇق.
سالام بەر، ئەھۋالىمىزنى سورا، قۇچاق ئاچ، ئىسست بىزنى،
بىزگە قىزىل شاراپ سۇن.
قاچان بىزگە جاۋاب بېرىدۇ ئۇ، قاچان؟
قاچان دەيدۇ نېمەم بولسا سىلەرنىڭ،
قېنى ئافىيەتلەر بولسۇن دەپ.

جالالىدىن رۇمى يالغۇز تۈرك، ئىسلام دۇنياسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك گۇمانىزمچىسى ۋە جەمئىيەتشۇناسىدۇر. ئۇ ھەر ۋاقىت مۇتەئەسسىپلىك، ئۆزلۈمچىلىك، كونىلىققا قارشى تۇرۇپ ئىلغارلىقنى، تەرەققىياتنى تەشەببۇس قىلغان زاتتۇر. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى بۇ دۇنيا، بۇ ھايات داۋاملىق تەرەققىيات، ئىلگىرلەش، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئېلىش جەريانىدىن ئىبارەت. كونا چۈشەنچە، كونىلىقلارنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىلغار پىكىرلەر ئالىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ھەم بار ھەم يوق بولغان دۇنيادا،
بىر بىرلەپ يوقلار كەتتى، بارلار كەلدى.
كونا ماللارنى ساتقانلارنىڭ زامانى كەتتى،
بىز يېڭى نەرسىلەر ساتىمىز.
بۇ بازار ئەمدى بىزنىڭ بازىرىمىز.

گۇمانىزملىق قاراش دۇنياغا ھېچ يېپىلمىغان ۋە ھەتتا ھېچ بىلىنمىگەن، قۇللۇق تۈزۈم تېخى يوقالمىغان، ھەممە يەرنى موئەللارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى قاپلىغان قاباھەتلىك بىر زاماندا قەتئىيلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىنسانپەرۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە ئەسەرلىرىدە بۇ تەشەببۇسلىرىنى شەرھىلەپ دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەڭ بۈيۈك گۇمانىست ئەدىبلەردىن بىرى بولۇپ قالغان.

گۇمانىزم ئىنساننىڭ ئاڭ ۋە ماددا بارلىقىنىڭ ئالەمدىكى ئورنىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر پۈتۈن مەدەنىيەت ھەرىكىتىدۇر. گۇمانىزملىق ئىدىيە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان بارلىق ئىنسانلارنى تەڭ باراۋەر كۆرىدىغان ئۇلۇغ بىر روھتۇر.

گۇمانىزم بارلىق ئىنسانلارنىڭ قەدىر قىممىتىنى قىلىدۇ، ھەممىسىگە ئوخشاش ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ.

بارلىق ئىنسانلار بىر بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئۆزگىچە چۇشلۇق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئەسكى ئادەمنىڭ ئىچىدىمۇ چوقۇم ياخشىلىق، ئىنسانلىق ئۇرۇقىنىڭ بار بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ياخشىلاشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەسلىدىلا بار بولغان ياخشىلىق ئۇرۇقىنى، گۈزەللىكنى يېتىشتۈرۈشنى، راۋاجلاندۇرۇشنى نىشان قىلىدۇ. ئىنسانلارغا ياخشى ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتىنى سۇنۇش ئىلگىرى سۈرىلىدۇ.

ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:
چىچەكلىگەن ئانار باغدا گۈلدەك تۇرىدۇ،
ئەرلەر بىلەن سۆھبەتتە بولساڭ ئەردەك بولۇر.
مەرمەردەك كېسىلگەن قاتتىق بىر تاش،
بىر كۆڭۈل ئىگىسىنىڭ قولىدا ئۈنچە بولۇر.

ئۇ يەنە «ئىنسان بىر خېمىر تەڭلىسچىلىكلا. ئەمما ئۇ ھەممە بارلىقتىن ئۇلۇغتۇر»، «ياخشىلىق ئىزدىگەندە ئەسكىلىك قالمايدۇ» دەپ بارلىق ئىنسانلارنى ياخشىلىققا، گۈزەللىككە، توغرا يولدا مېڭىشقا چاقىرىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ گۇمانىزملىق يولى، ئىنسانلارنى تەڭ-باراۋەر كۆرۈش، ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇلارغا ئەركىنلىك، ياخشى ۋە راھەت تىرىكچىلىك مۇھىتى سۇنۇپ بەختلىك ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىشان قىلغان پەزىلەتلىك بىر يولدۇر.

جالالىدىن رۇمى گۇمانىزملىق روھنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى نەپسانىيەتچىلىك، ئۆزۈمچىلىك(ئەگو) ۋە بارلىق يامان ئادەتلەردىن قۇتقۇزۇپ ھەقىقى مەنىدىكى روھي ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە دەرتمەن،

ئىزتىراپ چەككەن يوقسۇللارغا ياردەمدە بولۇش، ئۇلارنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ ھەمسۆھبەت بولۇش، ئۇلارنى ئازراق بولسىمۇ خۇشال قىلىشنى ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى دەپ قاراپ مۇنداق دەيدۇ:

دەرتلىك كىشىنىڭ كۆڭۈل ئۆيى ئىككىلىنىش ۋە ئەلەمگە تولغان بولىدۇ.

ئۇنىڭ دەردىنى ئاڭلاش، ئۇ ئۆيىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ، ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇش دېمەكتۇر.

گۇمانىزم، كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەر ۋاقىت تۇيۇقسىزلا يۈز بېرىدىغان ئۇششاق قايغۇلار، مەيلى ماددىي جەھەتتىن بولسۇن ياكى بولمىسۇن ھەر تۈرلۈك مەنپەئەتلەر، ھېساپلاردا ۋاقتى كەلگەندە ھېچ ئىككىلەنمەستىن ھەر تۈرلۈك پىداكارلىقلارنى قىلىدىغان ئىنسانلارنىڭ ئىنسانىي پەزىلىتىدۇر. بۇ دۇنياغا ئىنسان بولۇپ ئاپىرىدە بولۇشتىلا بىزگە يۈكلەنگەن ۋە ئىنسانلىقنىڭ ساپ، پاك يۈزىنى نامايەندە قىلىدىغان ھەقىقىي ئىنسان تۇيغۇسىدۇر.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

بەدەندە قايسى خۇي غالىپ بولسا ھۆكۈم ئۇنىڭدۇر،
رودا ئىچىدە ئالتۇن كۆپ بولسا ئالتۇن ھېساپلىنىدۇ.
مىس كۆپ بولسا مىس ھېساپلىنىدۇ،
ساۋابىڭ كۆپ بولسۇنكى، مۆمىن دېگەن ھۆكۈم بېرىلسۇن.

ئىنسان ئىچىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرىنىڭ جۇشقۇنلىششى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنى بىلىشى، نەپسىنى يېڭىشى، يامان ئادەتلىرىدىن، خۇمالىرىدىن، قايغۇلاردىن،

ئەندىشىلەردىن ۋە ھەر تۈرلۈك مەنپەئەت چۈشەنچىلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا ۋە شۇنداقلا بارلىق ئۆزۈمچىلىك بېسىملاردىن قۇتۇلۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا ئۆز ئارا ياردەم، سۆيگۈگە تولغان كۆڭۈل، ئۆز ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىدىغان، ئۆز ئارا ئورتاقلىشىدىغان كەيپىيات بىلەن بىرلىك-باراۋەرلىك ئىچىدە ياشاش دەپ قارايدۇ.

ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئىنسان دېگەن بۇ بارلىقنىڭ جالالىدىن رۇمىدەك بىر تۇيغۇغا كېلىشى بەكمۇ تەس. بۇنداق يېتىشمەك، بۇ يولدا ماڭماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس.

ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جالالىدىن رۇمى ھەقىقىي بىر گۇمانىزمچىدۇر. ئۇ بارلىق ئىنسانلارنىڭ دەرتلىرىنى، ئەلەملىرىنى، خۇشاللىقلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئوخشاش تۇيغۇ ئىچىدە ۋە ھېچ بىر ئايرىمچىلىق كۆرسەتمەي ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلغان ئىنسان.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

شۇنى ئېنىق بىلىشىڭلار لازىمكى، بارلىق ئىنسانلار يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر بولغاندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

يەنە ئۇ «يازغان خېتىڭنىڭ سىياھى سۇ، قەغىزى شامال بولسا، نېمە يازساڭ ياز قىممىتى بولمايدۇ.» دەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئەسەر، سۆھبەت ۋە مەكتۇپلىرىدا ئىنسانلارنىڭ ئىنساندەك ياشىشىنى، ئىنسان بولۇپ بۇ دۇنياغا كېلىشىنىڭ پەزىلىتىنى ئالاھىدە شەكىلدە تىلغا ئالىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئىچىدە ياشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ئۆتكۈنچى ھەۋەس، ياسالما ھاياجانلاردىن خالى بولغان كۈچلۈك، ئۇلۇغ ۋە تولۇپ تاشقان بىر سۆيگۈگە باغلىق دەپ قارايدۇ. بۇنداق تۇيغۇغا ئىگە زاتلار ئۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ بەختىگە ئاتىغان بولىدۇ. بارلىق ئىنسانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەقىقىي رىئاللىقنىڭ دەل ئۆزى دەپ تونۇيدۇ. گۇمانىزم بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك، ئەڭ كۈچلۈك ئاممىۋى ياردەملىشىشىدىن مەيدانغا كېلىدىغان ئۇلۇغۋار غايىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

شۇڭا ئىنسانغا بەخت ئاتا قىلىدىغان، ئىنسان روھىنى جۇشقۇنلاشتۇرىدىغان تۇيغۇ گۇمانىزمدۇر. ھەر بىر شەخسكە ئىنسان بولۇش ئالاھىدىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. ئىنسان بولۇشنىڭ ئۆزى ئىنساندەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن تولغان بولىدۇ. ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇش ھاياتنى سۆيۈپ، بەختلىك ياشاشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

سۆيگۈ ۋە ئىچ ئاغرىتىش ئىنساننىڭ ماھىيىتى،
غەزەپ ۋە شەھۋەت ھايۋاننىڭ ماھىيىتى.
شۇڭا ئەر كىشى ياخشىلىق ئۈۋلىغۇچىدۇر.

كۆچەتلەر مېۋە بېرىدۇ، ئېتىزلىقلاردا زىرائەتلەر يېتىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ پۈتۈنلەي ھاياتلىقنىڭ داۋاملىشىشى ئۈچۈن. ئۇنداقتا بىز ئىنسانلار نېمە قىلىشىمىز لازىم؟

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدىكى گۇمانىزم يەنە ئۆز ئارا ئەپۇ قىلىش، ئۆز ئارا چۈشىنىش، ھېچقانداق پايدا ـ زىياننى ئويلاشماي ياردەم قىلىشتۇر.

جالالىدىن رۇمى: «مەن مېنى چىشلىگەن ئىتقىمۇ مۇنداق دۇئا قىلىمەن: يا رەببىم، سەن ئۇنى بۇ خۇيىدىن ۋاز كەچتۈر. ئادەملەرنى چىشلىمەي خەلقنىڭ تاش ئېتىشىدىن،

كالتەكلىشىدىن ساقلىنىپ قالسۇن.»

ئەمەلىيەتتە كۆپچىلىكىمىز ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز داۋاملىق باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈشنى، تەقدىرلىنىشكە ئېرىشىشنى، نام چىقىرىشنىلا ئويلايمىز. شۇڭا بىز ئۆزىمىز توغرا دەپ بىلگەن خاتا چۈشەنچىلەردىن ئازات بولۇشىمىز لازىم.

جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «چۈمۈلە بىر تال بۇغداينى دەپ ئۆمرىنى خاراپ قىلىدۇ. ئەسلىدە ئۇ دانغا قاراپ خامانىنى كۆرگەن بولسا، بىر تال داننىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرمايتتى.»

بۈگۈنكى دۇنياغا ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق ئىنسانلار بىر-بىرلىرىنىڭ قەلبىنى چەللەپ ئوق ئاتماقتا. ئۆي-ماكانلىرىنى بومباردىمان قىلماقتا. مىليونلىغان ئىنسان خانى ۋەيران بولۇپ يۇرت ماكانلىرىدىن ئايرىلماقتا. تىلى، مەدەنىيىتى، دىنىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلانماقتا. بىرسى ئورنىغا چۈشۈپ كەتسە قۇتۇلدۇرماقتا يوق ئۈستىگە توپا تۆكمەكتە. ئەمما يەنىلا ياخشى نىيەتلىك ئىنسانلار ئۇ زالىملارغا قارشى كۈرەش قىلماقتا. ئەركىنلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك جەڭچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىنى ئۆزگەرتىپ قايتا قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

جالالىدىن رۇمى ياشىغان دەۋرلەرمۇ بۈگۈنكى كۈندەك ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئوتى قاپلىغان ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئۇرۇشنىڭ خانىۋەيرانچىلىقى ۋە كۆچمەن خەلقلەرنىڭ نامراتلىق ھاياتى تەسەۋۋۇپچىلىقنىڭ روھىي ئىجادىيەت ھامىسى سۈپىتىدە ئەركىن پىكىر ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسىنى نامايەن قىلدى. ئەنە شۇ قىيىن شارائىتلار جالالىدىن رۇمى سۆيگۈگە تولغان ئىنسانپەرۋەرلىك

روھى بىلەن ئىنسانلارغا مەنىۋىي يار يۆلەكتە بولغان.

سۆيگۈ ۋە ئىچ ئاغرىتىش ئىنساننىڭ ماھىيىتى،
غەزەپ ۋە شەھۋەت ھايۋاننىڭ ماھىيىتى.
شۇڭا ئەر كىشىنىڭ ئوۋى ياخشىلىقتۇر.

سۆيگۈ ئازاپنى يوقىتىدۇ. ئاچچىقنى تاتلىق قىلىدۇ. چۈنكى سۆيگۈ ئىنسانلارنى توغرا يولغا يۈزلەندۈرىدۇ. غەزەپ تاتلىقنى ئاچچىق قىلىدۇ. ئاچچىق بىلەن تاتلىق قانداقمۇ بىرگە بولسۇن؟

سۆيگۈ كۆڭۈلدە ياشايدۇ. نىھايەت سۆيگۈ ئىگىسى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلىدۇ.

سۆيگۈنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئېھتىياجى يوق. چۈنكى سۆيگۈ نۇرىنى پۈتۈن كائىناتقا يايغاندۇر.

مەرتلىكتە دېڭىزدەك بول. دېڭىزدىن بىر كومزەك سۇ ئالساڭ سۈيى ئازلاپ قالامدۇ؟ ئەلۋەتتە دېڭىزنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەيدۇ. شۇنداق مەرت بولغاچقا سەدەپنىڭ ئىچىنى ئۈنچە بىلەن تولدۇرىدۇ.

# 9. ئنسان ھاياتدا بلمنڭ رولى

كمكى كامل بولسا، يوق غەپلەت ئاڭا،
غەپلتدە ئلم ھېكمەت ئەقلى بار.
كمكى جاھل بولسا، يوق ھېكمەت ئاڭا،
ئلممۇ غەپلتدۇر ئاشكار.

---

جالالدن رۇمننڭ نەزردە ھەققي بلم ئگسى، ئنساننڭ ھېس ـ تۇيغۇلرىغا، ئەڭ كچك ئېھتمالى بولغان نەرسلەرنمۇ چەتكە قاقمايدىغان پەرق ئېتش قابلىيتگە، بۈيۈك ئدراك كۈچگە، ھاياتنى سۆيۈپ ياشاش ۋە ئنساپەرۋەرلك روھغا ئگە بولۇشى كېرەك.

مەدرسلەردە ئۆگەنگەن بلملەر كشنى بلمگە ئگە قلشى مۇمكن. براق ئوقۇماق، بلملك بولماقنڭ ئۆزلا ئنساننى ھەققي مەندە ياشاش ھەققەتلرگە ئېرشتۈرمەيدۇ.

مەيلى مەكتەپكە بېرپ ئوقۇ، مەيلى ئاڭلا، مەيلى ئۆزلۈكڭدن ئۆگەن، ئگەللگەنلرڭ پەقەت تاشقى جەھەتتكى يۈزەكى بلملەر. ھەققي ئچدكنى كۆرۈپ ئۈنى سەزگۈلرى بلەن برلەشتۈرمسە، كۈچلەندۈرمسە ئنسان «خام سوپى» بولۇپ قالدۇ دەپ قارايدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

ئىلىم سۆيەر بولۇش بىلەن ئالىم بولۇش پەرقلىق. قانچىلىغان ئالىملار بىلىم مەدىكارلىرىدىن بولىدى. سەن ئىلىم سۆيەر بول.

ئىنسان ئۆگەنگەن تاشقى بىلىملىرى بىللە يەنە بىلمىگەن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، ئۆزىنى تەربىيەلەشكە، ۋاقتى كەلگەندە جاپا چېكىشكە تەييار تۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى بىلسە ئۇ چاغدا ئۇ ئىنسان ئۆزىنى تېپىشتىن ئىبارەت توغرا بىر يولدا دەپ قارايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

سۇئالمۇ بىلىمدىن تۇغۇلىدۇ، جاۋاپمۇ.
تىكەن تۇپراق بىلەن سۇدىن ئۈنىدۇ، گۈلمۇ.
ئەسكىلىك بىلىمدىن بولىدۇ، توغرىلىقمۇ،
ئاچچىق ھورلاندۇرۇشتىن بولىدۇ تاتلىقمۇ.

تەپەككۇر بىلەن بىلىم ئادەتتە ئىچ ئىچىدىن گىرەلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. يېتەرلىك بىلىمگە ئىگە بولغان بىر ئادەم تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق بىر نىشانغا يەتمىسە، مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمىسە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىسا يېڭى ئىدىيە ۋە بىلىمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق يېڭى-يېڭى ئىدىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش قابىلىيىتىگە ئىگىدۇر. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان بىلىم ئادەملىرى ھەقىقەتكە بەك يېقىن ۋە ھاياتقا ئوچۇق دېرىزىلەردىن قارايدىغان، تېخىمۇ ئاڭلىق كۆچكە ئىگە بولغان شەخسلەردۇر.

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ھاياتتا ئادەمدەك ياشىشىمىز ئۈچۈن ئېسىل ئەخلاققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە بىلىملىك بولماق ۋە بۇ بىلىم ئارقىلىق تەپەككۇر كۈچى بىلەن مىللىتىمىزگە جۈملىدىن ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلماقتۇر.

بىلىملىك زىيالىيلارغا ھەر ۋاقىت مىللىتىمىزنىڭ يۈكى يۈكلىنىدۇ. مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن بىر بىلىم ئىگىسى بولسىڭىز شۇ جەھەتتىكى مىللىتىمىزنىڭ يۈكىنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشقا مەجبۇرسىز. ھېچ شۈبھىسىز شۇ جەھەتتىكى بىلىمىڭىز ئاشقانسېرى ئۈستىڭىزگە ئالدىغان يۈكمۇ ئېغىرلايدۇ. شۇنداق بولغاندىلا مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك زىيالىيلىرىدىن بولالايسىز. چۈنكى بىز ئۇيغۇرلار ھازىر شۇنداق زىيالىيلارغا باشقا مىللەتلەردىن بەكرەك ئېھتىياجىمىز بارلىقىنى ھەر بىرىمىز ئوبدان بىلىمىز.

ھەقىقىي بىلىم مەڭگۈلۈك خەزىنىدۇر. بۇ توغرىسىدا جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

تۇپراقتا ئۈنگەن گۈللەر يوق بولۇپ كېتىدۇ،
كۆڭۈلدە ئۈنگەن گۈللەر مەڭگۈ قالىدۇ.
بىز ئۆگەنگەن ئۇ تاتلىق بىلىملىرىمىز،
كۆپ بولغاندا باغدىكى ئۈچ دەستە گۈلدۇر.

باغچىنىڭ ئىشىكىنى ئۆزىمىز ئېتىپ قويۇپ،
ئۇ ئۈچ دەستە گۈلدىن قانائەتلىنىپ قالدۇق.
ئىسىت، شۇنداق باغچىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى،
قوساقنىڭ كويىغا چۈشۈپ يۈتتۈرىۋاتىمىز.

بۇ يەردە يەنە مۇھىم بولغىنى بىز ئۆگەنگەن بىلىملەرنى

توغرا يولدا ئىشلىتىشىمىز، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تەپەككۇر قىلىشىمىزدۇر. ھەرگىز ئۇ بىلىم بىلەن ئۆزىمىزنى زىننەتلەش ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ بىلىملەر يالغۇز ئۆزىڭىز ئۈچۈن بولماستىن بەلكى پۈتۈن مىللىتىمىز ۋە شۇنىڭدەك ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتۇر.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، نادان كىشىلەر خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىلىملىك بىرىسىنىڭ بىلىمىنى توغرا يەرگە ئىشلەتمەسلىكى چوڭ پاجىئەلەرگە سەۋەپ بولۇشى ئېنىق.

بۇ توغرىسىدا جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

نادان بىلەن ئولتۇرۇپ بال يېگەندىن ئالىم بىلەن ئۇيقۇدا بولغان شۈبھىسىز بىدار(ھۇشيار)دۇر. ۋاي ئىسىت! ئۇ نادان، بىلىمسىزلەر بىلەن دوست بولغان بىدارلارغا. ئالىم بىلەن ئولتۇرۇپ قۇرۇق نان يېگەن ياخشى.

بىلىمسىز ۋە ئەسكى ئىنسانلارنىڭ كۆپلىكىدىن بىلىملىك ئەزىز كىشىلەر زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

نى نى ئالىملار باركى ھەققىي بىلىمدىن، ھەققىي ئىرپاندىن نېسىۋىسى يوق.
بۇنداق ئالىملار ھافىزدۇر. ئەمما ئىلىمگە مۇھەببىتى يوق.

بەزى ئالىملار بىلىمنىڭ يۈز مىڭ تۈرىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۆزىنى بىلمەيدۇ.

شۇڭا ئىنسان بىلىملىك بولۇش بىرگە ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىنى تونۇپ يېتىشى لازىم. خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئادەم ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىملەرنى ئۆگىنىشى لازىم. كېرەكسىز بىلىم ئارقىلىق ھاسىل بولغان چۈشەنچىلەر، پىكىرلەر باش ئايىغى يوق، قىرغاقسىز دېڭىزغا ئوخشايدۇ.

بىر ئادەم قانچىلىك بىلىملىك بولسا بولسۇن، ھايات قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى، ئىجتىمائىي ئورنى قوساقتىكى بىلىمگە چۈشلۇق بولمىسا، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىمۇ بىلىمگە يارىشا بولمىسا ئۇ ئادەمنىڭ ئادەتتىكى بىرىسىدىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ. جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«بۇنداق ئىنسانلارنىڭ دۈمبىسىگە كىتاب يۈدۈۋالغان، ساۋاتسىز ھامالدىن پەرقى يوق.»

بىلىملىك ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى ئىبادەتتىن ئۈستۈندۇر. بولۇپمۇ ئۇ بىلىم ئادەمنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان بىلىم بولسا.

بىر ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق كىتابلارنى ئوقۇغان بولۇشى مۇمكىن. ھەتتا ئەڭ ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇپ دىپلوملارنى ئالغان بولۇشى مۇمكىن. تەبىئىيكى بۇ ئىگەللىگەن بىلىملەر بىلىملىك بولۇش يولىدا ۋە يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بۈيۈك بىر ئىلگىرىلەشتۇر. ئەمما بۇلارنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرمىغىچە، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرمىغۇچە ئۇ ئىگەللىگەن بىلىملەر كەڭ بىر قۇپقۇرۇق مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىكاردىن ئىرىپ تۈگەيدىغان مۇزغا ئوخشاپ قالىدۇ.

ئىگىسىنى كۆڭۈل ئەھلى قىلغان ئىلىم ئادەمگە پايدا ئەكىلىدۇ.

يالغۇز بەدەنگىلا تەسىر قىلغان، ئىنسانغا ياردىمى بولمىغان بىلىم ئادەمگە يۈكتۇر.

بىلىم ۋە ھېكمەت يولدا توغرا يول كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر.

ھەممە تەرىپى تۈز يول بولسا ئىدى بىلىم ۋە ھېكمەتنىڭ ئەھمىيىتى بولمايتتى.

جالالىدىن رۇمى ئىنساننىڭ ئۆزىگە يارامىلىق بىلىملەرنى ئۆگىنىشىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە ھەزرىتى ئەيسانىڭ ھېكايىسى، پەيلاسوپنىڭ ھېكايىسى ۋە تىلشۇناسنىڭ ھېكايىسى قاتارلىق بىرقانچە ھېكايىنى سۆزلەيدۇ.

## تىلشۇناس

تىلنىڭ گراماتىكىلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىر تىلشۇناس ئالىم كېمىگە چىقىپتۇ. بۇ تەكەببۇر تىلشۇناس ئۆزىنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك دەپ ئويلايدىكەن، شۇ سەۋەپتىن باشقا كىشىلەرنى ياراتمايدىكەن. كېمە چەكسىز دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا، تىلشۇناس كېمىچىنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە:

«ھەي كېمىچى، سەن گراماتىكا بىلەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

كېمىچى «ياق بىلمەيمەن، ھېچ ئوقۇمىدىم.» دەپتۇ.

تىلچى «ئىست، ئۆمرۈڭنىڭ يېرىمى بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كېمىچى خاپا بوپتۇ، تېرىكىپتۇ. ئەمما ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھېچ گەپ قىلماپتۇ.

تۇيۇقسىزلا بوران چىقىپ، دېڭىز سۇلىرى دولقۇنلاشقا باشلاپتۇ-دە، كېمە خەتەر ئىچىدە قاپتۇ.

كېمىچى ئۇ تىلچىغا ۋاقىراپ «سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

تىلچى قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ «ئەي يىگىت، بىلمەيمەن!» دەپتۇ.

كېمىچى مۇنداق دەپتۇ: «ئەي تىلشۇناس ئالىم، ئۇنداقتا سېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ! بىرئازدىن كېيىن كېمە چۆكىدۇ، سېنىڭ ئۇ بىلىملىرىڭنىڭ ھېچ بىرى كارغا كەلمەيدۇ» دەپتۇ.

تىلچىنىڭ ھېكايىسى سىزگە يوق بولماسلىقنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر دەرستۇر.

# 10. جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىقتىسادىي قاراشلىرى

مال-دۇنياغا ئېرىشىشكە ئىشلەتكەن ھىيلىلەر بىكار،
مال-دۇنيا سۆيگۈسىنى ئازايتقان ھىيلىلەر نىگار.
بۇ دۇنيا زىنداندۇر، بىز بولساق ئەسىر،
بۇ زىنداننى تېشىپ قۇتۇلغان ئۆزى بىر پالۋان.

جالالىدىن رۇمى ھاياتىدا بىر پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ، ئالدىغا كەلگەنلەرگە ھۆكۈم بېرىدىغان ۋە پەقەتلا ئوردا ئەمەلدارلىرى، بەگلەر، بايلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سۆزلەيدىغان ئىنسانلاردىن ئەمەس.

جالالىدىن رۇمى شېئىرلىرىدا «بەگلەرنىڭ كىبىرلىك بىلەن بۇرۇتلىرىنى تولغاشلىرىدىن، پادىشاھلارنىڭ پارا ئالىدىغانلىقىدىن پەرقلىنىپ تۇرىشى ئۈچۈن قۇللارنىڭ يۈزلىرىگە تامغا تاغلاشلىرىدىن، ئەسكەرلەردىن، ئۇرۇش قوراللىرىدىن، موڭغۇل تاجاۋۇزچىلىرىدىن، ۋەيران بولغان شەھەرلەردىن، كۆيۈپ كۈل بولغان يېزىلاردىن، ئاياللاردىن، ۋەلىلەردىن، كاتىپلاردىن، دىۋانىلاردىن، باجدىن، سېلىقلاردىن، قاراڭغۇ كوچىلاردىن، تاقىر تاغلاردىن، بازارلاردىن، ساختىكارلارنىڭ خاتا تارازىلىرىدىن، كېسىلگەن باشلاردىن، كوچىدىكى يېتىم باللاردىن، پاھىشە ئاياللاردىن، يالغانچى شەيخلەردىن، مەيخانىلەردىن، مەستلەردىن، دۇمباقلاردىن، سۇنايلاردىن، ئوۋلاردىن، ئوۋچىلاردىن، زىندانلاردىن، قىمار قاتارلىقلاردىن سۆز ئاچىدۇ.

جالالىدىن رۇمى پەقەت شېئىر يېزىش ئۈچۈنلا چىرايلىق سۆزلەرنى قاتار تىزىپ، قاپىيە قوغلىشىپ شېئىرنىڭ پېشىدىن يۈرۈيدىغان ئادەتتىكى بىر شائىر بولماستىن بەلكى خەلقنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، قۇللۇق ۋە فېئوداللىق زۇلۇم، ئۇرۇش ۋە تاجاۋۇزچىلىق، ئوردا پىتنىلىرى، كەيپ-ساپا، پارىخورلۇق، سىياسىي مەككارلىق قاتارلىقلارنى كۆپ تەرەپلىمە جەھەتتىن چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ۋە تىپىلەشتۈرۈپ، تەسەۋۋۇپتىكى «ئاشىق» چۈشەنچىسىنى شەرھىلەش بىلەن بىرگە يەنە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئادالەتسىزلىكنى پاراللىل ھالدا پاش قىلغان.

شۇڭا بىز جالالىدىن رۇمىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى قىيىنچىلىقلارنى، چۈشەنچىلىرىنى، ئادەتلىرىنى، ئېتىقادلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بارلىق ئىپادىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

جالالىدىن رۇمى ياشىغان 13-ئەسىر ئاناتولىيەدىكى سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار دەۋرلەرگە توغرا كەلگەن بولۇپ، شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە مۇرىتلىرىغا داۋاملىق ئەمگەك قىلىش ئىرادىسىنى، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەش يوللىرىنىمۇ ئۆگەتكەن. ھەمىدە ماددىي بايلىقنى قوغلىشىپ مال-دۇنيا سەۋداسى بولۇشتىن ساقلىنىشنى تەكىتلىگەن.

ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەر ئىنسان رىزقىنى ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرىدۇ. مەيلى جىسمانىي ئەمگەك بولسۇن مەيلى ئەقلىي ئەمگەك بولسۇن. ئۆز مېھنىتى بىلەن رىزقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىمىز يەر يۈزىگە چۈشكەندىن بېرى تەۋسىيە قىلىنىۋاتقان بىر ئەمەلىيەت. جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا قول بەرگەن بولسا ئىشلە، قازان ۋە باشقا ئىنسانلارغا پايدا

يەتكۈز.»

جالالىدىن رۇمى تۇرمۇشنى خۇددى باشقا پەزىلەتلىك ئىنسانلارغا ئوخشاش مىھنەت تەرى بىلەن قازانغان پۇلى بىلەن قامدىغان. يەنى مەدرىسىلەردە دەرس ئۆتۈپ تاپقان پۇل بىلەن ئائىلىسىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامدىغان. ئۇ ھېچ بىر ۋاقىت باشقىلارنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنى قوبۇل قىلمىغان، قوبۇل قىلغان بولسا ئۇلارنى دەرھال باشقىلارنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ئىئانە قىلىۋەتكەن. بۇ توغرىسىدىكى پاكىتلار جالالىدىن رۇمىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىدا كۆپ ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا ئۇ ئەسەرلىرىدە ئۆز ئارا ياردەم قىلىشنى، ئۆز ئارا ياردەم بولغاندىلا بۇ جەمئىيەتنىڭ گۈزەل بىر دۇنياغا ئايلىنىدىغانلىقىنى كۆپ تەكىتلەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

بەرگەن ئىنساننىڭ يۈزىدە ھەر ۋاقىت تەڭرىنىڭ تەبەسسۇمى بار.
مال-دۇنيا باشتىكى تۇماققا ئوخشايدۇ. پەقەت تازلار تۇماققا يوشۇرىنىدۇ.
چاچلىرى گۈزەل ۋە بۇدرە بولغان تۇماقسىزمۇ گۈزەل كۆرىنىدۇ.
ئەي كۆڭۈل راھىتى! مەقسىتىڭ بۇ بولسا ئالتۇن-كۆمۈشمۇ كۆز ئالدىمدا تۇپراقتىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس.

ھەقىقىي ئىنسان ياردەم سۆيەر ئىنساندۇر. بەرگەن ئىنسان بىرىپ تۇرۇپ باي بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغۇچىنىمۇ زور ماددىي قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ. پەزىلەتلىك كىشىلەر ياردەم سۆيەر كىشىلەر بولۇپ ئۇلار قانداق بىر شەكىلدە بولسا بولسۇن ئۆز ئارا بۆلىشىش ۋە ئەڭ مۇھىمى چىن كۆڭۈلدىن ئۆز ئارا ياردەم قىلىشنى ئۆزىگە گۈزەل ئەخلاق قىلغان.

ئەينى چاغدا جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇرىتلىرى ئارىسىدا ھەرخىل قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇستا كەسىپ ئەھلىلىرى بار ئىدى. مەسىلەن: تىككۈچى، ياغاچچى، زەرگەر، مىسكە ۋە توقۇمچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىنى قامدايتتى. دەرگاھنىڭ ئىشلىرىنى سادىق مۇرىتلىرىدىن ھۇسامەددىن چەلەبى باشقۇراتتى. جالالىدىن رۇمى ئۇنىڭغا تاغدەك ئىشىنەتتى.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىقتىسادىي قاراشلىرىدا ئەقىل، ئىنساننىڭ تەبىئىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمگەكنىڭ مەقسىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئەقىل

ئىقتىسادنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى ئەقىل بىلەن ئىش كۆرۈش.

جالالىدىن رۇمى ئەقىلنى ئىككىگە ئايرىغان جۈزئىي ئەقىل ۋە كۈللى ئەقىل.

جۈزئىي ئەقىل «شەخسىي ئەقىل»دۇر، يەنى ئۆزۈڭنى بىر بارلىق ھېس قىلماق.

كۈللى ئەقىل بولسا ئۆزىنىڭ ھېچلىكىنى، يوقلۇقىنى ئىدراك قىلغان ئەقىل، يەنى «ياراتقۇچى كۈچنىڭ ئەقلى».

جالالىدىن رۇمى «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەيدۇ:

بىر چۈشىن ئېغىلدا ئېشەك سۈيدۈكىنىڭ ئۈستىدىكى سامان ئەخلىتىگە قونۇپتۇ ـ دە، كاپىتاندەك بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «مەن نەچچە ۋاقىتلاردىن بېرى پاراخوت بىلەن دېڭىزنى خىيال قىلىپ يۈرگەن ئىدىم، مانا بۇ پاراخوت، مانا بۇ دېڭىز. مەن بولسام تەجرىبىلىك، توغرا ئويلايدىغان،

توغرا ھۆكۈم قىلىدىغان، پاراخوت رولىنى ياخشى باشقۇرىغان بىر كاپىتانمەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دېڭىزدا پاراخوتنى ھەيدەپتۇ ۋە دېڭىز ئۇنىڭغا چەكسىز كۆرۈنۈپتۇ. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئېغىلدىكى يىغىلىپ قالغان ئېشەك سۈيدۈكى پايانسىز ۋە چوڭقۇر بىر دېڭىزدەك كۆرۈنگەن ئىدى. چىۋىندە ئېشەك سۈيدۈكنى ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن كۆرىدىغان كۆز نەدە؟

دۇنيانى قانچىلىك كۆرسە، شۇنچىلىك. چىۋىننىڭ كۆزى قانچىلىك بولسا دېڭىزمۇ شۇنچىلىكتۇر.

بىر چىۋىن خاتا ھۆكۈمى بىلەن ئۆزىنى «كاتتا» دەپ بىلگەن. ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ زەررىسىنى قۇياش دەپ قالغان.

ئىنساننىڭ ھالى، ھەۋەسلىرى، ئۆزىنى چاغلىماسلىقى ئاخىرى بېرىپ شۇ چىۋىندەك قىلىپ قويىدۇ.

مۇشۇنداق قۇرۇق چۈشەنچىلەر، قۇرۇق ئىتىقاتلار ئىنسانىنى ھەقنى كۆرمەيدىغان، خاتا ھۆكۈم قىلىدىغان، خاتا تەپەككۇر قىلىدىغان چىۋىنگە ئوخشىتىپ قويىدۇ. ئېشەك سۈيدۈكى ئۈستىدىكى سامان ئەخلىتىنى تەسەۋۋۇرىدا ئاجايىپ غايىۋى بىر نەرسە دەپ بىلىدۇ.

چىۋىن خاتالىقىنى تونۇپ، خاتا چۈشەنچىلىرىدىن ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ بەختى كېلىپ، ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەتتى. ئەمما بۇنداق ئىبرەت ئېلىش قابىلىيىتى چىۋىندە بولمايدۇ. ئۇنىڭ روھى شەكىلگە لايىقتۇر.

شۇڭا ئىنسان جۇزئىي ئەقلىنى كۇللىي ئەقىلگە بويسۇندۇرمىغىچە ھىدايەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۆزىنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇپ يېتەلمەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى بىر مۇتەپەككۇر بولۇپ ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرى، تەپەككۇرى ھەر ۋاقىت ئەقىلنىڭ يولى بىلەن بولغان. يەنە ئۇ كائىناتقا كۆڭۈل كۆزى بىلەن قارىغان. ئۇ «دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل بىر بازارنى كۆردى ۋە سودا ـ سېتىق قىلدى. بىراق ئاشىق ئەقىل بازىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نى ئىسىل بازارلارنى كۆردى.»

ئومۇمەن جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدىكى ئەقىل ، ھېسسىي ۋە ماددىي ئالەم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەجرىبە ۋە ئىنساندىكى تەبىئىي ئەقىل بولۇپ قالماي يەنە بۇ ئالەمدىن باشقا ئالەم توغرىسىدىكى ۋە ئىلاھىي ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئەقىلدۇر.

ئىنسان ھەر ۋاقىت ئەقىل بىلەن ئىش قىلسىمۇ بەزى ۋاقىتلاردا نەپسىگە ئەگىشىپ خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، يەنى ئەقىلگە ئىنساننىڭ نەپسى دۈشمەندۇر.

جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئاقىل بىلەن پەرىشتە بىردۇر. ھېكمەت ئىجابىي ئىككى سۈرەتتە كۆرۈنىدۇ.

پەرىشتىنىڭ قۇشتەك قاناتلىرى بار. ئەقىل بولسا قاناتسىز.

ئۇلار بىربىرىگە ياردەم قىلىدىغان ئىككى دوست.
پەرىشتىمۇ، ئەقىلمۇ ھەقنىڭ ياخشىلىقى،
ئادەمگە ياردەم قىلغان ۋە سەجدە قىلغان.
نەپس بىلەن شەيتاندىن ئىبارەت بۇ ئىككى كاپىر،
ئادەمگە ھەم دۈشمەن بولدى ھەم ھەسەت قىلدى.

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

ئەقلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاقىۋەتنى ئويلايدۇ. نەپس ئاقىۋەتنى ئويلىمايدۇ.

ئەقىل غالىپ بولسا نەپس ئاجىزلايدۇ. چۈنكى ئېغىر يۈكنى كۆتۈرگەن ئېشەك ئورۇقلايدۇ.

شۇڭا ئىنسانلار دائىم ئەقىل بىلەن ھەرىكەت قىلىپ نەپسىنىڭ ئىستەكلىرىگە كىرمەسلىكنى تەكىتلەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ: «دۇنياغا بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ يەرگە شوتا بولسا، ئاخىرەتكە بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىڭ كۆكلەرگە شوتا بولىدۇ.»

ئىنساننىڭ تەبىئىتى

جالالىدىن رۇمى ئىنسانلارنى ئۈچكە ئايرىيدۇ، بىرىنچىسى ئەيسادەك پەرىشتىلەرگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلار؛ ئىككىنچىسى غەزەپ ۋە شەھۋەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئېشەكلەر؛ ئۈچىنچىسى يېرىم ھايۋان يېرىم ئىنسان بولغانلار.

جالالىدىن رۇمى «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ھايۋانىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەملەر قايسى نەرسىدىن ئوزۇقلانسۇن، ئۇ ئوزۇق ئۇنى ئېشەكتەك قىلىدۇ ۋە سەمىرىتىدۇ. بۇنداقلار كېچە ـ كۈندۈز ھايۋان بىلەن ئىنسان ئارىسىدا تىركىشىپ يۈرىدۇ.

«بىز ئىنسانلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتۇق» دېگەن ئايەتنى ئوقۇ. ئەي دوست، ئەڭ قىممەتلىك ئۈنچە جاندۇر. ئىنسان شۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئەرشتىن ئۈستۈندۇر. ئىنسان چۈشەنچىلىرىگە پاتمىغىدەك بۈيۈكتۇر.

ئىنسان بۇ دۇنياغا پەقەت ماددىي ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئاپىرىدە قىلىنمىغان. ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا ئۇنىڭ ھايۋاندىن ھېچ بىر پەرقى بولمايدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ماددىي ھاياتىدىنمۇ ئۈستۈن بولغان مەنىۋىي ھاياتى باردۇر. ئىنساننى شۇ خۇسۇسىيەتلىرى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرگەن. ماددىي ئېھتىياج ئېھتىياجنى قاندۇرغۇچىلىكلا بولسا بولىدۇ. ئەگەر ئېشىپ كەتسە يەنى ماددىي ھەۋەسلىرى ئاشقانسىرى ئىنساندا راھەتسىزلىك يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن جالالىدىن رۇمى «ئېھتىياجدىن ئوشۇق ھەرقانداق نەرسە ئىنسانغا زەھەر» دېگەن.

ئەمما ئىنسان مال-دۇنياغا مايىل بولۇشتەك ئاجىزلىققا ئىگە. بۇ توغرىسىدا «مەسنەۋى»دە مۇنداق بىر ۋەقەنى سۆزلەيدۇ:

ھەزرىتى پەيغەمبەر جۈمە نامىزىدا خۇتبە سۆزلەش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىققان ئىدى. دەل شۇ چاغدا سودىگەر كارۋانلىرىنىڭ شەھەرگە كىرگەنلىكىدىن بىشارەت بەرگۈچى دۇمباق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا نۇرغۇن تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى يۈكلەنگەن كارۋان شامدىن كەلگەن ئىدى. قەھەتچىلىكتىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان جامائەت بۇنى ئاڭلاپ «نامازنى قىلىپ بولدۇق، خۇتبىنى ئاڭلىمىساقمۇ بولىدۇ» دېگەن ئوي بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلىمايلا مەسچىتتىن ئۇدۇل كارۋان بار تەرەپكە يۈگۈرەيدۇ. دەل شۇ چاغدا جۈمە سۈرىسىنىڭ 11-ئايىتى نازىل بولىدۇ. «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار بىرەر تىجارەت ياكى تاماشانى كۆرسە سېنى ئۆرە تۇرۇپ (خۇتبە ئوقۇۋاتقان) پېتىڭ تاشلاپ ئۇنىڭغا (يەنى تىجارەتكە) يۈگۈرەيدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى «ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسە (يەنى ساۋاب ۋە نېمەت) تاماشا ۋە تىجارەتتىن ياخشىدۇر. ئاللاھ رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.»

جالالىددىن رۇمىنىڭ قارىشىچە ئىنساننىڭ ئارزۇلىرىغا ياخشىلىق ۋە ئەسكىلىك يوشۇرۇنغان بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا «مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ مەيلى ۋە ئارزۇلىرى ئۇخلاۋاتقان ئىتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ يوشۇرۇنغان. بۇ مەيىل ۋە ئارزۇلار ئادەتتە ئۇيقۇدا. جىم ۋە ئۇزانغان تاياقتەك ياتىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا بىر تاش ئاتتىڭمۇ، ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئىتتەك خىرس خۇيغا كىرىدۇ. ئۇ مەھەللىدە بىر ئېشەك ئۆلسە يۈزلەرچە ئىت ئۇيقۇدىن ئويغىنىدۇ.» دېمەك ئىنساننىڭ ئىچىدىكى مال ـ دۇنيا خىرسى ھەرخىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

ئىنساننىڭ مال ـ دۇنياغا مەيلى بولغاندا بۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ. ئەسلىدە بۇنداق خۇسۇسىيەت ھايۋانىي خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بىرىدۇر. «مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ: بىر ئۆكۈز باغداتقا كېلىپ شەھەرنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئايلىنىپتۇ. ئۆكۈز ئۇ يەردە پەقەت ئۆزىگە خوش ۋە لەززەت بېرىدىغان نېمەتلەر قاتارىدا قوغۇن ـ تاۋۇزنىڭ شاپاقلىرىنى، يوللاردا چېچىلىپ ياتقان سامان بىلەن مەنگەننى كۆرۈپتۇ. ئۆكۈزگە لايىق بولغان ئەنە ئاشۇلاردۇر.

ئىنساندا مال ـ دۇنياغا بولغان مايىللىقى بىلەن بىللە بۇنى مەيدانغا كەلتۈرگەن نەرسە يەنە ئېھتىياجدۇر. بۇ توغرىسىدا جالالىددىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ ھالدا بارلىقلارنىڭ كۈشەندىسى ئېھتىياجدۇر. ئاللاھ بەندىسىگە ئېھتىياجىغا نىسبەتەن نەرسە بېرىدۇ.»

ناننىڭ قەدرىنى ئاچ بىلىدۇ، توق ھېچ بىلمەيدۇ. ناۋاينىڭ دۇككاندىكى نانلاردىن خەۋىرى يوق. ناۋاي ئاچ بولغان بولسا ئىدى نانلارنى ساتاتتىمۇ؟ دېمەك ئىنسانلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى قىلىشىغا تۈرتكە بولغان يەنە ئېھتىياجدۇر.

دۇنيادا شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىشىمۇ يەنىلا ئېھتىياجدىن بولغان. بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ھەق تائالا كۆكلەرنى ئېھتىياجلارنى قاندۇرسۇن دەپ ياراتقان. قەيەردە بىر دەرت بولسا شىپا ئۇ يەرگە بارىدۇ. قەيەردە بىر يوقسۇللۇق بولسا رىزىق ئۇ يەرگە بارىدۇ. نەدە مەسىلە بولسا، جاۋاپمۇ ئۇ يەردە بولىدۇ. ھەممە نەرسە موھتاجلىق ئىچىدە ھاسىل بولىدۇ، ئىزدىگەن تاپىدۇ.

ئىنسان يالغۇز ئۆزى ئۈچۈنلا ئىشلىمەيدۇ. ئائىلىسىنىڭ ئېھتىياجى، ئۈمىدى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ نىيەتلىرىنىڭ توغرا بولۇشىنى، ياخشى خۇيلارنى يېتىلدۈرۈشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

دۇنيادا نۇرغۇن ئەسكى خۇيلار شۆپۈكتەك گېلىڭغا چاپلىشىپ قالىدۇ. ئۇ شۆپۈك گېلىڭدا شۇنچە يىللار قالىدۇ. ئۇ شۆپۈكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ نام-شۆھرەت، مەنسەپ ۋە مال-دۇنيا سۆيگۈسىدۇر. بۇلار خۇددى شۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئۇ ساڭا باقى ئەمەس. ئۇ گېلىڭدىلا بولىدىكەن، ئابىھاياتنى ئىچىشىڭگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ئېھتىياجدىن ئاشقان ھەر قانداق نەرسە ئىنسانغا زەھەر.

ھەققە ھەقىقىي ئاشىق بولغان مال-دۇنياغا ھېرىسمەن بولمايدۇ.

پاك كۆز، ئەقىل ۋە قۇلاق ئىستىسەڭ، چوقۇم تاماخور پەردىلەرنى يىرتىپ تاشلا. چۈنكى تەقلىد تامادىن بولىدۇ. ئايدىڭ ئەقلىنىڭ نۇرى شۇ سەۋەپتىن پەردىلىنىپ قالىدۇ.

ئىنسانغا مۇھىم بولغىنى يەنىلا مەنىۋىي بايلىق. ئىنسان

مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلگەنسېرى ئۆزىگە بۇ ھاياتتا ئېغىر يۈكلەرنىڭ يۈكلەنگەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. مەنىۋى ھاياتتىكى يۈكسىلىش ئەقىل جەھەتتىكى يۈكسىلىش، تاكامۇللىشىش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەق بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى يالغۇز باغلىنىش ئەقىل بىلەن بولىدۇ. ئەقىل يۈكسىلىپ، تاكامۇللىشىپ مەنىۋى جەھەتتىن قاناتلانغاندا ئاشىق بولىدۇ. ئاللاھقا بولغان ئاشىق پەقەت ئىجتىمائىي ھاياتتىكى سۆيگۈ ۋە ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان بىر قەۋم زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمگەك

جالالىدىن رۇمى ئىنسان تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىقتىسادىي مەنبەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

تىرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىنىڭ ئامبارلىرى بوشاشقا باشلايدۇ. ئەمما ئېتىزلىقلىرى زىرائەتلەر بىلەن تولىدۇ. ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي ئامباردا قالسا، ئۇ ئۇرۇقلۇق چاشقانغا يەم بولىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلەپچىرىش ۋە ئەمگەك بىلەن قولغا كەلگەن قازانچلار ھەر ۋاقىت غەنىمەت ئالغان قازانچلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بىلىمنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ھورۇنلۇقنى قامچىلايدۇ، ئەمگەك قىلىشنى مەدھىيىلەيدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باغلاپ، ئىنسانلارنىڭ داۋاملىق ھەرىكەت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

رىزىق دېگەننى ئەمگەك بىلەن، جاپا ـ مۇشەققەت بىلەن، پىشانىسىنىڭ تەرى بىلەن قازىنىدۇ. ھەركىم ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىگە ھۇنەر بىلەن ئېرىشىدۇ. داۋۇد پەيغەمبەرگە جانابى ھەق ئىسىل ھۇنەرلەرنى ئاتا قىلغان. ئىززەت ـ ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان. ئۇنىڭدا ھەددى ـ ھېساپسىز مۆجىزىلەر بار. ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ بۇگۈنگىچە ئۇنىداق گۈزەل يېقىملىق داۋۇدنىڭكىدەك ئاۋاز ھېچكىمدە يوق. ھەر قېتىم ۋەز قىلغاندا نۇرغۇن كىشى بىھوش بولىدۇ. ھەتتا ئارسلان، جەرەنلەرمۇ ئۇنىڭ ۋەز قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇنىڭ يۈزىدىكى نۇر ھەممە يەرنى يورىتىدۇ. شۇنداق مۆجىزىلەرگە، قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە تۇرۇپ، جانابى ھەق ئۇنىڭ رىزقىنىمۇ جاپا تارتىپ قىلىنغان ھالال ئەمگەككە باغلىق قىلغان. يەنى رىزقىنى تۆمۈرچىلىك قىلىپ، بازغان بىلەن ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا سوقۇپ تاپىدۇ.

ئەي تەييارتاپ ئادەم! سەن ھەقىقەتەن ئاۋارە ۋە پەسكەش بىرسى ئىكەنسەن. ئۆيگە سولىنىۋالغان شۇم پىشانە بىر نېمىكەنسەن. مېھنەتسىز بىكاردىنلا ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان بايلىقنى ئىستەشتىن نومۇس قىل. بىكاردىن كەلگەن مال ـ دۇنيا بىلەن يەنە كۆمۈلۈپ ئۆلۈپ قالما.

رىزىقنى بەرگەن ئاللاھتۇر، بىراق ئاللاھنىڭ رىزىقلاندۇرىشى بىر ۋاستە بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ توغرىسىدا «مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ:

توقلۇق ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدۇ. يەنى بارلىق مەخلۇقاتنى تويدۇرىدىغان ئاللاھتۇر. لېكىن تەبىئەتكە مەھكۇم ۋە تويۇش ئۈچۈن بىر نەرسىگە مەجبۇر بولغانلار ناننىڭ ۋاستىسى بولمىسا قانداق تويىدۇ؟

ئىنسانلارنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئىشلىرى يەنىلا ئەمگەك ئارقىلىق بولىدۇ. بۇ توغرىسىدا

قۇرئـــان كەرىمنىـــڭ نەجـــم سۈرىســـىنىڭ 39 ـ ئايىتىـــدە مۇنـــداق دەيـــدۇ: «ئىنســـان پەقـــەت ئىشـــلىگەن ئىشـــىنىڭ نەتىجىســـىنى كۆرىـــدۇ.»

«مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ:

كىــم جاپــا تارتســا بىــر خەزىنىگــە ئېرىشــىدۇ. كىم ئىشلىســە، تىرىشسا بەختلىك ھالدا سائادەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

قەيــەردە يالــغۇز ۋە موھتاجلىقتــا قالغــان بىرىســىنى كۆرســەڭ بىلگىنكــى ئــۇ ئۈستىســىدىن قاچقــان بىرىســىدۇر. ئــۇ كىشــى كــور، ئەســكى ۋە ھوسۇلســىز بىرســى بولــۇش بىلــەن بىرگــە كۆڭلــى نېمىنــى خالىســا شــۇنى قىلىدىغــان، مەشغۇلىيەتســىزلىك قىلىــپ ئەركىــن ھەرىكــەت قىلىــش ئۈچــۈن شــۇ ھالغــا چۈشــۈپ قالغــان. ئەگــەر ئۈستىســىنىڭ ئويلىغىنىــى بويىچــە ئىــش قىلغــان بولســا ئــدى ئۆزىنــى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنــى ۋە ئەتراپىدىكــى كىشــىلەرنى زىنىنەتلىگــەن بولاتتــى. كىــم بــۇ دۇنيــادا بىــر ئۈســتىدىن قاچســا بىلگىنكــى، دۆلــەت ۋە ســائادەتتىن قاچقــان بولىــدۇ. ئــەي ھۈنــەرۋەن، جەســەت قازانچــى ئۈچــۈن بىــر ھۈنــەر ئۆگىنىپســەن، يەنــە دىــن ســەنئىتىنىمۇ ئۆگىنىشــنى ئويلىشــىپ قــوي.

«ھورۇنلــۇق دۇنيــا دۇكىنىنــى چاققانلىــق بولىــدۇ» دەپ ھــەر كىمنىــڭ ئــۆز ئىشــىغا ئىگــە بولۇشــىغا چاقىرىــدۇ.

جالالىدىـــن رۇمىنىـــڭ نەزىرىـــدە ئىشـــلەپچىقىرىش بىلـــەن شـــۇغۇللىنىش يالغـــۇز ئىنســـانلارنىڭ ماددىـــي ئېھتىياجىنـــى قاندۇرۇش ئۈچۈنـــلا بولـــۇپ قالمـــاي بەلكـــى يەنـــە ئىنســـانىنىڭ فىزىئولوگىيەلـــك ئېھتىياجـــى ئىكەنلىكىنـــى، ئىنســـانىنىڭ ئەمگـــەك قىلىشـــى ئۇنىـــڭ تـــۈپ ماھىيەتلىرىنـــىڭ بىـــرى ئىكەنلىكىنـــى، پەقـــەت ئىشـــلەپچىقىرىش ئارقىلىقـــلا جەمئىيەتنىـــڭ تەرەققىياتىنـــى ئىلگىـــرى ســـۈرگىلى بولىدىغانلىقىنـــى ئىلگىـــرى ســـۈرىدۇ. ئـــۇ بـــۇ توغرىســـىدا «مەســـنەۋى»دە مۇنـــداق دەيـــدۇ:

مەقسىتى نان بولغان بىرسى جانسىز نەرسىگە ئوخشايدۇ. ئىشەكتەك ئۇنىڭ ئەقلى ۋە پىكرى دائىم ئوت-چۆپتە بولىدۇ. بۇنداق بولۇپ قېلىشتىن قۇتۇل، بولمىسا ھۇنەرسىز قالىسەن.

ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ئەمگەك ۋە تىجارەت قىلىش ھەممىسى ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈندۇر. ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا قىلغان ئىشىمىز قۇرۇق، مەقسەتسىز، مەنىسىز ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسان ئەمگەك بىلەن رىزقىنى قازىنىدۇ. تەييارغا ھەييار بولماق ئەھتىمالدىن بەك يىراق.

جالالىدىن رۇمى يەنە تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان دىۋانىلارنى قاتتىق قامچىلايدۇ. ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

بىز دوستلىرىمىزغا تىلەمچىلىك ئىشكىلىرىنى تاقىۋەتتۇق. دوستلىرىمىزنى تىجارەت، كىتابەت ياكى ھەرقانداق بىر ھۈنەرنى قىلىپ مېھنەت تەرى بىلەن تۇرمۇشلىرىنى قامدىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز. بىز ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ «كۆچۈك يەتكۈچە ئىشلەپ، باشقىلاردىن ئىستەشتىن ساقلان» دېگەن بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىمىز. بىزنىڭ مۇرىتلىرىمىزدىن كىمكى بۇ يولدا ماڭمىسا، ئۇنىڭ بىر تىيىنچىلىك قەدىر-قىممىتى يوقتۇر.

جالالىدىن رۇمى مەرتلىكنى تەشەببۇس قىلىپ خەسىسلىككە رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەتراپتىكى قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان ئىنسانلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. جالالىدىن رۇمى ياشىغان دەۋرلەردە دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئەمەس. پەقەت ئىختىيارلىقىدىكى زاكات، سەدىقە ئارقىلىق كەمبەغەل سىنىپقا ياردەم قىلغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەملىشىشنى

تەشەببۇس قىلىدۇ.

بىز ياشاۋاتقان تەبىئەتنىڭ بىر قانۇنى بولغىنىدەك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭمۇ بىر قانۇنى بولىدۇ. بۇ قانۇن ئادالەت بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. ئادالەتنى ھەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇشنى جالالىدىن رۇمى ھەممە ئەسەرىدە تەكىتلەيدۇ. «مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ:

ئادالەت دېگەن نېمە؟ بىر شەيئىنى لايىق بولغان يەرگە قويماق. زۇلۇم دېگەن نېمە؟ لايىق بولمىغان يەرگە قويماق. ئاللاھ ھېچ بىر كېرەكسىز نەرسىنى ياراتمىغان. ئاچچىق، مۇلايىملىق، نەسىھەت، ھىلە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇتلەق ياخشى ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇتلەق خاتامۇ ئەمەس. ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق پايدىسى ۋە زىيىنى بار. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم ۋاجىپتۇر، پايدىلىقتۇر.

جالالىدىن رۇمى شەرق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادالەت كۆز قاراشلىرىدىن، يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق توغرىسىدىكى گۈزەل ئارزۇلىرىدىن، تەسەۋۋۇپتىكى پىكىرلىرىدىن بەھرىمان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي قاراشلىرى، ياخشىلىق، سۆيگۈ، كۆڭۈل، باراۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىق تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ئاساسلىرىغا قۇرۇلغان «ئاشىق» تەلىماتىنى بىزگە روشەن يورۇتۇپ بەرگەن.

# 11. گۇمان، قورقۇ ۋە ئۈمىد

ئەگەر كۆزدە غەپلەت قىلى بولسا، گۆھەرمۇ تاشتەك كۆرىنىدۇ.

ئىنسانىنىڭ تەپەككۇر ئاكتىپچانلىقى ھەر دائىم گۇمان ۋە ھەيرانلىقتىن كېلىدۇ. گۇمان ۋە ھەيرانلىق ئىزدەنگۈچىلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە ئىجادىيەتچىلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش بولۇپ بۇ ئارقىلىق ئىنسان ھاياتىنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ. ئەمما دائىم باشقىلارغا گۇمان بىلەن، يامان كۆز بىلەن قاراش ۋە ھەممە ئادەمنى يالغانچىغا چىقىرىش ئاخىرقى ھېساپتا ئۆزىگە ئىزتىراپ چەكتۈرۈشتىن باشقا بىر نەرسىگە يارىمايدۇ.

بولۇپمۇ بىزلەر باشقىلارغا تولا گۇمان بىلەن قارايمىز، باشقىلاردىن قۇسۇر ئىزدەيمىز. باشتا ئۇلارنىڭ يامان تەرىپىنى كۆرىمىز. ئۆزىمىزنى ھەر ۋاقىت پاك، گۇناھسىز چاغلايمىز.

جالالىدىن رۇمى ئىنسانلارنىڭ شۇ كەمچىلىكلىرىنى قامچىلاپ مۇنداق دەيدۇ:

مەنمەنچىلىك كۆزۈڭگە قادالغان ئەينەككە ئوخشايدۇ. ئۇ كۆزلەر قەيەرگە قارىسا قارىسۇن. ئۆزىدىن باشقا بىرسىنى كۆرمەيدۇ.

توزدەك قاناتلىرىڭغىلا قارىماي، پۇتۇڭغىمۇ قاراپ قوي.

ھەممە ئادەمنىڭ كەمچىلىكىنى كۆرىدىغان كىشى، ئۆزىگە ئەما كۆز بىلەن قارايدۇ.

دېرىزەڭدىن يا ئاينىڭ يا كۈننىڭ يورۇقى چۈشمىسە، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاي بىلەن قۇياشتىن كۆرمەي، بەلكى كۆزۈڭنى تورىغان پەردىدىن كۆرگىن.

سېنىڭ دېرىزەڭ پاسكىنا بولسا، مېنىڭ گۈلزارلىقىم ساڭا ئەخلەت-چاۋا كۆرۈنىدۇ.

كۆڭۈل ئەينىكى پاكىز بولمىغان كىشى ھەقىقىي گۈزەل بىلەن سەتنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

شەيئىلەرگە ياخشى تەرەپتىن قارىغان كىشىلەر، ئالدىدىكى شەيئىلەرگە نىسبەتەن ئەما ۋە پاڭ بولۇپ قالىدۇ. سۆيگەن نەرسىسىنىڭ قانداق بىر نەرسە ۋە ياكى قانداق بىر ئادەم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىنى زىنھار كۆرمەيدۇ ۋە ناچار سۆزلىرىنى پاڭدەك ئاڭلىمايدۇ. ئەمما ئۇ شەيئىگە نىسبەتەن سۆيگۈسى يوقالغان ھامان قۇسۇرلىرىنى كۆرۈشكە باشلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئەيىپ ئىزدەيدۇ ۋە قىلغان سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى غەلىتە تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شەيئىلەرگە ياخشى كۆز بىلەن قاراش، ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈش ئىنساندىكى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقتۇر. بۇنداق ئىنسانلار ھەر ۋاقىت خۇش چىراي، ئوچۇق-يورۇق بولىدۇ. ھاياتىنى ھوزۇر ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

كىم ياخشى كۆرۈشنى بىلسە، ئۆزىمۇ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ھەر ۋاقىت قەلب پەيزى بىلەن قارىغان كۆز، روھنىڭ

ھــوزۇرى بولغــان ئىلاھــي ئاشــىققا باقــدۇر.

تىلىڭنــى تەربىيەلەشــتىن ئــاۋال يۈرىكىڭنــى تەربىيەلــە. چۈنكى ســۆز يۈرەكتــىن كېلىــپ، تىلدىــن چىقىدۇ.

ھــەر نەرســىدىن گۇمانلىنىدىغــان گۇمانخــور كىشــىلەرنىڭ تولىســى قورقۇنچــاق كېلىــدۇ. بىــز ئۇيغــۇرلاردا «گۇمــان ئىماننــى قاچۇرىــدۇ» دېگــەن ھېكمەتلىــك ســۆز بــار. گۇمانخورلارنىــڭ ئىمانــى سۇسلاشقانســىرى ھــەر نەرســىنى ئۆزىگــە تەھدىــت دەپ قارايدىغــان بولىــدۇ. ئەتراپىدىكــى بارلىــق شــەيئىلەردىن ۋە ھادىســىلەردىن ئۈركۈيــدۇ. بولۇپمــۇ ئانــا ۋەتىنىمىزدىــن ئايرىلىــپ چــەت ئەللــەردە مۇســاپىرچىلىقتا ياشــاۋاتقان بىزلەرنىــڭ ئارىســىغا بىــر خىــل گۇمانخورلــۇق ئۇرۇقــى تېرىلغــان بولــۇپ، گۇمانخورلۇق تۇيغۇســىدىن ئىبــارەت بــۇ ئــۇرۇق بىخلىنىــپ، ئاخىرى قورقۇشــتىن ئىبــارەت ئاچچىــق مېۋىنــى مەيدانغــا كەلتۈرگــەن. بــۇ خىــل قورقــۇش تۇيغۇســى ئادەمنــى ئەتراپىدىكىلــەر بىلــەن بولغــان ئىجتىمائىــي مۇناســىۋەتنى ئۈزۈشــكە ســەۋەب بولىــدۇ. بۇنىــڭ بىلــەن بۇنــداق ئادەملــەر ھاياتتــا بەختســىز ياشــايدۇ. قىيىنچىلىقلار ئالدىــدا بــاش ئېگىــدۇ. بــۇ دۇنيــادا بەختســىزلىكلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ قوبــۇل قىلىشــنى خالىمايــدۇ. شــۇڭا داۋاملىــق قىيىنچىلىقتىــن بــاش تارتىــدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

قورقمــاڭلار دېگــەن ســۆز قورققانلارغــا ســۇنۇلغان تەييــار تائامــدۇر ۋە بــۇ تائــام دەل ئۇلارغــا لايىــق.

جالالىدىــن رۇمــى ئىنســانلارغا تەڭرىدىــن قورقۇشــنى ۋە ئــۇ چەكلىگــەن نەرســىلەردىن قورقــۇپ، ئۇلاردىــن ھــەزەر ئەيلەشــنى تەكىتلەيــدۇ. بــۇ ئۇنىــڭ قورقۇغــا نىســپەتەن باشــقا بىــر نۇقتىدىن قارىغانلىقىــدۇر. بــۇ مەنادىــن ئېيتقانــدا بــەزى قورققان نەرســىلەرنىڭ ئارقىســىغا خاتىرجەملىكنىــڭ يوشــۇرۇنغانلىقىنى ئىپادىلەيــدۇ. بــۇ توغرىســىدا مۇنــداق دەيــدۇ:

ئاللاھ قورقۇنى ئالەمگە تۆۋرۈك قىلدى.
ھەر كىم جان قورقۇسى بىلەن بىر نەرسىگە ئېسىلدۇ.
شۈكۈرلەر بولسۇنكى، ھېلىمۇ بۇ قورقۇ بار،
بولمىسا دۇنيانىڭ نىزامى بولاتتىمۇ؟

قورقۇغا يۈزلەرچە خاتىرجەملىك يوشۇرۇنغان. كۆزنىڭ قارىسىدا شۇنچىلىك يورۇقلۇق بار.

ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن نەزەر تاشلايدىغان بولساق، پۈتۈن بۇ دەرتلەر، ئەلەملەر، ئىزتىراپلار، كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئۆچمەنلىكلەر، گۇمانلار، نەپرەتلەر، قورقۇلار ۋە ھەتتا ئۆمىد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنساننىڭ ئۆز چۈشەنچىلىرىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى ۋە مەيدانغا كەلگەن نەتىجىلەر، ئاقىۋەتلەر بىلەن يۈزلىشىشكە ۋە ھايات پىلانلىرىنى ئۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھتىن باشقا نەرسىلەرگە بولغان قورقۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى تېپىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ساغلام بىر بەدەنگە، قۇسۇرسىز ۋە ياخشىلىقنى ئويلايدىغان توغرا بىر ئىدىيەگە، پىكىرگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم.

شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى، ئىنسانلار ھەر ۋاقىت توغرا ياكى خاتا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى مۇناسىۋەتلەردىن، ئادەتلەردىن، قورقۇلاردىن، قاتتىق ھاياجانلاردىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي مەنىدىن ئۆزىنى تونۇپ يېتىپ نىجاتلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئەنە ئاشۇ بارلىق زەئىپلىكتىن قۇتۇلغان كىشىلەر توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئەي گۈزەل! ساڭا مات بولغاننى، سەن مات قىلما،
ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە ھۆرمەتتىن باشقا ئىش قىلما.
بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ، تەربىيەسىزلىك قىلغان بولسا،
ياخشىلىقىڭ بىلەن ئۇلارنى كەچۈرۈپ، جازالاندۇرما.
ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋاقىتتۇر، ئىچ ئاغرىت، ئۆچمەنلىك قىلما.
قۇللىرىڭنى بالاغا ئۇچراتقۇزۇپ، يوق قىلما.
باشلىرىنىڭ ھەققى ئۇچۇن بولسمۇ ھىجرانلىقنى ئويلىما.
ئۇچرىشىشتىن، ۋىسالغا يېتىشتىن باشقىنى خىيال قىلما.
تۇپراقتىن يارىتىلغانىنىڭ تۇپرىقىنى يەرلەرگە چاچما.
ئۇنىڭغا، كۆكلەردىن باشقا بىر يەرنى ماكان قىلما.
باشتا ئۇنى، ئۆزۈڭگە تارت، باشقىسىغا ئىتتىرمە.
ئاخىرى ئۇنىڭغا قۇللۇقتىن باشقا بىر نەرسە بەرمە.
نىمىگە كۆنگەن بولسا، شۇنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈز.
ئۇنى يالغۇز قويما.
ئۇنى مەنىۋىي جەھەتتىن ئوزۇقلاندۇرۇشتىن،
يېتىشتۈرۈشتىن بىزار بولما، زېرىكمە.
مەن سېنىڭ مەيخانىڭدىكىلەرگە قۇل،
بىزنى مەيخانىڭدىن سوۋۇتما، قاچۇرما.
بىز كىم بولاتتۇق «قىلما، ئەتمە» دەيدىغان!
بىراق، مادەمكى دېدۇق، بىزنىڭ گۇناھىمىزغا قارىما.

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلار تارتقان بارلىق قىيىنچىلىقلار، بېشىغا كەلگەن ھەر تۈرلۈك قورقۇلار، ئارزۇ قىلغان ئۈمىدلەر ئۆزىنى يېتىلدۈرۈش، ئۆزىنى تونۇش يولىدىكى بىر كۆرەشتۇر دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بۇ قىيىنچىلىقلار، مۇشەققەتلەر ئوچاقنىڭ كۈمۈشنى داشقالدىن ئايرىشى ئۈچۈندۇر. ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئىمتىھانى ئالتۇننى قاينىتىپ قالدۇقلارنىڭ ئۈستىگە چىقىشى ئۈچۈندۇر.

شۇڭا ھاياتتا ھېچبىر نەتىجە ئالدىغا چىققان قىيىنچىلىقلارنى

بىر بىرلەپ يەڭمەي تۇرۇپ قولغا كەلمەيدۇ. شۇڭا ھاياتتا قىيىنچىلىقلاردىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. قىيىنچىلىقلارنى، دەرتلەرنى، ھەسرەتلەرنى كاللىمىزدا قوبۇل قىلىپ، ئۈمىد بىلەن ئالغا باسقىنىمىزدا ئۇ دەرتلەر، قورقۇلار ئالاھىدىلىكىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزغا توساق قويالمايدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:
غەم ۋە دەرتنىڭ ئاچقۇچى سەۋر.
ئەندىشە قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە
دورىنىڭ ياخشىسى پەرھىزدۇر
چۈشەنچە ۋە مەنتىق پەرھىزى قىل
جاننىڭ كۈچىنى كۆرسەن
قاشلاش قىچىشقاقنىڭ دورىسى ئەمەس
ئەكسىچە قىچىشىشنى ئاشۇرىدۇ.

چۈشىنىش ئارلىق پەيدا بولغان قورقۇلار، ئەندىشىلەر، بارلىق ئىزتىراپلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئۆز قولىدا. بۇلاردىن قۇتۇلۇش يەنىلا شەخسنىڭ ئىقتىدارى دائىرىسى ئىچىدە. يەنىلا شۇ كىشىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىغا باغلىق.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

ئۈيلاپ قالما، پەقەت دەرت سەندىلا بار،
سەندىكى دەرتنى نېمەت دەپ بىلدىغانلارمۇ بار.
ھەرگىز ئۈمىدىڭنى ئۈزمە. سۆيۈملۈك يۈرىكىڭ «مۆجىزىلەرنى كۆرسۈن» دەپ سوقىدۇ.

ئۈمىد كۆپ ۋاقىتلاردا تېخىمۇ بۈيۈك جانلىقلىق، تېخىمۇ كۈچلۈك ھۇشيارلىق ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر پىكىرلەر بىلەن ئىلگىرىلەش، تەرەققىي قىلىش، ئەركىنلىك ئارزۇسىدۇر. ئۈمىد ھەرگىز ھەددىدىن ئاشقان تىلەك ئەمەس. زىيادە تىلەك ئاچ كۆزلۈكنىڭ، ھېرسىنىڭ ئانىسىدۇر. ئۈمىد كەلگۈسى دېگەنلىك.

تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنگە ئائىت ئەمەس. شۇڭا ئىنسان ئەسلىملىرى بىلەن ئۆتمۈشىنى، ئۈمىدلىرىنى بىلەن كەلگۈسىنى قۇچاقلايدۇ.

ئۈمىد دائىم ئىشەنچ بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئىشەنچ يوقالسا ئادەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئۈمىدىمىز چۈشەنچىلىرىمىزگە باغلىق بولىدۇ. چۈنكى بىز بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىش توغرىسىدا ئويلىشىمىز. يەنى پىكىرلىرىمىز پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. پىكىرلىرىمىز بولغاچقىلا بۇ ھايات ئەنە شۇنداق رەڭمۇرەڭ شەكىللەنگەن. شۇڭا بىز كاللىمىزدىكى پىكىرلەرنى ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام، ئۇرۇش، قىرغىنچىلىقلار ئۈستىگە قۇرماي بەلكى ئىنسانىي سۆيگۈ، مۇھەببەتنىڭ ئۈستىگە قۇرۇشىمىز لازىم. بۇ ھايات بىزگە گۈل ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن، شۇڭا ھاياتىمىزنى پېتىقلىمايلى. پېتىقلانغان يەردە گۈل ئۆسمەيدۇ. ھاياتلىق ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن ھەر ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا، ئۇنىڭدىن مىننەتدارلىق ھېسسىياتقا باي يۈرەك ئارقىلىق ھوزۇرلىنىشقا ھەممىمىز ھەقلىق. ھوزۇرلىنىش بولمىغان ھايات مەنىسىز ھايات بولۇپ، ئۇنى مۇكەممەل بىر كىشىلىك ھايات دېگىلى بولمايدۇ. ھاياتتا ئۈمىد بىلەن قاراش ئېڭى ئاجىز ئىنسانلار خۇشاللىنىشتىن، ھوزۇرلىنىشتىن مەھرۇم قالىدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

دۈشمەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان دۈشمەن، ئىچىڭدىكى نەپرەتتۇر.

ئىمانى زەئىپ كىشى ئۈمىدسىز كېلىدۇ.

كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا كۈندۈزنى ئىستە. قاراڭغۇلۇقلارنى يوقاتقان ئەقلىنى ئۆزۈڭگە رەھبەر قىل.

ئۈمىد ئىگىلىرى، ئۈمىد ئىشىكىنى باشپاناھ قىلىپ،

ئىبادەت قىلسۇن.

ئۈمىد بولسىلا، ھەر بىر كۈن يېڭى بىر باشلىنىشتۇر.

بۇ دۇنيادا بەختلىك ياشاشنىڭ سەۋەبى، ھاياتنىكى ياشاش شەكلى ئەمەس، بەلكى ھاياتقا قانداق كۆز بىلەن قاراشتا. ھاياتنىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كۆپى ئۆزىمىزنىڭ قۇياشنىڭ ئالدىدا تۇرمىغانلىقىمىزدىن بولغان. ئۇلۇغ تەڭرى بىزنى ھايۋانلاردىن پەرقلىق قىلىپ، تىك تۇرۇپ ماڭىدىغان قىلىپ ياراتقان بولسىمۇ، بەزى ئىنسانلار ئۈمىدلىرىنى يوقىتىشى سەۋەبىدىن، تىك تۇرۇپ ياشاش ئالاھىدىلىكىنى ئىشلەتمەي، ھايۋانلاردەك ئېگىلىپ ياشايدۇ. شۇڭا مەن «بىز» دەپ قۇرغان جۈملىلىرىم ئىچىدە داۋاملىق ئۈمىدكە تولغان پاك قەلبلىك كىشىلەرنىڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

سۆزۈمنى جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن:

پەرەز قىلىشتىن بۇرۇن ئۆگەن
ئەيىپلەشتىن بۇرۇن ئاڭلا.
زەخمىلىنىشتىن بۇرۇن ھېس قىل.
سۆزلەشتىن بۇرۇن ئويلا.

# 12. مۇزىكا

ئىشق تىلى، راۋاپ تىلىدەك سىر ئىمىش،
تۈركىي، يۇنانىي، ئەرەبكە بىر ئىمىش.

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئومۇمىي ئېستېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە مۇزىكا توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: مۇزىكا قەلبنىڭ تىلى، قەلبنىڭ ساداسى. مۇزىكا بارلىق مۇزىكىلىق تىل ۋە ئوبراز يارىتىش ۋاسىتىلىرى بىلەن ئىنساننىڭ نازۇك ھېس-تۇيغۇلىرىنى، مۇھىتنىڭ تىپىك ئالامەتلىرىنى دەۋرنىڭ روھىي كەيپىياتىنى، مىللىي خاراكتېر ۋە روھىي زىددىيەتلىرىنى، دراماتىك توقۇنۇشلار ۋە ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزى ئاسىيا قەدىمكى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئاپىرىدىگاھى بولۇپ، بۇ يەردە ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ۋە مۇۋەپپەقىيەت ياراتقانلىقى تارىخىي يازما ۋە سىزما ماتېرىياللاردا كۆپ تەرەپتىن ئىسپاتلانغان تارىخىي پاكىت. تارىخىي مەلۇماتلار، شۇنىڭدەك رېئال جانلىق ئەمەلىيەت تۈركلەرنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي چالغۇلارنىڭ ئىجاتچىلىرى ئىكەنلىكىنى ھەتتا كۆيشۇناسلىق نەزەرىيىۋى سىستېمىسى ۋە ئاھاڭنى خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ مۇزىكىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەتراپتىكى مەملىكەتلەرگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان.

تۈركلەرنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇشى ئابباسىيە خەلىپىلىكى دەۋرلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچرىغان. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە مۇزىكا چەكلىنىپ «مۇزىكا ئادەمنى ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ» دەپ قارالغان. ئەمما جالالىدىن رۇمى سوپى تۈرۈپمۇ چەكلىمىگە ئۇچراۋاتقان مۇزىكىغا ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغان. ئەتراپىدىكى زور كۆپچىلىكنى ئىگىلىگەن دىنىي مۆتىۋەرلەرنىڭ قارشىلىق قىلىشىغا قارىماي مۇزىكا بىلەن سامانى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ھەم ئۆزى نەي قاتارلىق چالغۇلارنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئورۇنلايدىغان ئۇستا چالغۇچى ئىدى.

ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ رۇمى مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋى»نى مۇنداق بېيتلار بىلەن باشلىغان:

ئاڭلا، شىكايەت قىلماقتا دائىم بۇ نەي،
ئاڭلىتار دائىم جۇدالىقتىن بۇ مۇڭ نەي.

دەركى، پەريادىم قۇمۇشلۇقتىن كېلۇر،
ئاڭلىسا ھەر كىم كۆزلەرىدىن قان كېلۇر.

جۇدالىقتىن لەختە-لەختە شۇ قاپ يۈرەك،
ئىستىكىم شۇ، دەردىمنى تۆكمەك كېرەك.

ھەر بىر پەزىلەتلىك كىشى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆز مىللىي مۇھىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، شۇ مىللىي مۇھىتنىڭ نۇتۇقلۇق تىلى ۋە نۇتۇقسىز مۇزىكىلىق تىلىنىڭ جانلىق نەمۇنىسى ۋە لۇغىتى بولغىنىدەك جالالىدىن رۇمى ئۆز مىللىي مۇھىتىنىڭ تىلى ۋە مۇزىكىلىق تۇپرىقىدىن بىخلىغان ۋە مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقى ئالامەتلىرىنى ئەسەرلىرىدە گەۋدىلەندۈرگەن. ھەر ۋاقىت جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەڭ ئىسىل

ئىشتىياقى مۇزىكىلىق ئاھاڭلار بولغان. بەلكى ئۇنىڭ شېئىر ئوقۇشىمۇ شۇ سەۋەپتىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شېئىر ئاھاڭلىرى سۆز سىغدۇرالمىغان مەنىلەرنى سىغدۇرۇشقا قادىر. مۇزىكا بىلەن ساما جالالىدىن رۇمىنىڭ روھىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئۇرغۇتۇپ، جۇشقۇنلاشتۇرۇپ ئوتتۇرىغا چىقارغان. ھەممە ھەرخىل تەشۋىشلەردىن خالى قىلىپ، روھىي ئالەم ئىچىگە باشلاپ ئەكىرگەن.

شائىرلاردىكى ئىلھام ئەسلىدە ئۆزلۈكسىز مېھنەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر بەدىلىگە كېلىدىغان بىر مۇكاپات بولسىمۇ، ئۇنى پەقەت ئىرادە كۈچى، تىرىشىش بىلەنلا قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى. ئىلھاملىق بىر ھالغا كېلىش ئۈچۈن كىشى تەپەككۇرنى بىر يەرگە مەركەزلەشتۈرۈشى بىلەن بىرگە يەنە مۇزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئىسىل سەنئەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن تېخىمۇ جۇشقۇنلىشىپ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان روھىنىڭ نازۇك بىلمدانلىردىن بىرى بولغان جالالىدىن رۇمى شۇ ۋاستىنى ئوبدان تونۇپ يەتكەن شەخس ئىدى. شۇڭا نەي بىلەن راۋاپ جالالىدىن رۇمىنىڭ قەلب سادالىردىن تۆكۈلگەن ھېس-پىكىرلىرنى مىسلىسىز بەدىئىي ئىقتىدار ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ياردەمچى بولۇپلا قالماي يەنە پۈتۈن بارلىقى بىلەن ئالەمگە، تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا قوشۇلۇپ ئىنسانىي كامالەتكە يېتىشكە ياردەمچى بولغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئىلمىي بەس-مۇنازىرلەر ئىنسانلارنى كۆپىنچە بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىدۇ. ئەمما مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ «دىۋانى كەبىر» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدا مۇنداق مەزمۇندىكى بېيىتلار بار:

گۈل بىردىنلا سېنى كۆرۈپ، جانىنى، ياپراقلىرىنى

يىرتتى.

چاڭ سىنىڭ سازىڭدىن خىجىل بولۇپ ئالدىڭدا ئېگىلدى.
چولپان يۇلتۇزىدىنمۇ تەلەيلىك ۋە ئىقبالى بولغان نېمە؟

نەيدۇر. پەقەت نەي لەۋلىرىنى لەۋلىرىڭگە تەككۈزۈپ سەندىن نەغمە ئۆگەنسۇن.

چاڭ بىلەن نەي سەنسىز مۇڭزار بولدى. سەن چاڭغا قۇچاق ئېچىپ نەيگە لەۋلىرىڭنى سۇندۇڭ.

داپ دەرھال شۇنداق دېدى: «قولۇڭنى يۈزۈمگە ئۇر، ئاھاڭىڭ تېخىمۇ جاراڭلىق بولسۇن.»

بۇ پارچە-پارچە بولغان جاننىڭ ھەربىر پارچىسىنى ئايرىم ئايرىم بىھۇش قىلىپ، خۇشاللىقا چۆمۈلدۈرگۈنكى، تۈنۈگۈن كېچە قولدىن كەتكەن ئۇ پۇرسەتلەر، ھازىر باشقىدىن كەلسۇن...

رۇمى ئۆزىنى ئىپادىلەشنىڭ نۇتۇقلۇق ۋە مۇزىكىلىق، تەپەككۇرلۇق ۋە تەسەۋۋۇرلۇق ھەر ئىككى تىلىنىڭ ئۇستىسى ئىدى. رۇمىنىڭ نەزىرىدە مۇزىكا تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ شائىرانە ئىستېتىك كۆز قاراشلىرى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىئولوگىيسى بىلەن زىچ باغلانغان.

«دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە «ئاشىق» قاراشلىرىنى چالغۇلار ۋە ئۇنىڭ مۇڭلۇق سادالىرى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

بۇ ھەيران قالارلىق گەپلەرنى قىلماي ئاغزىمنى يۇمدۇم. يۇمدۇم ئەمما پۈتۈن بىر كېچە ماڭا كۆكتىن راۋاپنىڭ ساداسى كەلدى، راۋاپ قەلبىمنىڭ ئوزۇقىدۇر. راۋاپ ئاشىقنىڭ مەيخانىسى ۋە ئاشىقنىڭ دوستىدۇر. شۇڭا ئەرەپلەر بۇلۇتنى راۋاپ دەپ

ئاتايدۇ. قانداق بولۇپ بۇلۇت گۈلنىڭ ۋە گۈلىستاننىڭ ساقىسى بولغان بولسا، راۋاپمۇ قەلبنىڭ ئوزۇقى ۋە ئەقىللەرنىڭ ساقىسىدۇر.

ئوتنى پۈۋلىسەڭ يالتىراپ ئۇلغىيىدۇ. تۇپراقنى پۈۋلىسەڭ توپا-چاڭدىن باشقا نىمە چىقىدۇ؟

راۋاپ «ئۇدۇل قايتىپ كەل» دەپ تەبىئەتنى تەكلىپ قىلىدۇ. ھالبۇكى دۇمباق چالساڭ قاغىمۇ بويۇنتاۋلۇق قىلىپ قايتىپ كەلمەيدۇ. ئاشىق مۇشكۇلاتلىرىنىڭ تۈگۈنىنىڭ ئېچىلىشى ئەنە شۇنداقتۇر. مۇشكۇلاتى بولمىغانغا جاۋاپ بېرىشكە نە ھاجەت.

ھايۋاننىڭ مۇشكۇلىگە جاۋاپ سامانىدۇر. سامانى بەرگەن چېغىڭدا ھايۋاننىڭ قىيىنچىلىقى ھەل بولىدۇ. پەقەت ئۇنىڭدىكى كۆشەش ئىشقى، ئۇيقۇنىڭ خېمىرتۇرۇچىدۇر.

ئاشىقنىڭ ھەم يۇقىرى ھەم مۇڭلۇق ئاۋازى ئارقىلىق بارلىق كۆڭۈللەر مۇھىم بولغان بىر يەرگە توپلىنىدۇ.

رەببىمىنىڭ نىداسى كۆڭۈللەرنى چېچىلاڭغۇلۇقتىن قۇتقۇزىدۇ. ماتېرىيالىستلارغا ئاشىقتىن سۆز ئاچما. چۈنكى ئۇلار ئۆزىگە قورقۇ، ئىلتىماس، ساۋاپ قاتارلىقلارنىلا ۋەزىپە قىلىۋالغان.

جالالىدىن رۇمى ھەقىقەتەن مۇزىكا ۋە سامانى ناھايىتى بۈيۈك بىر سەنئەت دەپ قارايدۇ. ھەر ئىككىلىسىنى قەدىرلەيدۇ، ھەتتا ئۇلارنى ئىبادەتنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ قارىغان.

سۇ بىلەن لاي ئىچىدىكى جان پاتقاقچىلىقتىن، سۇ بىلەن لايدىن قۇتۇلغاندا كۆڭۈللەر خۇشاللىقتا تولغان ھالدا ئاللاھ ئاشىقنىڭ ھاۋاسىدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاينىڭ ئون تۆتىدەك نۇقسانسىز ۋە پۈتۈن بىر ھالغا كېلىدۇ. بەدەنلەر ئويناپ تۇرىدۇ، ئەمدى جانلار قايسى ھالدا؟ سورىما! يۈز بەرگەنلەر

ئالدىدا بۇ ئىشلارنى ھېچ سورىما.

مۇزىكىلىق ئاڭلاپ بىلىش ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە ئېستېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئادەم تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن مۇزىكىلىق ئىستىداتقا ئىگە. ئۇ مۇزىكىلىق ئاۋازنى پەرق قىلالايدۇ، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىدۇ. ئۇنىڭغا مەنىۋىي ئىپادە بىلدۈرەلەيدۇ. قايغۇ ۋە خۇشاللىقلىرىنى، مۇھەببىتىنى مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مۇزىكا ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئويغىتىدۇ. بۇ ھەقىقەتلەرنى تەپەككۇر قىلىپ چۈشەنگەن رۇمى دەۋرىدىكى شۇنچىلىك قاتتىق قارشىلىقلارغا قارىماي مۇزىكا ۋە سامانى بىر دىنىي پائالىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

گۈزەل ئاۋازلار ئاشىقلارنىڭ غىزاسى. چۈنكى گۈزەل مۇڭلۇق ئاۋاز قەلبكە ھوزۇر ۋە ئاللاھ بىلەن باراۋەر بولۇش زوقىنى ئاتا قىلىدۇ. مۇزىكا بىلەن ئىنساننىڭ ئىچىدىكى خىياللار قۇۋۋەتكە تولىدۇ. ھەتتا بۇ خىياللار ئۇ گۈزەل ئاۋازلار ئارقىلىق سۈرەتلەرگە پۈركىنىدۇ. سۇغا ياڭاق ئاتقاننىڭ قىزغىنلىقى قانداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسا ئاشىق قىزغىنلىقىمۇ ئەنە شۇ ئاۋازلار بىلەن قۇۋۋەتكە تولىدۇ. ئاشىق چالغۇچى ساما ۋاقتىدا مۇنداق دەيدۇ: قۇللۇق بىر باغدۇر. خوجايىنلىق باش ئاغرىتىدۇ. ئاللاھ گۈزەللىكتىن، كامالىدىن، جىلۋىدىن قايسىنى ئىستىسە كۆزگە ئۇنى كۆرسىتىدۇ. گۈزەل ئاۋاز، خوش خەۋەرلەر، جۇشقۇن ۋە خۇشاللىق سۆزلەردىن قايسىسىنى تىلىسە قۇلاققا شۇنى ئىشىتكۈزىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ھەقىقەتەن ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنانىڭ ھەرپلەر، سۆزلەر، شېئىر قاپىيىلىرىگە سىغمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھېس-تۇيغۇ ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى مۇڭلۇق مۇزىكىلار ۋە نەپىس سامالار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بۇ پىكىرلىرىنى مۇنداق

تىلغــــا ئالىدۇ:

راۋاپنىــڭ تىلــى مەيلــى تــۈرك مەيلى گرېــك مەيلــى ئــەرەب بولســۇن، ئــۇ ئاشــىقلارنىڭ تىلــىدۇر.

مانــا ماشــۇنداق ئىزھــارلاش ئارقىلىــق بىرلىــك، باراۋەرلىــك، ئىنتىپاقلىقنــى مۇزىــكا بىلــەن تــەڭ قىلىــپ مۇزىكىنىــڭ ئىنســانىيەت ئۈچــۈن نەقــەدەر مۇھىملىقىنــى، ئۇنىــڭ تىلىنىــڭ ئىنســانىيەت ئۈچــۈن ئورتــاق ئىكەنلىكىنــى ئوتتۇرىغــا قويىــدۇ.

جالالىدىــن رۇمــى مۇزىكىغــا بولغــان زوقىنــى مۇنــداق ئىپادىلەيــدۇ:

مەدرىســلەرنى بىلىــم ئادەملىرىگــە، تەككىلەرنــى شــەيخلەرگە بــەردۇق.

راۋاپ بىزدەك غېرىپ بولۇپ، شۇڭا ئۇنى تاللاپ ئالدۇق.

ئۇنىڭغىمۇ خۇشتار بولغان بولسا ئىدى بېغىشلايتتۇق،

بىراق غېرىپنىڭ قاياشى غېرىپ، ئەپۇ قىلسۇنلار.

مۇزىــكا ئەينــى چاغــدا جالالىدىــن رۇمىنىــڭ مۇرىتلىــرى ئىچىدىــلا ئومۇمىــي يۈزلــۈك يېيىلىــپ قالماســتىن بەلكــى كونيــادا مــودا ھالىتىگــە كەلگــەن. گەرچــە ئــۇ دەۋرلــەردە مۇزىــكا دىنــدا چەكلەنگــەن بولســىمۇ كونيادىكــى ھــەر كىــم ئۈچــۈن مۇزىــكا مەنىۋىــي تۇرمۇشــىنىڭ ئايرىلمــاس بىــر پارچىســىغا ئايلانغــان ئىدى.

رۇمــى مۇزىكىنــى تەبىئــەت جۇشقۇنىــنىڭ نامايەندىســى دەپ بىلگــەن بولــۇپ راۋاپنىــڭ، نەينىــڭ مۇڭلــۇق ساداســى ئىنســان روھىغــا مەنىۋىــي ئــوت ياققۇچــى، ئۇنىڭدىــن ئالغــان ھــوزۇر ھەقىقىــي ئىبادەتتىكــى ھــوزۇر بىلــەن بــاراۋەر دەپ قارىغــان.

ئۇ مۇنداق دەپ غەزەل يازىدۇ:

ئەي يىگىت، كۆك يۈزىنى ئاياق ئاستىغا ئال،
پەلەكنىڭ ئۈستىدىكى نەغمە ئاۋازلىرىنى ئىشت!
قۇلىقىڭدىكى ۋەسۋەسە پاختىسىنى چىقىرىپ،
كائىناتنىڭ جۇشقۇنلىقىنى ئىشت!

گەرچە رۇمى بىر دىۋان شائىرى بولۇپ تونۇلغان بولسىمۇ ۋەزىن ۋە قاپىيەلەردىن نېرى بىر شەكىلدە شۇ دەۋرنىڭلا ئەمەس، بۈگۈننىڭ ھەتتا كەلگۈسىنىڭ ئىنسانلىرىغا خاس تەپەككۇرغا باي مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. ئۇ شېئىرلىرىدا قاپىيەنىڭ ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى مۇھىم بولغىنى مەنا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ئۇ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەپ بولالمىغان مەنالارنى مۇزىكا ۋە ساما بىلەن ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى قىلغان. رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

تەڭرى شېئىر ئۈچۈن قاپىيە ئىزدەشتىن باشقا بىر دەرت بەرمىدى ماڭا.

ئاخىرى ئۇنىڭدىنمۇ قۇتۇلدۇردى مېنى.
بۇ شېئىرنى ئېلىپ، كونا شېئىرلاردەك يىرتىپ ئات.
مەنالار زادى ھەرپ، ھېسسىياتلىرىمغا سىغمايۋاتىدۇ،
ئاڭلىتىشنى خالايمەن، ئەمما ئۇلار بۇ تىلەكتىن ئۈستۈن.

جالالىدىن رۇمى ئاخىرى مۇزىكا ۋە سامانى ئاشىقنىڭ تارتىش كۈچىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرى دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

چالغۇچىلار ئارىلىدىكى بىرسى داپ چالار،
دېڭىزلار ئۇلارنىڭ جۇشقۇنلىقىنى كۆرۈپ بۇژغۇنلايدۇ.
سەن كۆرمەيسەن ئەمما ئۇلارنىڭ غەيرەتلىرىدىن
ياپراقلارمۇ تاللارنىڭ ئۈستىدە چاۋاك چالىدۇ.

تاللارنىڭ قول شىلتىشلىرىنى كۆرمىدىڭ شۇنداقمۇ؟

بۇلارنى ئىشتىش ئۈچۈن جان قۇلىقى كېرەك، تەن قۇلىقى ئاڭلىمايدۇ.

تاللار، ياپراقلار، تۇپراق ھەممىسىدىن قۇتۇلغاندا

باشلىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ شامالغا دوست بولىدۇ.

ياپراقلار، تاللار بىخ ئۇرغاندا، دەرەخلەر ئۈستىگە قاراپ بويى تارتىدۇ.

ھەربىر مېۋە ۋە ياپراق بىخلارنىڭ تىلى بىلەن ئاللاھقا شۈكرى قىلىپ مەدھىيە ئېيتىدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

نەينىڭ ساداسى ئاتەشتۇر، ئۇنى يەل چاغلىما. بۇنداق ئاتەش بولمىغانلارغا مىڭ ئەپسۇس!

بىز ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي دۇنيا ئىشلىرىغا بېغىشلىدۇق. بىرمۇنچە ئىستەكلەر، مەنسەپلەرنىڭ پېيىغا چۈشتۇق. دائىم دۇنيا ئۈچۈن ئىشلىدۇق، مال-مۈلۈك، شۆھرەت، يۇقىرى مەرتىۋىگە ھېرىسمەن بولۇپ يۈردۇق. بۇ سەۋەپتىن جاپا-مۇشەققەت ۋە غەمدىن قۇتۇلالمىدۇق. غەم-قايغۇ ۋە جاپا-مۇشەققەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستلار بىلەن ئويۇن-تاماشاغا بېرىلدۇق.

ئەي داپ! سەن بىزنىڭ ھالىمىزغا جانى كۆڭۈلدىن پەرياد قىل! ئەي نەي، سەنمۇ يىغلا، ئىڭرا!

مۇزىكا ۋە ساما ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئاشىقىنى، كۈچلۈك ئارزۇسىنى ئۇرغۇتۇپ، جانلاندۇرۇپ، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. بۇ يېتىشكەن ھاللار ئىشق ئوتى بىلەن يۈرەكلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئادەمنىڭ قەلبىدىكى كىرلارنى تازىلايدۇ، روھنى پاكلايدۇ. شۇڭا جالالىدىن رۇمى ساما سورۇنلىرىدا كىشىلەرنىڭ پاكىز، رەتلىك كېيىنىشىنى،

بولۇپمۇ ساما مۇراسىملىرىدا مۇزىكانت، ناخشىچى ۋە ساماچىلارنىڭ گۈزەل بولۇشىنى ۋە چىرايلىق ياسىنىشىنى، خۇش پۇرايدىغان گۈلسۈيى(ئەتتىر)لەرنى چېچىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ساما كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئارىپلارنىڭ ۋە تاماشىبىنلارنىڭ كۆڭۈللىرىنىڭ راھەتلىنىشى، ئىستېتىك زوق ئېلىشى ۋە روھلىرىنىڭ جانلىنىشى ئۈچۈن گۈزەل يۈزگە، يېقىملىق ئاۋازغا ۋە ئىپاردەك پۇراقلارغا ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

دېمەككى ناخشا ـ مۇزىكا ئاشىقلارنىڭ ئوزۇقىدۇر،

بۇلاردا ئۇچرىشىش، ۋىسالغا يېتىش ئارزۇلىرى بار.

كۆڭۈلدىكى ئارزۇلارنى يېقىملىق ناخشىلار جانلاندۇرىدۇ،

يېقىملىق ئاۋازلار يۈزىمىزدە ئۆز قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

سۇغا ياڭاق ئاتقانىنىڭ ئوتى قانداق يالقۇنجىغان بولسا،

يېقىملىق ناخشىلارمۇ ئىشىق ئوتىنى شۇنداق پارلىتىپ يالجىتىدۇ.

ئومۇمەن جالالىدىن رۇمى ئۆز دەۋرىدە مۇزىكىغا ئەڭ كۆڭۈل بەرگەن زاتلاردىن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق تەپەككۇرىنى، ئاشىق نەزەرىيىسىنىڭ مۇزىكا ۋە ساما بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن. دېمىسىمۇ ئەينى چاغدىكى مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار، پەيلاسوپ قاتارلىق تەرەققىپەرۋەر زاتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇزىكا سۆيەر ۋە مۇزىكاشۇناس ئىدى. مۇزىكا ئەينى زاماندا تەبىئەت ئىلمىنىڭ ئايرىلماس پارچىسى، ھەتتا ماتېماتىكىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارالغان بولغاچقا بىلىم ئادەملىرى مۇزىكىغا ئىشتىياق باغلىغان ئىدى. جۈملىدىن جالالىدىن رۇمى مۇزىكا بىلەن سامانى

دىنىمىزنىڭ بىر ئايرىلماس پارچىسى قاتارىغا كۆتۈرگەن. مۇزىكا جالالىدىن رۇمىغا پۈتۈن جىسمى بىلەن، ئەقىل بىلەن ۋە كۆڭلى بىلەن تەبىئەتتە، ئىنسانىيەتكە قوشۇپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا، كامالەتكە يېتىشكە ئاخىرىدا ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە يەنى ئۇلۇغ تەڭرى بىلەن دىدارلىشىش ئارزۇسىغا ياردەم بەرگەن.

# 13. نەي

نەيدىن سورىدىم، پەريادلىرىڭ كىمدىن،
تىلىڭ يوق تۇرۇپ، بۇ ئىڭراشلىرىڭ نېمىدىن؟
دېدىكى: بىر شېكەردەك لەۋدىن كېسىۋالدى،
يىغلاپ قاخشىماقتىن باشقا نە چارە؟

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى نەي، قۇمۇشزارلىقتىن كېسىۋېلىنغان ئادەتتىكى بىر قۇمۇش بولماستىن بەلكى ئاشىقنىڭ قولىدىكى ئوتتۇر، كۆڭۈلدۇر. ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ئادەمنىڭ يەنى تەسەۋۋۇپتىكى «ئىنسانى كامىل»نىڭ سىمۋولىدۇر.

نەي ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە بىرىنچى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. نەي ئۆزىنىڭ مۇڭلۇق ساداسى بىلەن ئىنسانلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان، تەبىئەتنىڭ بارلىق گۈزەللىكلىرىنى ئەسلىتىدىغان، ئىنسانىنى ھەم خوش ھەم يىغلىتىدىغان ئاجايىپ سىرلارغا تولغان بىر مۇزىكا ئەسۋابىدۇر.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نەي تۈرك مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەپلا قالماي بەلكى يەنە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا كەڭ تارقالغان. ھەرقاندا بىر مۇزىكا ئوركىستىرىدا ئۆزىنىڭ مۇھىم ئورنىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەتنىڭ دىنىي تۇيغۇلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رولى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناۋاسىدا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولۇپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە بولغان ئىشقى تولۇپ تاشىدۇ.

نەينىڭ ساداسى ئادەملەرگە گۈزەل تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بەھرىمان بولۇش زوقىنى بېغىشلايدۇ، يەتتە تۆشۈكدىن چىققان مۇڭلار قۇشلارنىڭ ھەرخىل ئاۋازدا سايراشلىرىنى ئەسلىتىپ ئادەمنى لەرزىگە سالماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نەينىڭ ساداسى ئىنسانىيەتنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان.

تۈرك خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن نەينىڭ خەلق ئىچىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ئۆز ۋاقتىدا ئىسلامنىڭ تۈرك دۇنياسىغا يېيىلىشىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان خوجا ئەخمەت يەسەۋى يېتىشتۈرگەن نەچچە يۈزلىگەن مۇرتلار يىراق يېزا-قىشلاقلارغا بېرىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىلىرىنى قوشاقتا قېتىپ، مۇزىكىلاشتۇرۇپ، نەي، راۋاپ، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋاپلار بىلەن ئورۇنلاپ تارقاتقان. بۇنى كۆرگەن يېزا-قىشلاقتىكى كەڭ چارۋىچى ئامما مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىسلام دىنىغا ئاسانلا مايىل بولغان ۋە ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپلاردىن ھاجى بەكتاش ۋەلى ۋە جالالىدىن رۇمى قاتارلىقلار نەي قاتارلىق چالغۇلارنى تۈرك مىللەتلىرىنىڭ ئىچىگە كەڭ تارقىلىشىدا ئالاھىدە رول ئوينىغان. بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇزىكىغا قارشى بىر دىن ئەمەسلىكىنى نامايەن قىلغان. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم قۇرئاننى گۈزەل، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئوقۇشنى بۇيرۇغان. بۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە قۇرئاننى تەجۋىت بىلەن قىرائەت قىلىش ئادەتكە ئايلانغان. ھەزرىتى بىلالنىڭ ئاۋازىنىڭ مۇڭلۇقلىقىنى سەزگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئەزاننى ھەزرىتى بىلالنىڭ توۋلىشىنى

بۇيرىغان.

ئەلۋەتتە مۇڭلۇق ئاۋاز ۋە مۇزىكا رىتىملىرى ئىنسانغا زوق، ھوزۇر ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. ئىنسان روھىنى جۇشقۇنلاشتۇرىدۇ. ئىنساننى ئاللاھ ياراتقان بارلىق گۈزەللىكلەردىن زوقلىنىشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلام ھېچ بىر ۋاقىت مۇزىكىغا قارشى چىققان ئەمەس. 500 يىلدىن ئارتۇق دۇنياغا ھۆكۈمدارلىق قىلغان ئوسمانلى ئىمپىراتورلۇقى زامانىدىمۇ مۇزىكىنىڭ ئورنى ھەر قايسى تەبىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان. بولۇپمۇ نەينىڭ ئورنى بارلىق چالغۇلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە ئىتىبار قازانغان.

ئەينى زاماندا جالالىدىن رۇمى نەيدىن ئىبارەت بۇ مۇڭلۇق چالغۇغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. نەينى ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ئىچىگە كىرگۈزۈپ، مەزمۇن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرىۋەتكەن. ئۇنىڭ تەپەككۇرىدا نەي «ئىنسانى كامىل»غا قىياس قىلىنغان. نەينىڭ ھەر تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇجەسسەملەپ تەبىئىي بىر بارلىق دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان نۇرغۇن بايانلار بار.

جالالىدىن رۇمى نەي ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان ۋە ئەلەست بەزمىسىدىكى ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش سەۋەبى بىلەن مەيدانغا كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى، ئامانەتلەرنى ۋە خىيانەت سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ھېكايىلەرنى ئاڭلىتىدۇ.

تەسەۋۋۇپتا ئاللاھ بەندىلىرى بىلەن تېخى روھ بەدەنگە كىرمەي تۇرۇپلا بىر ئەھدىنامە تۈزگەن دەپ قارايدۇ. ئىنسانلار شۇ ۋاقىتتىن تارتىپلا ئاللاھنى تونۇغان، يەنى «ئەلەستۇ بى رەببىكىم» دېگەن. «ئەلەس بەزمىسى» ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تونۇغان مەجلىستۇر. ئاللاھ شۇ كۈندىن بېرى ھەر بىر روھقا

بىر كىملىك ئاتا قىلغان. ئەنە شۇ روھ ئانا ھەمرىيىدە بەدەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن توققۇز ئايدا شۇنچىلىك گۈزەل بىر شەكىلگە كىرىپ، بۇ ماددىي ئالەمگە ئايپىرىدە بولىدۇ. ئاللاھ ئادەمنى ئاجايىپ قابىلىيەتلىك قىلىپ ۋە ئەقىل، تەپەككۇر، كۆڭۈل، سۆيگۈ قاتارلىق ئىنسانىي ئىنسان قىلغان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن يارىتىدۇ. شۇڭا بىز ئىنسانلار بىزنى ياراتقان قۇدرەت ئىگىسىگە ئىتائەت قىلىشقا شەرتسىز رازىبىز. شۇڭا ئىسلام دىنى بويىچە بۇ دۇنيادا ياشايمىز ۋە ئاللاھ ھوزۇرىغا ئىمانىمىز بىلەن بارىمىز.

تەسەۋۋۇپتا ئادەمنىڭ «ئەلەس بەزمىسى»دىن تارتىپ ئاللاھ ھوزۇرىغا قايتا قايتىشقىچە بولغان پۈتۈن جەريانىنى نەينىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشاتقان. يەنى نەي قومۇشلۇقتا تۇرغان چاغلىرىدا داۋاملىق يۇقىرىغا قاراپ ئۆسۈپ چوڭىيىدىغان ۋە ئىزغىرىن شاماللاردا يايپىشىل بويلىرىنى ئىغاڭشىتىپ تۇرىدىغان قومۇش ئىدى. مانا شۇ سازلىقتىكى قومۇش كېسىلگەندىن كېيىن ئۇسسايدۇ، سارغىيىدۇ، قۇرۇيدۇ، ئاندىن داغلىنىپ تۆشۈكلەر ئېچىلىدۇ. ئاندىن نەپەس بىلەن پۈۋلىگەندە ئۇنىڭدىن ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىپ، بۇ دۇنيانى لەرزىگە سالىدۇ. بۇ جەريان بىر ئارىپ (ئويغانغان، پىشىپ يېتىلگەن ئادەم)نىڭ ھايات كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشىتىلغان. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئوخشاشلا ئەنە شۇ سازلىقتىن كېسىۋېلىنغان قومۇشتەك جەۋر-جاپالارنى بېشىدىن كەچۈرگەن بىر پۈتۈن ئۆمۈر مۇساپىسىدىن ئىبارەتتۇر. يەنى ئادەم رەھىمسىز ۋە قۇپقۇرۇق دۇنياغا كەلگەندە سۇسىز قالىدۇ، قۇرۇيدۇ، سارغىيىدۇ، روھلار ئالىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاخىرى مۇڭلۇق ئاۋازلارنى چىقىرىپ زارلىنىدۇ. ۋەتىنىنى سېغىنىپ ھىجران دەردىدە يۈرەكلىرى لەختە-لەختە بولىدۇ.

نەي بىر نەپەسنىڭ پۈۋلىشى بىلەن مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىرىدۇ. بۇ يەردىكى «پۈۋلەش» ئاللاھنىڭ ئىنساننى ياراتقاندا ئالدى بىلەن روھىنى پۈۋلەش ئارقىلىق ياراتقانلىقىغا

سىمۋول قىلىنغان. نەيدىكى يەتتە تۆشۈك بولسا ئادەم ۋۇجۇدىدىكى يەتتە تۆشۈككە سىمۋول قىلىنغان. نەيدىكى توققۇز بوغۇم ئادەمنىڭ ئانا قورسىقىدا ئۆتكۈزگەن توققۇز ئايغا سىمۋول قىلىنغان. نەينىڭ تۈز بويى كامىل ئىنساننىڭ ئىسىل خۇيلىرىغا سىمۋول قىلىنغان.

نەيدىن چىققان مۇڭ ئارىپ ئادەمنىڭ ئاشىقىغا ئىزھار قىلغان سۆزلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنە شۇ مۇڭزارلارنى ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى چەكسىز ئاشىدۇ. جۇملىدىن تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتكە بولغان مۇھەببىتى تولۇپ تاشىدۇ. ئانا ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز سۆيگۈسى ئۇرغۇپ تاشىدۇ. بەزىدە ھىجران ئازابىدىن ئادەمنىڭ يۈرەكلىرى پارە-پارە بولىدۇ.

مەۋلەۋىلىكتە يەنە نەي توغرىسىدا مۇنداق بىر ھېكايىمۇ بار:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئىھسان قىلغان سىر ۋە ھېكمەت دېڭىزىدىن بىر تامچىنى «ئىلمىنىڭ ئىشىكى» دەپ نام ئالغان ھەزرىتى ئەلىگە ئامانەت بەرگەن ۋە «بۇ سىرلارنى ھەرگىز ئاشكارىلىما!» دەپ قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرغان. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئامانەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي، ۋەزىپىنىڭ يۈكىدىن ئىككى پۈكلىنىپ قالغان ۋە چۆل-جەزىرىلەرنى كەزگەن. ئاخىرى يۈرىكىدە ساقلىنىۋاتقان سىرلارنى بىر قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە تۆككەن. بۇ سىرلارنى ئاڭلىغان قۇدۇقمۇ چىدىيالماي قايناپ تېشىپ، سۇلىرى يۇقىرىغا ئۆرلەپ چىققان. قۇدۇقتىن ئاققان سۇلار ئەتراپقا يېيىلىپ بىر سازلىقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سازلىقتىن يابپېشىل قومۇشلار بوي تارتىپ ئۆسۈشكە باشلىغان. بىر كۈنى بىر پادىچى قويلىرى بىلەن بۇ سازلىقنىڭ بويىغا كەلگەن. پادىچى قومۇشلارنىڭ سالقىن شامالنىڭ تەسىرىدە لەرزان لىڭشىپ ئاجايىپ مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان. بۇ مۇڭلۇق

ئاۋازدىن ھەيران قالغان پادىچى دەرھال قومۇشلۇقتىن بىر تال قومۇشنى كېسىپ ئۇنى پۈۋلىگەن ۋە «نەي»دىن ئىبارەت بۇ ساز مەيدانغا كەلگەن. شۇندىن بۇيان نەيدىن چىققان كىشىنىڭ روھى دۇنياسىنى ئويغىتىدىغان يېقىملىق ئاۋازلار ئەتراپنى لەرزىگە سېلىپ، جەلپكار كۈيلىرى بۈگۈنگە قەدەر ئىنسان روھىنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ مۇڭلۇق نەغمىلىرى بىزنى خۇش قىلسا، پەريادلىرى يۈرەكلىرىمىزنى ھىجران ئازابى بىلەن ئازاپلىماقتا.

بۈيۈك مۇتەسەۋۋۇپ، پەيلاسوپ، شائىر ۋە ۋەلى مەۋلانا جالالىدىن رۇمى مۇزىكىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بەزى دىنىي پائالىيەتلەرنى مۇزىكا، سامادىن ئىبارەت سەنئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق شۇ قىيىن تارىخىي شارائىتتا نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ گاڭگىراپ قالغان خەلققە ئۈمىد چىرىغىنى يېقىپ، ئۇلارغا مەنىۋى جەھەتتىن يۆلەنچۈك بولۇپ، قايتىدىن تىرىلىشنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بەرگەن. شۇ قايتىدىن تىرىلىش يولىدا نەينىڭ ساداسى، ئۇنىڭ مۇڭزارى خەلقنىڭ خۇنۈكلىشىپ كەتكەن روھىيەت دۇنياسىنى قايتىدىن جۇشقۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ھەقىقەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. شۇڭا جالالىدىن رۇمى دۇنياغا مەشھۇر «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىنى قولاقلىرىدا ياڭرىغان نەينىڭ ناۋاسىدىن ئالغان ئىلھام ۋە ئۆزىدىكى سىرلارنىڭ تېشىغا جۇشقۇنلاپ ئۇرغۇپ چىقىشى ئاساسىدا ئاپىرىدە قىلغان. شۇڭا «مەسنەۋى» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا مەنالارنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كېڭىۋاتقانلىقىنى، ھەربىر بېيىتنىڭ نۇرغۇن سىر ۋە ھېكمەتلەر بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

چەكسىز كەتكەن چوڭقۇر دەريانى پەقەت بىر تامچە ئىچىدە كۆرەلىگەن، تەسەۋۋۇر قىلالىغان جالالىدىن رۇمى شۇ تامچىنىڭ ماھىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بېيىتلىرى ئارقىلىق بىزلەرنىڭ كۆز ئالدىمىزدا چەكسىز بىپايان دەريا ھەتتا

ئوكيانىنى نامايەندە قىلدى. بىزگە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەپ خىتاپ قىلىدۇ:

مەن مەسنەۋىنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا سۆزلىدىم. ئەگەر سىر ۋە ھېكمەتلەرنى بىراز كېڭەيتىپ ئىزھار قىلغان بولسام، بۇ ئەسەر قىرىق ئېشەككە يۈك بولغان بولاتتى.

بۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ھېكمەت ۋە سىرلىرى دېڭىزىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن. بىز يەنە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئاشىقنىڭ تىلغا كەلتۈرگەن پەريادلىرىنى ئاڭلايمىز. شۇڭا ئۇ «مەسنەۋى»نى مۇنداق بېيىتلار بىلەن باشلىغان:

ئاڭلا شىكايەت قىلماقتا دائىم بۇ نەي،
ئايرىلىشتىن دائىم جۇدالىقتىن بۇ مۇڭ نەي.

دەركى، پەريادىم قۇمۇشلۇقتىن كېلۇر،
ئاڭلىسا ھەر كىم، كۆزلەرىدىن قان كېلۇر.

جۇدالىقتىن لەختە-لەختە شۇ قاپ يۈرەك،
ئىستىكىم شۇ، دەردىمنى تۆكمەك كېرەك.

ئەگەر تەندىن بىر نەپەس ئايرىلسا بۇ جان،
كۈتەر قايتا ۋەسلى ئۈچۈن ھەر زامان.

يىغلاپ ھەر يەردە دائىم ئاھ ئەيلەدىم،
كۆرگەن ھەر بەندىنى دوستۇم دېدىم.

ھەركىمگە گويا دوست بولدۇم ئەمما،
ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى سىرلارىمغا.

ھېچ ئەمەس پەريادىمغا سىرىم ئۇزاق،
كۆزدە لېكىن يوق نۇر، ئىشتمەس قۇلاق.

ئاشكارىدۇر جان ــ بەدەن، كۆرگىن ئىنسانىنى،
يوق ئىجازەت، كۆرمەس پەقەت ئىنسان جانىنى.

ھاۋا ئەمەس نەي ساداسى، ئەمما ئاتەش،
ئىسىت كىمدە بولمىسا گەر ئۇشبۇ ئاتەش.

ئاشىق ئاتەش بولۇپ چۈشۈپتۇ نەيگە،
ئاشىقنىڭ ئىشقى ھالى ئارىلىشىپتۇ مەيگە.

ياردىن ئايرىم دوستنى دوست قىلدى نەي ھەم،
پەدىسىدىن پەردىلەر يىرتىلىپ كەتتى ھەم.

قانلىق يولدا نەي سۇنار دائىم ئەرزىھال،
ھەم بېرىدۇ مەجنۇننىڭ ئاشىقدىن مىسال.

نەي زەھەر ھەم پانزەھەر، ئاھ نەدە بار،
بۇنداق دوست، بۇنداق سېغىنىشلىق بىر يار.

ئەقلىنىڭ سىرلىرى سىرداشتۇر ئاشىق بىلەن،
پەقەت قۇلاقتۇر خېرىدارى ھەم تىل بىلەن.

ئۆتتى غەم ــ قايغۇلۇق تالاي كۈن ــ كېچە،
ئۆتتى خاتالىقلار بىلەن شۇنداق بۇ كۈنلەر.

ئۆتسە كۈنلەر قورقۇسىز، ھەممىسى مەسەل،
ئەي پاك دوست، سەن مەڭگۈلۈك بولۇپ قال.

ھەممىسى قانسا، بېلىق قانماس سۇغا،

كۆن ئۈزار رىزقى بولمىغان جانغا.

ھېچ چۈشەنمەس پىشقان ئادەمنى خام،
سۆز ئۈزار، كەسمەك كېرەك ئەمدى ۋەسسالام.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مەۋلانا دېگەندە ئەقلىمىزگە بىرىنچى بولۇپ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسەر كېلىدۇ. «مەسنەۋى» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ھامان ئەقلىمىزگە دەرھال نەي كېلىدۇ. دېمەك نەي مەسنەۋىنى، مەسنەۋى جالالىدىن رۇمىنى ئەسلىتىدۇ.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

نەينىڭ ساداسى ئاتەشتۇر، ئۇنى يەل چاغلىما. بۇنداق ئاتەش بولمىغانلارغا مىڭ ئەپسۇس!

ئەلۋەتتە نەينى ياسىغان كىشى قۇمۇشقا شەكىل، سۈرەت بېرىدۇ. ئەگەر نەپەس بەرمىسە، ئىچىگە پۈۋلىمىسە، نەي قانداقمۇ پەرياد قىلسۇن؟

نەينىڭ ساداسىنى ئاڭلا! ئەسلىدە ئۇ سادا نەينىڭ ئەمەس، بەلكى نەينى پۈۋلىگەن تۇيغۇلارنىڭ ساداسىدۇر.

# 14. ساما

شۇ ھالدا ساما ئاشىقلارنىڭ ئوزۇقى،
چۈنكى ساما ئاللاھ ۋىسالىنىڭ خىيالى.

---

پەيلاسوپ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئومۇمى ئېستېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە ئۇسسۇل توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇسسۇل سەنئىتى كۈچلۈك ئېستېتىك ئىپادىلەش كۈچىگە، ئۆزىگە خاس ئوبراز يارىتىش ۋە ھېسسىيات ئىپادىلەش ئۆزگىچىلىكىگە ئىگە. ئۇسسۇل ئادەم بەدىنىنىڭ قىياپىتى، ھېسسىيات بىلدۈرۈش ۋە كۆرۈنۈش ھاسىل قىلغۇچى بەدىئىي ھەرىكىتى ئارقىلىق كىشىنىڭ سۇبيېكتىپ ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشنى ئۆز ئالاھىدىلىكى قىلغان.»

جالالىدىن رۇمى سامانى ھاياتىنىڭ بىر پارچىسى قىلغان بولۇپ، ئۇ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ساما ئويناش ئارقىلىق ئىزھار قىلغان. چۈنكى ساما يالغان ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرىكەت كەچۈرمىشى بولماستىن، بەلكى ساما قەلبىنىڭ ئىپادىسى، خاراكتېرىنىڭ ئىپادىسى.

سامانىڭ ھەرىكەت شەكىللىرى مۇزىكا رىتىمى ئاساسىدا ئۆزگىرىش ياساپ ئاجايىپ كۆرۈنۈش گۈزەللىكىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئىنسانغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدىغان رىتىملىق ساما ھەرىكەتلىرى، قەلب تۇيغۇلىرى بىلەن بىرلىشىپ

بەدىئىي تىلنى ھاسىل قىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن جالالىدىن رۇمىي مەشھۇر «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدىكى ھېكايە ۋە شېئىرلارنى ساما ئويناۋېتىپ سۆزلىگەن. ئەينى چاغلاردا سەلجۇقلار خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى كونيادا سامادىن ئىبارەت بۇ مەدەنىي پائالىيەت جالالىدىن رۇمىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن ئاساسىي بىر مەدەنىيەت ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. جالالىدىن رۇمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھەمدە ئۆزىنىڭ باش بولۇپ ساما ئوينىغان سورۇنلىرىغا سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئەركانلىرىمۇ قاتناشقان. جالالىدىن رۇمىي ساما ئويناۋېتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆزلىگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ «سۆيۈملىكى» بىلەن دىدارلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى دەپ تەسۋىرلەنگەن. شۇ چاغلاردىكى سۆزلىگەن شېئىرلىرىدا ۋەزىن ياكى قاپىيە مۇھىم ئەمەس بولۇپ ئاساسلىقى مەناسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىدا. ئۇنىڭ ئۈچۈن جالالىدىن رۇمىنىڭ ئەسەرلىرى بۈگۈنگىچە قەدىرلىنىپ كەلمەكتە ۋە قىممىتىنى يوقاتماي بەلكى كۈندىن-كۈنگە ئەتىۋارلىنىپ كىشىلەر تەرىپىدىن تىلغا ئېلىنماقتا.

جالالىدىن رۇمىي مۇنداق دەيدۇ:

دوستلۇق كۈنى بۈگۈن،
ساما ئويناپ پىرقىرايلى.
بىر قىسىم خەلق دېڭىزدەك بۇژغۇنلايدۇ،
بىر قىسىم خەلق دولقۇن بولۇپ سەجدىدە.
بىر قىسمى قىلىچ بولۇپ جەڭدە،
بىر قىسىم خەلق قېنىمىزنى ئىچمەكتە.
ئەنە كىردى ھۇجرىغا نەركەس گۈل،
ئەنە ئاستىم دۇمبىقىمنى بوينۇمغا.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا مۇزىكا تەبىئەت

جۇشقۇننىڭ نامايەندىسى بولسا، ساما بۇ جۇشقۇننىڭ ھاياتتىكى ئەمەللىشىدىن ئىبارەت دەپ قارىغان. ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئەي يىگىت، كۆك يۈزىنى ئاياق ئاستىڭغا ئال،  
پەلەكنىڭ ئۈستىدىكى نەغمە ئاۋازلىرىنى تىڭشا!  
قۇلىقىڭدىكى ۋەسۋەسە پاختىسىنى چىقىرىپ،  
كائىناتنىڭ جۇشقۇنىنى تىڭشا!  
ئەرلەر مەيداندا ئويناپ پىقىرايدۇ،  
ئۆز قانلىرى ئىچىدە ئۇسۇل ئوينايدۇ.  
بارلىقىدىن قۇتۇلغاندا غۇلاچ ئاچىدۇ،  
كەمچىلىكلىرى تۈگىگەندە ساماغا چۈشىدۇ.

ئەسلىدە جالالىدىن رۇمى شەمسىددىن تەبرىزى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ساما ئويناشقا باشلىغان. بىر كۈنى سۆھبەت جەريانىدا شەمسىددىن تەبرىزى رۇمىنىڭ قولىغا بىر نەرسىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككىلىسى تەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ساماغا چۈشىدۇ. بۇ پەقەت ئاللاھقا بولغان شۈكرانلىرىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر ئۇسۇلى ئىدى. جالالىدىن رۇمى ئاناتولىيەدە «مەۋلانا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان بولۇپ، مەۋلانا دېگەن زامات ئادەمنىڭ ئەقلىگە ساما كېلىدۇ. ساما دېمەك مۇڭلۇق مۇزىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا ئۇسۇل ئويناپ پىقىرماق دېمەكتۇر.

مەۋلانا زامانىدا دىنى ۋە تەسەۋۋۇپنىڭ بىر جۇشقۇنلۇقى ۋەسىلىسى بىلەن ئىجرا قىلىنغان ساما كېيىن مەۋلانانىڭ

ئوغلى سۇلتان ۋەلەد ۋە ئارىف چەلەبى زامانىسىدىن باشلاپ پۈتۈن بىر تەرتىپلىك ئۆلچەم بويىچە ئوينايدىغان، رېتىملىق ئۆگىنىپ ئىجرا قىلىدىغان هالغا كەلگەن ۋە ساما كائىناتنىڭ ئۆزگىرىشىنى، ئىنساننىڭ ئالەمدە تىرىلىشىنى، ئۇلۇغ ياراتقۇچىغا بولغان ئاشىقنى ۋە قۇللىقنى ئىدراك قىلىپ كامالەتكە يېتىشنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەشنىڭ سىمۋولى بولغان.

ساما ئويناشتىكى مەقسەت ئادەتتىكى ئويۇن ئويناش بولماي بەلكى ئىبادەتنىڭ بىر خىل ئۇسۇلىدۇر.

سامانىڭ هەر بىر هەرىكىتىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق مەنالىرى بار ۋە ساما ئوينىغاندا نەي چالىدۇ. نەينىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئىنسانغا هوزۇر بەخش ئېتىدۇ. هەتتا ساماچىلار كىيگەن كىيملەرمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق مەنالارنى ئىپادىلەيدۇ.

ساماچىلارنىڭ ئۇستىدىكى ئاق كىيىم يەنى جەندە «تەننۇرە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ بۇ كېپەنگە سىمۋول قىلىنغان. بېشىغا كىيىۋالغان سېرىق كۇلاھ «سىككە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قەبرە تېشىغا سىمۋول قىلىنغان. گەرچە بۇ كىيملەر بىزگە ئۆلۈمنى ئەسلەتسىمۇ ئەسلىدە ساما ئۆلۈمنى ئەمەس بەلكى هاياتلىقنى، قايتا تىرىلىشنى ئاڭلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش ـ هەرىكەتلىرى سۈرەت ئالىمدىن هەقىقەت ئالىمگە ئۆتۈش جەريانىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

ساماچىلار باشتا مەيداننىڭ ئوتتۇرىغا چۈشكەندە ئۈستىدە بىر قارا جەندە بولۇپ بۇ قارا جەندە مازارلىققا سىمۋول قىلىنغان. ساماچىلار مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن ئۈستىدىكى قارا جەندىنى يېشىۋېتىپ ئويۇننى باشلايدۇ. بۇ قايتا دۇنياغا كېلىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

سامانىڭ پۈتۈن جەريانى ئىنسان كامالەتكە يېتىپ هەققە ئېرىشىش جەريانىدىن ئىبارەتتۇر. يەنى «هەققە يەتكەن ئىنسان» دېگەنلىكتۇر.

ساما ئويناۋاتقاندا تۆت قېتىم سالام قىلىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ كامىل بولۇش جەريانىدىكى تۆت باسقۇچقا تەمسىل قىلىنىدۇ. بۇلار:

1 ـ شەرىئەت، 2 ـ تەرىقەت، 3 ـ مەرىپەت، 4 ـ ھەقىقەت.

بۇ تۆت ئىشكتىن ئۆتمىگەن كىشى كامىللىققا يېتەلمەيدۇ.

ساماچىلار ئوڭ قولىنى كۆككە، سول قولىنى يەرگە قارىتىدۇ. بۇنىڭ مەناسى ئوڭ قول ھەقتىن ئېلىپ، يەرگە قارىتىلغان سول قول بىلەن خەلققە بېرىدۇ. بۇ شەكىل ئارقىلىق بېغىشدىن تۇغۇلغان ھالەتكە كەلگەن بولىدۇ. بۇ تۇغۇلۇش ئادەتتىكى تۇغۇلۇش بولماي بەلكى ئىلاھىي تۇغۇلۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ساما ئوينىغۇچىلارنى كۆرگەن چېغىمىزدا ئادەتتىكى ئويۇنلارنى كۆرگەندىن نەچچە ھەسسە مەنىۋىي جەھەتتىن زوق ئالىمىز.

ساما ئوينىغاندا ساماچىلار تىنماي ئايلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى قانمۇ ھەم شۇنداق تىنماي ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما بىز ۋۇجۇدىمىزدىكى بۇ توختاۋسىز ئايلىنىشنى سەزمەيمىز. خۇددى تۇرغۇن ھالەتتە تۇرغاندەك ھېس قىلىمىز. ئەمەلىيەتتە بەدىنىمىزدىكى ھەربىر زەررىچە بىر مەركەزنىڭ ئەتراپىدا توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ھەرقانداق بارلىق ئۇ يالغۇز بارلىقنىڭ تارتىش كۈچى چەمبىرەك دائىرىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ مەركەزنىڭ ئايدىڭلىقىدىن ھەرقانداق زەررىچىلىك نەرسىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئايلىنىۋاتقان ھەرقانداق نەرسە ھەرقانداق بىر نۇقتىدىن تۈز سىزىق بويىچە ئايرىلسىمۇ يەنە بەربىر باشلانغان نۇقتىغا كېلىپ قالىدۇ ۋە شۇ بويىچە ئايىنىلىپ تۇرىدۇ. دېمەك بۇ ئايلىنىش شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ھەرقانداق شەيئىدە باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش يوقتۇر. نەرسىلەردىكى باشلىنىش

ۋە ئاخىرلىشىش بىر شەكىلدۇر. ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق شەيئى ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي بولغان يالغۇز بارلىقنىڭ بارلىقى بىلەن ئەزەلىي ۋە ئەبەدىيدۇر. شۇڭا كائىناتتىكى ھېچقانداق بىر شەيئى تەلتۆكۈس يوق بولۇپ كەتمەيدۇ.

بۇلار سامانىڭ ھەقىقىي مەناسىدۇر ۋە شۇنىڭدەك جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاساسىدۇر.

ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جالالىدىن رۇمىي پەقەت تۈركلەرنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن مەدەنىيەتلىك ئىنسانلار جەمئىيىتىگە شەرەپ بەرگەن بۈيۈك بىر ئىنساندۇر. خەلقئارا ئىلىم دۇنياسىدا، دۇنيا ئەدەبىياتىدا ھەر ۋاقىت ئىسمى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭ ھېكمەتكە تولغان سۆزلىرى ئالدىدا مەن ئادەتتىكى بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن چوڭقۇر ھۆرمەتلەش ۋە ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ تۇرۇپ ئوقۇش ھەمدە تەتقىق قىلىشتىن باشقا يەنە نېمە دېيەلەيمەنكى...

# 15. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى گۈزەللىك

گۈزەللىك تەڭرىنىڭ ئىھسانىدۇر.
ـ ئارىستوتىل

---

گۈزەللىك ۋە گۈزەللىكنىڭ ئىنسان زېھنىدىكى تەسىرىنى تەتقىق قىلىش پەلسەپىگە ئائىت بىلىمدۇر. يەنى پەلسەپىنىڭ ئېستېتىك پەلسەپىسىگە ئائىت بىر قانۇنىدۇر.

بىز كىتاپلاردا، شېئىرلاردا ئېستېتىك دېگەن سۆزنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەقلىمىزگە كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ئوبېكتىپ شەيئىلەرنىڭ گۈزەللىكى كېلىدۇ. يەنى گۈزەل رەڭ، كۆك ئاسمان، سۇ، ياكى يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆز ئالدىغا نازاكەتلىك، قاش ـ كۆزى جايىدا بىر ساھىپجامال قىز كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. بۇلار ئىنسانلار كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن يارىتىلغان كائىناتتىكى گۈزەللىكلەردۇر. بۇنىڭدىن باشقا رەسىملەردىكى گۈزەللىك، سەنئەت، مۇزىكىدىكى گۈزەللىك ۋە ياكى بىرەر ئەسەردىكى گۈزەللىك...

ئىنسان گۈزەللىكلەرنى كۆرگەندە زېھنىدە، ھەتتا پۈتۈن تۇيغۇلىرىدا بىر خىل خۇشاللىنىش، ھوزۇرلىنىش، ياخشى كۆرۈشتەك بىر تەبىئىي گۈزەللىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. بۇ

تۇيغۇ ئىنسان ئەقلىدىن بەكرەك يۈرىكىدىن بارلىققا كېلىدۇ. چۈنكى يۈرەكتىن ئىبارەت بۇ ئورگان تۇيغۇلارنى ناھايىتى تېز قوبۇل قىلىدىغان، تېز تەسىر قىلىدىغان ئورگاندۇر. شۇڭا ئىنسان ھاياجانلانغاندا ۋە ياكى قورققاندا، ئەنسىرىگەندە، يۈرەكنىڭ نورمال ھالىتى ئۆزگىرىدۇ، بۇ ھالەتلەر يۈرەككە دەرھال تەسىر قىلىدۇ. يۈرەكتىن چىققان قان ئىنسان ھاياتىنىڭ قۇۋۋەت مەنبەسى بولۇشى بىلەن بىرگە ئىنسانىنىڭ ياخشىلىق ۋە رەزىللىكىنىڭ رولچىسىدۇر. مېڭە تەپەككۇر قىلسا، يۈرەك تۇيغۇلارنىڭ مەركىزىدۇر.

گۈزەللىك توغرىسىدا پەيلاسوپ پلاتون (م.بۇرۇن 347 ـ 427) مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئەستېتىك بىر خىل چۈشەنچە، تۇيغۇ بولۇپ، ئەسلىدىنلا ئىنساندا بار بولغان تۇيغۇدۇر، بۇ ئىنساندىكى باشقا ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزلۈكىدىن گۈزەلدۇر. ئەسلى گۈزەللىك ھېچبىر ۋاقىت ئۆزگەرمەيدۇ، ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقىي بولغىنى گۈزەللىك تۇيغۇسىدۇر. ئەقىل ئىگىسى ھەر ۋاقىت ھەر بىر مەۋجۇدىيەت ئۈچۈن گۈزەل تۇيغۇغا ئورتاقتۇر. بىر ئەسەر تۇيغۇمىزغا قانچە يېقىن بولسا ئۇ ئەسەر شۇنچە گۈزەل، ئىسىل بولىدۇ.

پەيلاسوپ ئارىستوتىل (م.بۇرۇن 384 ـ 322) روھنىڭ گۈزەللىكىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، مۇنداق دېگەن ئىكەن:

ئىنساندىكى گۈزەللىك ھېسسى بولسا بىر ئۇيغۇنلۇق، تەرتىپ، چەك ـ چېگرادۇر. روھنىڭ گۈزەللىكى بەدەننىڭ گۈزەللىكىگە قارىغاندا ئاسانلىقچە كۆرۈلمەيدۇ.

پەيلاسوپ كانت (1804 ـ 1724)نىڭ گۈزەللىك قارىشى باشقىچە بولۇپ ئۇ بۇ توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ:

گۈزەللىك بولسا ئوبىېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىگە بولغان

بىر خىل ئالاھىدىلىكتۇر. ئىنسانلارنىڭ ھاياجانلىنىشى ياكى ھاياجانلانماسلىقى بىر نەرسىگە بولغان تۇيغۇلىرىغا باغلىق. گۈزەللىك ھۆكۈمى ئىنساندىكى قوزغالغان ھېسسىياتقا باغلىق بولۇپ، ھېسسىيات ھەر ئىنساندا بار بولغان ئورتاق ھەۋەس بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەن بىر سەنئەت ئەسىرى ئالدىدا «بۇ گۈزەل ئىكەن» دېسەم، باشقىلارنىڭمۇ ئۇنى «گۈزەل ئىكەن» دېيىشىنى ئويلايمەن. گۈزەللىك زوقى ئىنساندىكى چەكسىز بىر ھوزۇرلىنىشتۇر. ئىنسانلار ھېچقانداق بىر پايدا ـ مەنپەئەتنى ئويلىماي بىر ئوبيېكتىپ نەرسىگە يۈزلەنگەندە ئوخشاش بىر گۈزەللىكنى كۆرىدۇ.

ئىدىيالىست ۋە تارىخ پەلسەپىسىنىڭ پىشۋاسى گېگىل بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن ئىكەن:

گۈزەللىك بىر ئىدىئال نەرسە بولۇپ، گۈزەللىك بىلەن توغرىلىق ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق، تەڭداشلىق مۇناسىۋىتى بار. گۈزەللىك ئىدىيەنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. تەبىئەتنىڭ ئۆزى مۇتلەق روھنىڭ ئەكس ئېتىشى بولۇپ، گۈزەللىك تۇيغۇسى ئەسلىدە ماددىدىن ئايرىلغان مۇتلەق روھنىڭ نەق ئۆزىدۇر.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى بىردىنبىر پەيلاسوپى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن گۈزەللىك توغرىسىدا مۇنداق دۇردانىلارنى تىزغان:

گۈزەللىك، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەزبىكار مەلىكىسى، ئىنسان روھىيىتىدىكى جىلۋىلىك يۇلتۇز.

مەن بۇ يەردە گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ پەلسەپە تەرىپىدىكى مەزمۇنىغا قارىغاندا ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدىكى رولىنى بەكرەك تەكىتلەپ قەلەمگە ئالىمەن.

ئۇلۇغ تەڭرى ياراتقان بۇ كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر

ئەسلىدىلا بار بولغان گۈزەللىكتۇر. ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ ماددىي ۋە مەنىۋىي بىر گۈزەل مەۋجۇتلۇقتۇر. ئۇلۇغ تەڭرىم بۇ دۇنياغا ھېچبىر بولۇشسىز ياكى سەت، ئەسكى، كېرەكسىز بىر يەر، ھالەت ۋە شەيئى ياراتمىغان. بۇ بارلىق ئەسكىلىكلەرنى، رەزىللىكلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر.

ئەسلىدە گۈزەللىك بىزگە كۆرۈنگەن ئوبيېكتىپ شەيئى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولماستىن بەلكى كۆز ۋە قەلبىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ توغرۇلۇق ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ (1207 ـ 1273) مۇنداق بىر سۆزىنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. «گۈلنى ئويلىساڭ گۈلىستان بولىسەن، تىكەننى ئويلىساڭ تىكەنلىك بولىسەن!». شۇڭا ئىنسان ئىچىدە بار بولغان، قىمىرلاپ تۇرغان تۇيغۇ ـ سەزگۈلىرىنى، چۈشەنچىلىرىنى ياخشىلىققا مايىل قىلسا، شۇ بويىچە بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارسا ئەلۋەتتە بۇ ماكان گۈزەل بىر جەننەت ماكانغا ئايلىنىدۇ. ئىنسان ئۆزىمۇ ھوزۇر، بەخت ئىچىدە ياشايدۇ.

گۈزەللىك يەنە بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ بىلىش ئىقتىدارى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىر نەرسىنى بىلمىگەن كىشى بىلىمدىن خەۋەرسىز بولغانلىقتىن، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان گۈزەللىكنىڭ بار ـ يوقلىقىنى بەزىدە پەرق ئېتەلمەيدۇ. ئۇ كىشى بىر نەرسە ئۆگىنىپ، ئەتراپىنى كۆزىتىپ، دۇنيانى كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىقتىدارى بىلەن ئوقۇپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا گۈزەللىكلەرنى ھېس قىلىدۇ، ھايات قىممەت قارىشىدا روشەن ئۆزگىرىش بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسان بار بولغان گۈزەللىكنى كۆرمەي، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى چۈشەنمەي، داۋاملىق ئىلكىدىكى نەرسىلەردىن «ماۋۇ بار، ماۋۇ يوق» دەپ ئايرىمچىلىق قىلىپ، ئۆز شەخسىيىتى بىلەنلا بولسا ئۇ چاغدا ئۇ ئىنسان بەختسىزلىكنىڭ بوسۇغۇسىنى دەسسىگەن بولىدۇ. شۇڭا بىز ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر نەرسىنى گۈزەل كۆزىمىز، گۈزەل تۇيغۇمىز، گۈزەل ھېسقا تولغان يۈرىكىمىز بىلەن قوبۇل قىلغىنىمىزدا يۈرىكىمىزدە، ئەقلىمىزدە، بەدىنىمىزدە ئاجايىپ سەرخىل ھېس پەيدا بولۇپ، ئالەمچە

راھەتلىك تۇيغۇدا بولىمىز، بۇ ھاياتقا ئۈمىد بىلەن قاراپ، ھېچ ۋاقىت يولىمىزدىن ئازمايمىز. بەزىدە تۇرمۇشتا چۈشكۈنلەشكەن، ئەتراپىدىكى گۈزەللىكنى كۆرمەي، قايمۇقۇپ قالغان ئىنسانلارنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز چىققان بىر ياخشىلىق ۋە ياكى بىر گۈزەللىك ئۇ ئىنساننىڭ تۇرمۇشىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكىدەك بىر ئۆزگىرىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىنساندىكى ئەسلىدە بار بولغان بىر گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ قايتىدىن تىرىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەن ئۈندىداردا «بىر تال ئەتىرگۈل» ناملىق ھېكايىنى ئوقۇپ قالدىم، بۇ دەل مۇشۇنداق بىر ھادىسىنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

بۇرۇن بىر گۈل ساتقۇچى قىزچاق نۇرغۇن ئەتىرگۈللەرنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن كۈننىڭ خېلىلا كەچ بولغىنىنى ھېس قىلىپ، ئۆيىگە بالدۇرراق قايتىشنى ئويلاپتۇ، بىراق قولىدا يەنە بىر تال تېخى سېتىلمىغان ئەتىرگۈلنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئاپتۇ ۋە يولنىڭ چېتىدە بىر تىلەمچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، تىلەمچىنىڭ قېشىغا بېرىپ قولىدىكى بىر تال ئەتىرگۈلنى تىلەمچىگە سوۋغا قىلىۋېتىپ، خۇشال ھالدا ئۆيىگە قاراپ يول ئاپتۇ.

بۇ تىلەمچى مۇنداق بىر ياخشى ئىشنىڭ ئۆزىگە ئۇچراپ قېلىشىنى، شۇنداق گۈزەل بىر قىزنىڭ ئۆزىدەك بىر تىلەمچىگە گۈل سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى ئەقلىگىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىكەن. خۇددى شەرقتىن چىقىدىغان كۈن غەرپتىن چىققاندەكلا تۇيغۇدا بوپتۇ. بەلكى تىلەمچى ئەزەلدىن ئۆزىنى سۆيۈپ باقمىغان، ئەزەلدىن بىرەسىنىڭ كۆڭۈل سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىپ باقمىغان بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇ بۈگۈن تىلەمچىلىك قىلىپ تۇرماي، ئۆيىگە بالدۇرراق قايتىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، بىر بوتۇلكىنى تېپىپ، ئىچىگە سۇ قۇيۇپ، ئەتىرگۈلنى چىلاپ قويۇپتۇ ۋە ئۇ ئەتىرگۈل چىلاقلىق بوتۇلكىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئەتىرگۈلدىن ھوزۇرلىنىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلنى بوتۇلكىدىن ئېلىۋېتىپ، بوتۇلكىنىڭ چەت-چۆرىلىرىنى پاكىز تازىلاپ، گۈلنى قايتىدىن

چىلاپ قويۇپتۇ. چۈنكى شۇنداق چىرايلىق بىر گۈلنى بۇنداق مەينەت بوتۇلكىغا سېلىپ قويسا ياخشى بولمايدىغاندەك ھېس قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە گۈلگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن شۇنداق بىر چىرايلىق گۈلنىڭ مۇنداق بىر مەينەت ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى، ئۆيلىرىنىڭمۇ شۇنداق پاسكىنا، قالايمىقان تۇرغانلىقىنى ھېس قىپتۇ-دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۈستەلنى پاكىز تازىلاپ، ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلاپتۇ، ئۆينى پاك-پاكىز تازىلاپ، پۈتۈن پاسكىنىچىلىقنى سىرتقا ئېچىقىپ تاشلاپتۇ. ئۇ ئۆيدە مۇشۇ ئەتىرگۈل بولغاچقىلا خۇش پۇراققا تولغاندەك، ئۆينىڭ ئىچى بىر خىل ئىللىقلىققا تولغاندەك ھېسقا كەپتۇ-دە، ئۆزىدە بىر خۇشاللىق تۇيغۇسى ھاسىل بوپتۇ. دەل بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ھالىتىنى ئېسىگە ئېلىپ ئەينەككە قاراپتۇ. ئەينەكتە يۈز-كۆزلىرى مەينەت، چاچلىرى پاخپايغان، ساقاللىرى ئۆسۈك، كىيىم-كېچەكلىرى مەينەت، جۇل-جۇل بىر ئادەم نامايەن بوپتۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىكەن. ئۇ مۇنداق بىر ئادەمنىڭ بۇ ئۆيگە، بۇ چىرايلىق ئەتىرگۈلگە ماس كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرھال نەچچە يىلدىن بۇيان سۇ تېگىپ باقمىغان بەدەنلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئېلىپ، بېشىدىن-ئايىغىچە يېپيېڭى قىلىۋاپتۇ-دە ئاندىن ئەينەككە قاراپتۇ، ئەينەكتە ھېچ كۆرۈپ باقمىغان شۇنداق چىرايلىق ياش يىگىت نامايەن بوپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ خېلى يامان ئەمەس بىرسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، مەن نېمىشقا تىلەمچىلىك قىلغۇدەكمەن؟ دەپ ئويلاپتۇ. بۇ ئۆزىنىڭ تىلەمچىلىك قىلغاندىن بېرى ئۆزىدىن شۇنداق بىر سۇئالنى سورىشى ئىكەن. ئۇنىڭ روھى بىردىنلا ئويغىنىپ، ئەمەلىيەتتە مەن خېلى يامان ئەمەسقۇ دەپ ئويلاپ، ئۆيگە، ئۇ گۈلگە قاراپ، شۇ ھامان ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم قارارىدىن بىرنى چىقىرىپتۇ. ئەتىدىن باشلاپ تىلەمچىلىك قىلماي ئىش ئىزدەشكە باشلاپتۇ، ھەمدە بىر ئىش تېپىۋاپتۇ. بەلكى ئۇنىڭغا ئۇ گۈزەل ئەتىرگۈل داۋاملىق ئىلھام بەخش ئەتكەن بولسا كېرەك، داۋاملىق جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، تىرىشىپ ئالغا

بېسىپتۇ، ھاياتتىكى پۈتۈن گۈزەللىكتىن بەھرىمان بولۇپ، ھاياتقا ئۈمىدكە تولغان كۆز بىلەن قاراپ، ئاخىرى ئۆز ئالدىغا بىر شىركەتمۇ قۇرۇۋاپتۇ.

دېمەك گۈزەللىك، ياخشىلىق، ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەن ئىنسانلارنىڭ روھىغا، قەلبىگە ئۈمىد نۇرلىرىنى بەخش ئېتىدۇ. ئوبيېكتىپ گۈزەللىك ئىنسان روھىغا تەسىر قىلىپ، ئىنسان ئۆزىدە ئەسلىدىلا بار بولغان، لېكىن سىرتىنى پاسكىنىچىلىق قاپلىغان، كىرلەنگەن بۇ گۈزەللىك تۇيغۇسىنىڭ تۆرەلمىسىنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ، ئىنسان روھىنى قايتىدىن جانلاندۇرۇپ، ھاياتىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

جالالدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى گۈزەللىك ئاساسەن كۆڭۈلدىكى گۈزەللىك، تەبىئەتتىكى گۈزەللىك، پىكىردىكى گۈزەللىك، تۇرمۇشتىكى گۈزەللىك، تىلدىكى گۈزەللىك، ئەخلاقتىكى گۈزەللىك، تۇيغۇدىكى گۈزەللىك قاتارلىقلارنى نەزەردە تۇتقان.

ئەسلى گۈزەللىك كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك چۈشەنچىلىرىدىن ھاسىل بولغان كۆڭۈلدىكى گۈزەللىك بولۇپ، بۇ گۈزەللىك بىلەن رېئال ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتتىكە نەزەر سالساق ئۇلار ئۆزىدىكى گۈزەللىكنى كۆز ئالدىمىزدا زاھىر قىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا جالالدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

كۆڭۈل ئەينىكى پاكىز بولمىغان كىشى گۈزەل بىلەن سەتنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.

تىلىڭنى تەربىيەلەشتىن ئاۋال يۈرىكىڭنى تەربىيەلە. چۈنكى سۆز يۈرەكتىن كېلىپ، تىلدىن چىقىدۇ.

جالدىن رۇمى كۆڭۈل گۈزەللىككە تولغاندىلا ئىنسانلار ئاندىن ئىجتىمائىي ھاياتتىكى گۈزەللىكنى مەيدانغا كەلتۈرەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇ ماددىي گۈزەللىكتىن ھەر ۋاقىت مەنىۋى گۈزەللىكنى ئۈستۈن قويىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت روھنى پاكلاشقا، روھتىكى كىرنى يۇيۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئىنسانىيەت ياراتقان ئىجتىمائىي گۈزەللىك تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئىدىشقا سېزىلغان گۈل مەڭگۈ تەبىئىي گۈلنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. شۇڭا جالالىدىن رۇمى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن ناھايىتى ئىلھام ئالغان ۋە تەسەۋۋۇردا جانلاندۇرۇپ ئاجايىپ لىرىك، گۈزەل شېئىرلارنى يازغان. گۈزەللىكتىن زوق ئېلىپ يەنە بىر يېڭى گۈزەللىكنى ياراتقان. ئۇنىڭ ياراتقان گۈزەللىكلىرى تەبىئەتتىكى گۈزەللىكلەرنىڭ ئىنسان ھاياتىغا لايىق جەۋھەرلىرىدىن مۇجەسسەملەشكەن ۋە كۆڭۈلدىكى ئىشقى گۈزەللىك ئاساسىغا قۇرۇلغان غايىۋى گۈزەللىكتۇر. ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىنىڭ گۈل-چېچەك بىلەن پۈركەنگەن يولىدۇر.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

قاغىلارنى قىش مەۋسۇمىدا ھاياجان باسىدۇ. بۇلبۇللار مەيداندىن چېكىنىپ ئۈننى باسىدۇ.

دېمەك تەبىئەتتىكى ھەر پەسىلنىڭ، ھەر ئىقلىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆزىگە چۇشلۇق خېرىدارى بار. باھار پەسلى بۇلبۇللارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى، رەڭمۇ-رەڭ گۈللەرنىڭ پۇرەكلىشى بىلەن گۈزەللىكنى نامايەن قىلىپ، كىشىلەرگە ئىستېتىك زوق ئاتا قىلىدۇ. قىش پەسلىنىڭ كەيپىنى قاغىلار سۈرىدۇ. شۇڭا قىشنىڭ سەلتەنىتى قاغىغا ئائىت. قاغىنىڭ قاقىلداشلىرى كۈچەيگەندە بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق نىداسى پەسىيىدۇ. بۇلبۇل ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. دېمەك قىشنىڭ جۇدۇنلىرىنىڭ ئالامەتلىرى، كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر ئىنسانغا ئىستېتىك زوق بەرمەيدۇ. شۇڭا جالالىدىن رۇمى ئەسەرلىرىدە باھاردىن كۆپ سۆز ئاچىدۇ. بولۇپمۇ شېئىرلىرىدا باھار پەيزىنى تەسەۋۋۇر كۈچىگە تايىنىپ ئالامەت ئىسىل بەدىئىي ماھارەت، گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇ «دىۋانى كەبىر» ناملىق ئەسىرىدە باھارنىڭ گۈزەللىكلىرىنى كۆپ قېتىم تەسۋىرلەيدۇ، گۈزەللىككە بولغان زوقى ئارقىلىق «ئىشق» چۈشەنچىسىنى ئىزھارلايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

يېقىملىق باھار كەلدى. يارنىڭ ئەلچىسى كەلدى. بىز بولساق مەستانە، ئاشىق، ھالسىز ۋە قارارسىز...

ئەي كۆز، ئەي زىيا! باغقا ئۇدۇل بار. چىمەن گۈزەللىرىنى ساقلاتما. چىمەنزارلىققا غايىپ ئالەمدىن غېرىپلار كەلدى. بارغىن، تىز بارغىن. چۈنكى يولدىن كەلگەننى يوقلاش ئادىتىمىزدۇر. گۈل سېنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن گۈلشەنگە كەلدى. تىكەن سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆرۈش ئۈچۈن گۈزەللەشتى...

ئەي سەرۋى! قۇلاق سال. زىغىر چېچەكلىرى ئېرىقنىڭ قىرغاقلىرىدا سېنىڭ گۈزەللىكىڭنىڭ ئالدىدا تىللىرى تۇتۇلدى. غۇنچىلار ئېچىلمايلا تۈرۈلۈپ قالدى. لۇتفىڭ تۈرۈلۈپ، تۈگۈلۈپ قالغان چىگىشلەرنى يېشىدۇ. بۇلار سېنى كۆرسە ئېچىلىدۇ...

سۆيۈملۈك باھار كەلدى. بەھۇشلۇق، ئاشىقلىق، ياشلىق ۋە بارلىق نەرسىلەردىكى گۈزەللىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە جۇغلاندى... بۇلارنىڭ ئەسلىدە سۈرەتلىرى يوقتى، ئەمدى گۈزەل بىر سۈرەتكە باغلاندى. سۈرەتكە باغلىغان مۇئەييەن شەيئىلەرنى كۆر. دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، كۆڭۈل كۆزنىڭ كارىدورىدۇر. كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغان، كۆزنى مەھلىيا قىلىدۇ ۋە دەرھەقىقەت بىر سۈرەتكە باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

باھار كەلدى دېمەك، باغدا قىيامەت بولدى دېمەكتۇر. سىرلارنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ چىن گۈزەللىكلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئىزھار ئەيلىشىدۇر. ئەگەر سەندە بىر كۆڭۈل بولسا سەنمۇ ئىزھار قىل. سەن كۆڭلۈڭنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ يۈرىسەن؟ دېگۈم كېلىدۇ.

جالالىدىن رۇمى گۈزەللىكنى يالغۇز شەكىلگىلا ئائىت دەپ قارىماستىن بەلكى مەزمۇنغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئەسكى خۇيلۇق، چىرايلىق يۈزلۈك ئادەم يالغان پۇلغا

ئوخشايدۇ.

ئەرلەرنىڭ گۈزەللىكى تىللىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

بىز گۈزەل، سەنمۇ گۈزەللەش،
سەن بىزنىڭ خۇيىمىز بىلەن خۇيلان.
بىزگە يېقىنلاش، باشقىسىغا ئەمەس...
جاھىل بولماي دېڭىزدەك بول.
مادامىكى دېڭىزنى سېغىنىدىڭ،
جاھىللىقتىن ئەبەدىي قۇتۇل.

ياخشىلىق ياخشىلارغا، ئەسكىلىك ئەسكىلەرگە خاس. بۇلبۇل قانداقتۇر باھارغا تەشنا بولسا، ياخشىلارمۇ ئادالەتكە، ئەركىنلىككە ۋە مۇتلەق ھەقىقەتكە تەشنا. قەلب باغچىسىدا ھەر ۋاقىت باھارنىڭ ھېدى كېلىپ تۇرىدىغان كىشىلەر ھوزۇرىدا جۇدۇنلۇقنىڭ ئالامىتىنى بىلدۈرىدىغان قاغىلارغا ئورۇن يوق.

گۈزەللىك مۇدھىش بىر قۇدرەت بولسا، ياخشىلىق ئۇنىڭ قىلىچىدۇر. دۇنيادا ھەربىر ئىنسان گۈزەل شەيئىلەرنى شۇ گۈزەللىكى بىلەن قوبۇل قىلسا، سەت بولغان نەرسىلەر بارغانچە يوقىلىدۇ. ياخشى بولغان نەرسىلەر شۇ ياخشىلىقى بىلەن تونۇلسا، ئەسكىلىكمۇ بارغانسېرى ئازىيىدۇ.

تەڭرى گۈزەلدۇر، گۈزەل بولغاننى سۆيەر! — ھەدىس

# 16. ئىنسان ۋە دىن

توغرا يولدا بولغان (ئىمانغا دەۋەت قىلغانلىقىغا) سىلەردىن
ھەق تەلەپ قىلمايدىغان كىشىلەرگە ئەگىشىڭلار.
-ياسىن سۈرىسى 21-ئايەت

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا ئىنسان ئاللاھ تەرىپىدىن بارلىق جانلىقلاردىن ئۇلۇغ قىلىپ يارىتىلغان بىر مەۋجۇدات بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئاجىزلىق تەرەپلىرى بار. ئەمما ئىنسان بۇ ھاياتتا چوڭقۇر ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق روھىي دائىم تاۋلاپ كامىل ئىنسان بولالايدۇ دەپ قارايدۇ. جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىنسان چۈشەنچىسىنىڭ ئەسلى مەنبەسى قۇرئاندىن كەلگەن بولۇپ، قۇرئاندىكى «مۇھەققەق بىز ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتۇق» دېگەن ئايەت دەل جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ مەنبەسىدۇر. ئۇ تەپەككۇر دۇنياسىنى ئىنساننىڭ ئۈستىگە قۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرلىرىدە گاھ ئىنساننى ئۇلۇغلاپ كامىللىققا كۆتۈرسە، گاھ ئىنساننى كامىللىقتىن ئايرىپ، ئەڭ پەسكەش ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

سەن ھەم ھايۋان سەن، ھەم پەرىشتە. ئەي ئىنسان، سەن ئاجايىپ بىر بارلىق سەن. زىتلىقلار سېنىڭ ئۈستۈڭدە بىرلىشىپتۇ. ھايۋان بىلەن پەرىشتە ئايرىم بولسىمۇ ئۇلار

سېنىڭ نەپسىڭدە توپلىشىپتۇ. سەن ھايۋان بىلەن جان پەرىشتىسىنى بىر يەرگە ئەكەپسەن. بۇ سەۋەپتىن سەن ھەم كۆك يۈزىگە، ھەمدە يەرگە مەنسۇپ. بۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيىتىڭنى بىلىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن دىققەت بىلەن ئىش قىل. بەدىنىڭ روھىڭنى چىشلىمىسۇن، ئەسكىلىكىڭ ياخشىلىقىڭنى باش ئەگدۈرمىسۇن. كۆكلەر تۇرغان يەردە قۇرۇت-قوڭغۇزدەك قاراڭغۇ يەرنىڭ ئاستىنى ۋەتەن قىلما.

قۇرئان كەرىمنىڭ 76-سۈرىسى ئىنسان سۈرىسى بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ 2- 3-ئايەتلىرىدە ئىنسان توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

بىز ھەقىقەتەن ئىنساننى ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىلاشما مەنىيسىدىن ياراتتۇق. بىز ئۇنى سىنايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاڭلايدىغان، كۆرىدىغان قىلىپ ياراتتۇق.(2)

ھەقىقەتەن بىز ئۇنىڭغا (ياخشى-يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ ياكى (ياخشى يولدا مېڭىپ) شۈكۈر قىلغۇچى بولىدۇ، ياكى (يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچى بولىدۇ (3).

دېمەك ئىنسان بۇ ھاياتتىكى يولنى تەپەككۇرى ئارقىلىق ياساپ چىقىدۇ. بۇ يولنىڭ ياخشى يامان بولۇشىدا ئەقىل مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا ئەقىلنى توغرا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىچ تۇيغۇلارنى جانلاندۇرۇپ، تاشقى تۇيغۇلارنى ئاجىزلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى نەپسىمىزنى ھەر خىل ماددىي ھەۋەسلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، روھىي دۇنيايىمىزدىن ئىچكى ھېسلارنى كۈچلەندۈرۈشنى تەكىتلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئىنساننىڭ ھۆر ئىرادىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى، ھەر ئىشتا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدىكى بەزى ھېكايىلەردە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق ئالتۇن قۇرلار بار:

هەي ئىنسان! سەن ئېشەكمۇ ياكى ئەيسامۇ؟

ئېشەكمۇ سەن، ئېشەككە مىنگەنمۇ سەن. ئېشەك بولسا سېنىڭ ماددىي بارلىقىڭ، تەربىيەلەنمىگەن تەبىئىتىڭ. ئۇ ئېشەكنى مىنىپ ماڭغان ئەقىل ۋە روھ بولسا ئەيساغا ئوخشايدۇ. سەن ئېشەككە ئەمەس، ئەيساغا كۆڭۈل بۆلگىن. ئېشەككە ئوخشىغان تەبىئىتىڭنى ئەيسانىڭ ئۈستىگە چىقارما. بەدىنىڭ روھىڭغا خىزمەت قىلسۇن. بولمىسا ئۇلۇغ غايىلەرنىڭ ئارقىسىدىن ھېرىپ قالىسەن. ئەڭ توغرىسى شاھنىڭ قۇلغا خىزمەت قىلىشى ئەمەس، بەلكى قۇللارنىڭ شاھقا خىزمەت قىلىشىدۇر.

سەن لىباس ئەمەس، سەن ئادەمنىڭ بەدىنىنى ئادەمنىڭ ئۆزى ھېساپلاۋاتىسەن. بۇ بەدەن روھنىڭ كىيىمىدىن باشقا نېمە بولاتتى؟ ئادەمنىڭ قەدىر قىممىتى ئۈستىدىكى كىيىمى بىلەن ئۆلچىلەمدۇ؟ ئادەم قىممىتىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكى ئۇنىڭ بەدىنى بىلەن ئەمەس، روھى بىلەن باغلىق. ئۇ ھالدا سەن كۆزۈڭنى بەدەن كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ئۈزۈپ، ئۇ لىباسنىڭ ئىچىدىكىگە دىققەت قىل. شەكىلگە ئەمەس، مەناغا قارا. ئەگەر شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ئىنسان بولۇشقا يەتكەن بولسا ئەدى ياخشى بىلەن يامان بىر بولغان بولاتتى.

سەن بولساڭ تۆگە، ئەقىل بولسا تۆگىچى. تۆگە يۈك توشۇش جەھەتتە كۈچلۈكتۇر. ئەمما ئۆز ئالدىغا بىر ئىش قىلالمايدۇ. ھەر تۆگىنىڭ بىر ئىگىسى بولىدۇ. تۆگىنىڭ كۆزى بار، ئەمما شەيئىلەرگە ئۆز كۆزى بىلەن قارىماي، ئىگىسىنىڭ كۆزى بىلەن قارايدۇ. تۆگە ئۆز ئەقلىنى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىگىسىنىڭ ئەقلى ۋە ئارزۇلىرىغا قۇربان قىلىدۇ.

ئۆزى ئارزۇ قىلغا تەرەپكە ئەمەس، ئەگىسى چۈلۋۇرىنى تارتقان تەرەپكە ماڭىدۇ. سېنىڭ بەدىنىڭ تۆگە بولسا، ئەقلىڭ تۆگىچىدۇر. ئەقىل بەدەننى ھەر تەرەپكە تارتىپ ماڭىدۇ. سەن بەدىنىڭگە ئەمەس، ئەقلىڭگە ئەگەش. نەبى ۋە كامىل ۋەلىلەر بولسا ئەقلىنىڭ ئەقلىدۇر. بارلىق ئەقىللەرنى تۆگە كارۋىنىدەك يۇدۇپ ماڭىدۇ. ئەقىللىق ئۆز ئەقلىگە ئەمەس تېخىمۇ ئۈستۈن ئەقىلگە بويسۇنىدۇ.

ئېشەك شېكەرنىڭ نېمىلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

ھەر بىر نىمەت، ئۇ نىمەتكە لايىق بولغانىنىڭ قولىدا قەدىر-قىممىتىنى تاپىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئادەمگە شېكەر قىممەتلىك بىر ئوزۇق. ئەمما ئۆكۈز بىلەن ئېشەكنىڭ ئالدىدا ھېچ بىر قىممىتى يوقتۇر. چۈنكى ئۆكۈز ۋە ئېشەكتە شېكەرنىڭ تەمىدىن زوق ئالىدىغان بىر قابىلىيەت يوق. شۇڭا لايىق بولمىغانغا بېرىلگەن بىر نىمەت ئېشەككە شېكەر سۇنغاندەك بىر ئىش.

كامىل ئادەم بىلەن خام ئادەم.

خام بىلەن پىشىپ يېتىلگەن ئادەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قولىدىكى ئىمكانلاردىن قانداق پايدىلىنىشتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. پىشىپ يېتىشكەن ئادەم تۇپراققا قولىنى سۇنسا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئادەم ئەسكىلىكنى ياخشىلىققا، ئىمكانسىزلىقنى ئىمكانىيەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئۆلۈكنىڭ پۈرىقىنى تۇيماي، چىشىنىڭ پارقىراقلىقىغا ھەيران بولىدۇ. قۇياشتەك خامنى پىشۇرىدۇ، ئېپاردەك ئەتراپقا خۇشپۇراق چاچىدۇ. خام يەنى ئىش كۆرمىگەن گالۋاڭ ئادەمنىڭ قولىدا ئالتۇن كۈلگە ئايلىنىدۇ. قولىدىن ئىش كەلمەسلىكنى باشقىلارغىمۇ يۇقتۇرىدۇ. چۈشكەندە باشقىلارنىمۇ ئۆزى بىلەن تەڭ سۆرەپ چۈشۈرىدۇ. قەدرىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئالتۇندەك ئادەملەرمۇ ئۆتمەس پۇلغا، سېتىلماس ماتاغا ئايلىنىپ قېلىپ،

خور ۋە ھەقىر ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا ھەقىقىي ئىنسان بولۇش ئۈچۈن ھاياتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا يولۇققان ئادەتتىكى ئىشلاردا دائىم ياخشىلىق تەرىپىنى ئالدىن ئويلاپ، توغرا مۇئامىلە قىلىپ ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىز بۇ دۇنيادا بەك يۇقىرى نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلساق قولىمىزدىكى كىچىك نەرسىلەرنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئالالماي، بەخت بىلەن تولغان بۇ گۈزەل ھاياتتا ئارزۇ قىلغان ئادەمگىمۇ، ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىمىزگىمۇ يېتەلمەي بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈزىمىز. بىزنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكلىرىمىزدىن بىرى ئالدىمىزدىكى ئادەمنىمۇ ئۆزىمىزدەك بولۇشىنى، ئارزۇلىرىمىزغا ئۇيغۇنلىشىشىنى ئويلايمىز. ئەمما ھەممە نەرسە ئۇنداق بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولمايدۇ. ئاساسلىق پەزىلەت باشقىلارنى قانداق بولسا شۇنداق قوبۇل قىلىشتۇر. دىن ۋە ئىرق ئايرىمچىلىقى قىلماستىن، بارلىق ئىنسانلار ئۆزئارا دىئالوگ ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىپ ئىناق، ئىتتىپاق بىر دۇنيا بەرپا قىلىش ھەر بىر پەزىلەتلىك ئىنساننىڭ ئۇلۇغ غايىسىدۇر. ئەمما بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار ئەقلىنىڭ يۈكسەك ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە سۈنئىي ئەقلىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ تەبىئەت دۇنياسىدىكى باشقا مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئۈستۈن ماھارىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ ئۈستۈنلىكى بىلەن يېڭى ـ يېڭى كەشپىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈپ زامانىۋى بىر دۇنيانى ئىنشا قىلدى. بۇ زامانىۋىلاشقان دۇنيادا نۇرغۇن ئەخلاقى جەھەتتىكى بوھرانلار پارتلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە يەنە روھىي داۋالغۇشلار، مەنىۋىي ئاچلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك كۆپەيدى. شەخسىيەتچىلىك ئۈستۈنلىكنى ئىگىلىدى، ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئىچىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت سۇسلىشىپ كەتتى. ئادەملەردە رەھىم ـ شەپقەت تۇيغۇسى يوقالدى. پۇلنى ئاللاھتىن ئۈستۈن كۆرۈش ئېڭى يۈكسەلدى. ماددىي بايلىققا

بولغان تويماسلىق دۇنيادىكى ئۇرۇشلارنى، پۈتمەس-تۈگمەس زىددىيەتلەرنى، باشقىلارنىڭ زېمىنىدىكى يەر ئاستى بايلىقلارنى دەپ، ئەقلىي كۈچىنىڭ مەھسۇلى بولغان زامانىۋى بومبىلارنى بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە ياغدۇردى. ئۇلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ۋەھشىي چارىلارنى ھېچ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا قوللاندى. ئەمدى مەن سوراپ باقاي قېنى بۇ ئىنسان ھەقلىرى؟ قېنى ئۇ دىموكراتىيە؟

ئەسلىدە ئىنسانلار ئىنسانلىقنى تونۇيدىغان ھەقىقىي دىندىن چەتنەپ كەتتى. بۇ مەسىلىلەر ئىنسانلارنىڭ دىنغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. دۇنيادىكى بۇ قاباھەتلىك بوھرانلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىنسانلارغا ئۇلۇغ ئاللاھ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى رەھمەت پەيغەمبىرى قىلىپ ئەۋەتىپ، سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ، ئىنسانلىقنىڭ ئۇرۇقىنى بۇ زېمىنغا چېچىشنى بۇيرۇغان ھەم بۇ بۇيرۇقنى ئۆزىنىڭ قىسقا 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنلىغان ئىدى. يەنى پەقەت بىرلا ئاللاھقا تەسلىم بولۇشقا ئۈندەيدىغان، ھەزرىتى ئادەمدىن باشلىنىپ ئۆزىدە تاماملىنىدىغان ئىسلامىيەتنى بىزگە ئەڭ ئاخىرقى دىن قىلىپ يەتكۈزگەن ئىدى.

مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنى دەيمەنكى، ئاللاھنىڭ مۈلكى بولغان بۇ ئالەمدە ئاللاھ ياراتقان ئادددىي بەندە بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن قائىدە-قانۇنلىرى چېگرىسى ئىچىدە ياشاش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىڭ ئۆزى دىندارلىقتۇر. ئاللاھنىڭ ياراتقانلىرىنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۆيۈپ ياشىماقتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ياراتقۇچى ئاللاھنى تونۇشىمىز لازىمدۇر.

مەيلى يەھۇدى، مەيلى خرىستىيان، مەيلى مۇسۇلمان

خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز دىنىدىكى كىشىلەرنى دىندار دەيدۇ ۋە جەننەتكە كىرىدۇ دەيدۇ. باشقىلارنى دۈشمەن دەپ بىلىپ دوزاخقا سۈرگۈن قىلىدۇ. ئەگەر دىن ئەنە شۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن مۇتلەق ھۆكۈم چىقارسا بۇ ھەقىقىي ئاللاھنىڭ دىنى بولماي قالىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئاللاھدىلىك دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنى ۋە ئۇلار ئېتىقاد قىلغان دىنىنى تەڭ ـ باراۋەر كۆرگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. زاتەن ئۇنى سۆيدۈرگەنمۇ ۋە بۈيۈك قىلغانمۇ بارلىق ئىنسانلارغا ئوخشاش سۆيگۈنى كۆرسەتكەنلىكىدە.

جالالىدىن رۇمىنىڭ بۇ ئىنسانلىق سۆيگۈسى توغرىسىدا كونيا خەلقى ئىچىدە نۇرغۇن ئۆرنەك ھېكايىلەر بار. مەسىلەن:

بىر كۈنى بىر گرېك تامچى ئۇستا جالالىدىن رۇمىنىڭ دەرگاھىغا ئوچاق ياساش ئۈچۈن كېلىدۇ. ئۇ ئوچاق ياساۋاتقاندا ئەتراپتىكىلەر ئۇ گرېك ئۇستىغا «سەن نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمان بولمىدىڭ؟ دىنلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىسلام دىنىدۇر» دەيدۇ. تامچى ئۇستا بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «ئەللىك يىلدىن بېرى ئەيسانىڭ دىنىغا ئىشىنىپ كەلدىم، دىنىدىن ۋاز كېچىشتىن قورقىمەن ۋە نومۇس قىلىمەن.» دەل شۇ چاغدا جالالىدىن رۇمى كىرىپ قالىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «ئىماننىڭ سىرى قورقۇدۇر. ھەر كىم ئاللاھتىن قورقسا، ئۇ خرىستىيان بولسىمۇ يەنىلا دىنغا ئىگىدۇر، دىنسىز ئەمەستۇر» دەپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ. بۇ سەممىي سۆزلەرنى ئاڭلىغان خرىستىيان تامچى ئۇستا مۇسۇلمان بولىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ئاللاھ تەرىپىدىن كىتاب چۈشۈرۈلگەن دىنلارنىڭ ئەسلى مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئورتاق ئاللاھدىلىكى بىر ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلىقىنى قوللايدۇ. ئۇلار

بىلەن دىئالوگ قۇرۇپ، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتىدۇ. ئىسلامنىڭ گۈزەل پەزىلەتلىرىنى نامايەندە قىلىپ، ياخشى بىر ئۈلگە بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 62 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

شۈبھىسىزكى، مۆمىنلەرگە ۋە يەھۇدىيلار، ناسارالار، يۇلتۇزپەرەسلەر ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا ئىنئاملار ئاتا قىلىنىدۇ، ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇ ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ.

ھەر ۋاقىت ئىنسانلار ئۆز مەنپەئەتلىرىنى، سەلتەنەتىنى، شۆھرىتىنى دەپ ئۆز دىنىنىڭ نىزامىنى ئۆز قوللىرى بىلەن بۇزماقتا. مۇسۇلمان ئالىمىنىڭ ئۆزگىلا نەزەر سالىدىغان بولساق سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنلا بىر ـ بىرلىرىنى بوغۇزلاشقا باشلىغانلىقىنىڭ ئۆزى بىز ئىنسانلارنىڭ نەقەدەر ۋەھشى بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟ ئادەم ئادىمىلىكى بىلەن ئادەمدۇر. ھەق دىن ئۇلۇغ ئاللاھنى چىن قەلبى بىلەن سۆيۈش ۋە ئۇنىڭ ياراتقانلىرىنى سۆيۈش بىلەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە باشقا دىندىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۇرايلى، مۇسۇلمانلار ئۆز ئىچىدە نەچچە بۆلەككە ئايرىلغان بولۇپ، بەزى مۇسۇلمان گۇرۇپپىلىرى باشقا مۇسۇلمان گۇرۇپپىلىرى بىلەن ئالاقە قىلمايدۇ. ھەتتا ئاللاھنىڭ ئۆيى ھېساپلانغان مەسچىتنىمۇ بىر گۇرۇپپا باشقا گۇرۇپپىدىكى ئىمامنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ناماز قىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئوقۇغان كىتابلىرىنى ئوقۇمايدۇ، بارغان مەكتەپكە بارمايدۇ. بىر مىللەت تۇرۇقلۇق بىرسى بىرسىنىڭ دىندارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما پۇل، مال، ئۆي ۋە باشقا تىجارەتلەرگە كەلگەندە دەرھال دىنىي قېرىنداشلىق تونى ئىچىدە تەڭ ئىسسىنىپ، ئېغىز ـ بۇرۇن

يالغۇز ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىدۇ.

دىنىمىزدا ھەرقانداق ئىشتا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنى، ئادىل بولۇشنى ھەتتا ھايۋاناتلارنىڭمۇ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداشنىڭ لازىملىقىنى، مەسىلەن، گۇناھسىز ئىنسانلارغا يالغاندىن گۇناھ چاپلىماسلىقنى، كىبىردىن ساقلىنىشنى، كەمتەر بولۇشنى، راستچىل بولۇشنى، ئەقلىگە ئىشىنىپ تەپەككۇر قىلىشنى، دىنغا مەجبۇرلىماسلىقنى، ھەقىقىي دىندار بېتىمغا، كېسەللەرگە، مۇساپىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇشنى، مەنپەئەت ئۈچۈن، ئابروي ئۈچۈن دىندار كۆرۈنگەنلەردىن ئۇزاق تۇرۇشنىڭ لازىملىقىنى، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپ تۇرۇپ ئادەملەرنى ئالداشنىڭ قانچىلىك گۇناھ ئىكەنلىكىنى، بۇنداق قىلمىش ئۆزىنى ئالدىغانلىق بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلاردا ناھايىتىمۇ ئۇلۇغ ئايەتلەر بار. ئەمما بىز نېمە ئۈچۈن بۇ ئايەتلەرگە ئەگەشمەي، دائىم شەكىلدە ئۆزىمىزنى دىندار قىلىپ كۆرسىتىمىز؟

ئۇ ئايەتلەر تۆۋەندىكىچە:

مائىدە سۈرىسىنىڭ 42 ـ ئايىتى:

ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلساڭ، ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.

ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەت:

مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋانلار بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر(يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇل مەھپۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ.

نىسا سۈرىسى 112 ـ ئايەت:

كىمكى بىر كىچىك گۇناھ ياكى بىر چوڭ گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئۇنى بىگۇناھ ئادەمگە چاپلىسا، ئۇ شۇ بوھتاننى ۋە ئوپئوچۇق بىر گۇناھنى ئۆزىگە يۈكلىۋالغان بولىدۇ.

تەۋبە سۈرىسى 35 ـ ئايەت:

ئۇ كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، بىقىنلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: بۇ سىلەرنىڭ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن ـ كۈمۈشۈڭلار، دەردىنى تارتىڭلار، دېيىلىدۇ.

تەۋبە سۈرىسى 119 ـ ئايەت:

ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.

زارىيەت سۈرىسى 19 ـ ئايەت:

ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا سائىللارنىڭ ۋە نومۇس قىلىپ سائىللىق قىلمايدىغان نامراتلارنىڭ ھەققى بار ئىدى.

زارىيەت سۈرىسى 20 ـ ئايەت:

زېمىندا ۋە ئۆزۈڭلاردا ئاللاھقا چىن ئىشەنگەنلەر ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ بىرلىكى ۋە بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن دەلىللەر بار. سىلەر بۇلارنى كۆرمەيۋاتامسىلەر؟

يۇنۇس سۈرىسى 99 ـ ئايەت:

ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا ئىدى، ئەلۋەتتە يەر يۈزىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان ئېيتاتتى، سەن كىشىلەرنى مۇسۇلمان بولۇشقا مەجبۇرلامسەن؟

يۇنۇس سۈرىسى 100 ـ ئايەت:

ھەرقانداق كىشى پەقەت ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا ئاندىن ئىمان ئېيتىدۇ. ئاللاھ ئايەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى ئاللاھ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ.

رۇم سۈرىسى 22 ـ ئايەت:

ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (كامىل قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار.

فاتىر سۈرىسى 5 ـ ئايەت:

ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار.

فاتىر سۈرىسى 10 ـ ئايەت:

كىمكى شەرەپ ئىزدەيدىكەن، بىلسۇنكى شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتىرىدۇ، ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتكەنلەر قاتتىق ئازاپقا دۇچار بولىدۇ.

ھۇجۇرات سۈرىسى 11 ـ ئايەت:

ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر ـ بىرىڭلارنى يامان

لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن پاسىق دېگەن ئاتاققا قېلىش نېمە دېگەن يامان! تەۋبە قىلمىغانلار ئۆزىگە ئۆزى ئۇۋال قىلغانلاردۇر.

ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت:

ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامدۇ؟ سىلەرنىڭ ھېچقايسىڭلار ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.

نەجم سۈرىسى 39 ـ ئايەت:

ئىنسان پەقەت ئۆزى ئىشلىگەن ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ.

قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت:

ئى مۇھەممەد! سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن.

ئەلەق سۈرىسى 5 ـ 1 ـ ئايەت:

(ئى مۇھەممەد!) ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، سەن ئوقۇغىن. پەرۋەردىگارىڭ ئىنسانغا قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈرگەن ئەڭ كەرەملىك زاتتۇر.

يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان قۇرئاندىكى ئايەتلەردىن ئوپئوچۇق بىلىپ تۇرۇپتىمىزكى مۇقەددەس دىنىمىز بىزگە بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ خەرىتىسىنى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەمما بىز ئىنسانلار ئاشۇ ئايەتلەرنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمىزنى ئاقارتماي

ئەكسىچە يادلاپ ئوقۇپ، ئىلىم ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئىبادەتتە شەكىلۋازلىق قىلىپ، ئەمەللەرنىڭ رەت-تەرتىۋىنى، ئۆلچىمىنى ئاستىن-ئۈستىن قىلىۋېتىپ بارىمىز.

ئەركىنلىك جەڭچىسى، سىياسەتچى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئالىيا ئىززەت بەگوۋىچ مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇسۇلمانلاردا قۇرئاننى يادلاشنىڭ شۇنچىلىك ئەمەللىشىپ كېتىشىنى پىسخولوگىيە سەۋەپلىرىدىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرئاننى يادلاپ ئوقۇپ بايان قىلىمىز، ئارقىدىن يەنە تەكرار يادلاپ ئوقۇيدۇ، كېيىن يەنە يادلاپ ئوقۇيدۇ. شۇنداق قىلىپ مىڭلارچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەمما بىرەر قېتىم ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلەشقا ۋاقىت ئاجراتمايدۇ ھەمدە ئاجرىتىدىغان ۋاقتىمۇ قالمايدۇ. ئەنە ئاشۇنداق قىلىپ قۇرئاننى ئاھاڭلىق ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر خىل كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرىدۇ. مانا بۇ قۇرئاننى ھاياتتا قانداق تەسىر قىلدۇرۇش مەجبۇرىيىتىدىن قېچىش ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاخىرىدا قۇرئاننى ھەقىقىي مەزمۇنىدىن ئايرىۋەتكەن، پەقەت ئاڭلاپلا قويۇشقا بولىدىغان قۇرۇق بىر ئاۋازغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.»

دىندار، ئاللاھنىڭ دىنىغا سەممىيەتلىك بىلەن ئىشىنىدۇ. شۇ ئىشەنگىنى بويىچە ياشايدۇ، ياشىغىنى بويىچە ئىشىنىدۇ. دىنىدىن ماددىي مەنپەئەت كۈتمەيدۇ. دىنىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن قوللانمايدۇ. دىنىمىز ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ۋىجدانىدۇر. ئىشەنگەنگە بەخت ئەكەلمىگەن دىن ھەقىقەتەن ئەپيۇنغا ئوخشايدۇ. بۇنداق دىن قۇرئاندىكى دىن ئەمەس، بەلكى ئويدۇرما ۋە خۇراپاتلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەقىقىي ئىسلام ھاۋاغا ئوخشايدۇ. ئۆزى كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما ئىنسان ئىچىگە تارتقانسىرى ئىنساننى ياشارتىدۇ.

جالالىدىن رۇمى يەنە ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان قاراشلىرىنى ناھايىتى ئاددىي ۋە ئوچۇق قىلىپ مۇنداق ئىزاھلايدۇ:

ئاللاھ پەردەسىز كۆرۈلمەيدۇ. ئانا، دادا، قېرىنداش، دوست، ئاسمان، يەر، باغ ـ بوستان، بىلگىلەر، ئىبادەتلەر، يېمەك ـ ئىچمەك، مول ـ ھوسۇل، ئارزۇ ـ ئارمان، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى سېغىنىدۇ، ئۇنى ئىستەيدۇ. بىراق ھەممىسى يېپىق. ئاللاھ بۇ پەردىلەرنى بىر ئىش ئۈچۈن ياراتقان. ئاللاھ پەردىسىز كۆرۈنسە ئىدى، بىز ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتۇق. بۇ پەردىلەر سەۋەبىدىن ياردەمگە ئىگە بولالمايتتۇق. ئاشۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن جاھاننى كۆرۈپ، يول يۈرىمىز. ياخشى ياماننى پەرق ئېتىمىز. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىنىمىز. دەرەخلەر، باغلار، ئېتىزلار ھوسۇل ۋە مېۋىلەرنى بېرىدۇ. قۇياش نۇرى بىلەن پىشىپ مەي بولۇپ شېرىنلىشىدۇ. ئالتۇن ـ كۈمۈش، ياقۇت كانلار ئۇنىڭ تەسىرىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن شۇنچە كۆپ پايدىلىقلارنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن بۇ قۇياش، ئەگەر بىزگە يېقىن بولسا ئىدى، ھېچ بىر پايدا يەتكۈزمەي ئەكسىچە پۈتۈن دۇنيانى، بارلىق خەلقلەرنى كۆيدۈرۈپ يەر يۈزىدە ھېچنىمىنى ياشاتمايتتى. ئاللاھ تاغلارغا پەردە ئارقىسىدا كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا تاغدا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئېچىلىدۇ، بۈك ـ باراخسان ئورمانلار بىلەن چىرايلىق بېزىلىدۇ. ئەگەر پەردىسىز كۆرۈنگەن بولسا ئىدى، ئۇ تاغلار ئوۋتەي ـ توۋتەي بولۇپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ، كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

جالالىدىن رۇمى يەنە ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر ئۈستىدە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىنى، كۆزىتىشىنى، ئاللاھقا ئىشىنىش ئۈچۈن سەۋەپلەرنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى، ئىشەنمەسلىكىمىزگە ھېچبىر سەۋەپنىڭ يوقلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

شامالنى كۆزلىرىڭ كۆرمىسە، يوپۇرماقلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارا.

ئىچىڭدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئىشلىرىڭغا تەدبىقلىسەڭ، ئاندىن ئۇ كۈچ مەيدانغا چىقىدۇ.

بىر خىيالغا ئەسىر بولۇپ ئادەملەرنى ياخشى كۆرىسەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەسلى ئادەمنى ياراتقاننى سۆيمەيسەن؟

بىر نەرسىگە ئەسىر قىلغان نەرسىنى كۆرىسەن. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەسىر قىلغۇچىدىن خەۋەرسىز سەن؟

قەغەزدىن قانات ياساپ ئۇچۇشتىن ھەزەر ئەيلە. بۇ ھەۋەستىن قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ پۇت-قوللىرى سۇنۇپ، باش-كۆزلىرى يېرىلىدى.

قىلتاقنى تۇيغان قۇش داننى دالىلمايدۇ، ئالدىغا قەدەم باسماي جىم تۇرىدۇ.

ئاقىۋەتنى كۆرۈپ، ۋۇجۇدنى زىيان-زەخمەتتىن ساقلىغان كۆز، نېمە دېگەن ئىسىل كۆز ھە!

ئەگەر زىيان تارتىشنى خالىمىساڭ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلا.

ئۆلۈملۈك بۇ دۇنيادا ئۆلۈم ئۈچۈن ھەسرەت چەكمەي، ئىش قىلىش پۇرسىتىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەك .

چاڭ-توزاڭنى كۆرگەن بولساڭ، شامالنى كۆر. كۆپۈكنى كۆرگەن بولساڭ دېڭىزنى كۆر. ھەقىقەتنى كۆرگەن كۆز ئەنە ئاشۇنداق كۆرىدۇ. قالغىنى ياغ بىلەن گۆش ۋە بەزدۇر.

كۆز نۇرى ئۆتكۈر كىشىلەر تېشىغا قاراپ ئىچىنى كۆرىدۇ. زەررىدە ئەبەدىيەت قۇياشىنى كۆرىدۇ، تامچىدا پۈتۈن دېڭىزنى.

كۆزۈڭدىكى پەردە يوقالسا، تامچىدىن دېڭىزنى كۆرىسەن.

شەپەق قۇياشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىپادىسى.

تاتلىق بولمىسا ئاچچىق بولمايتتى. سەت بىلەن چىرايلىق، تاش بولمىسا ئۈنچە.

ئىلىم بىلەن ھېكمەت جاپالىق يولدۇر. ئوڭاي يول بولغان بولسا ھېكمەت بولمايتتى.

جالالىدىن رۇمىنىڭ ئاللاھ ۋە ئىنسان توغرىسىدا شېرىن تىللىرىدىن تامچىغان دۇردانىلەردىن بىنا بولغان گۈل-گۈلىستانىنىڭ نازۇك چېچەكلىرى ئەسىرلەر بويىچە توزۇماي بۇ زېمىننى بېزىمەكتە. ئۇنىڭ گۈزەل نامىنى ھەر قېتىم تىلغا ئالغىنىمىزدا قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئەزگۈ ھۆرمەت ۋە يۈكسەك ئېپتىخار تۇيغۇمىز ئويغىنىدۇ.

ئەمما مىڭ ئەپسۇس بۈگۈن جالالىدىن رۇمى مەۋلانا ھەزرەتلىرى قەۋرىسىدىن تۇرغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن بولسا ھەقىقەتەن قاتتىق ئۆكىنىش ئىچىدە قالغان بولاتتى.

ئىنسانلار، پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆز قېرىنداشلىرىدەك ھېس قىلمىغىچە، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس نەرسە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغىچە، ئۇنى يوق قىلىش ئەمەس بەلكى قوغداش ۋە بىر بىرىنى قوللاشنى بىرىنچى ۋەزىپىسى دەپ بىلمىگىچە ئىنسانلار دائىم بىربىرلىرىنى ئۆزىگە تەھدىت دەپ بىلىدۇ، بىرسى بىرسىنى ئېزىدۇ، مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىرسى بىرسىگە ئۇرۇش ئوتىنى چاچىدۇ ۋە بۇلارغا ئەگەشكەنلەر ئارقىسىدىن قۇلغا ئوخشاش ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئىنسانىنىڭ تەبىئەتنى تونۇشى ئۈچۈن قوللىنىدىغان كۈچ ئەقىلدۇر. بۇ ھەركىم ئۈچۈن ئورتاقتۇر. ئەقىل بىلەن دىن ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرۈشى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى بىرلىك

باراۋەرلككە كاپالەتلك قلدۇ. شۇنداق بولغاندا ئنسانلار بەختكە ئېرشدۇ. پۉتۉن ئنسانلار بربرلرى بلەن قېرنداش ۋە يولداش بولغننغا ئاساسلانغاندا، هەر كم ئۆزىگە قانداق مۇئاملە قلسا باشقلارغا خۇددى شۇنداق مۇئاملدە بولۇشى كېرەك. شۇڭا زوراۋانلقتا يول قويغان بارلق ئشتقات ۋە سەپسەتەلەرنى ئۆرۉش لازم.

دن، ئنسانلارنڭ مەڭگۉلۉك هاياتى. دن ئنسان بلەن ئاللاه ئارسدكى ئەقل ۋە زامانۋى بلملەرگە ئۇيغۇن بولغان ئنسانلقنڭ باش تارتپ بولالمايدغان نشانغا يۉزلەندۉردغان بر مۇناسۋەتتۇر. دن ئادەمنڭ روهنى يورۇتقاچقا ئادەم ئاجزلقتن ئەڭ كۉچلۉك بارلققا ئايلندۇ. خيال دۇنيايمزدا ياشاشنى ئەمەس بەلكى رئال هاياتتا يەڭنى تۉرۉپ ئشلەپ، ئلم ـ مەرپەت بلەن گۉزەل هاياتنى ئنشا قلشقا يېتەكلەيدۇ.

# 17. مەسنەۋى-روھنىڭ شىپاسى

ئويلاپ قالما، پەقەت دەرت سەندىلا بار،
سەندىكى دەرتنى نېمەت دەپ بىلىدىغانلارمۇ بار.
- مەۋلانا

ئىنسان ئۆمرىدە ناھايىتى نۇرغۇن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايدۇ، مەسىلەن كېسەل بولىدۇ، ناكا بولۇپ قالىدۇ، ئىشسىزلىق، كەمبەغەلچىلىك، تىجارەتتە زىيان تارتىپ ۋەيران بولۇش، قەرز بولۇپ قېلىش، قويمىچىلارغا قويۇلۇپ كېتىش، كۆڭۈلدىكى بىرەرىگە ئېرىشەلمەي بىر ئۆمۈر بويتاق ئۆتۈش، ئۆي-ئوچاقلىق بولغانلار پېتىشالماي ئاجرىشىپ كېتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بەختسىز بولۇش، پەرزەنتلىك بولالماسلىق، بالىلىرى ناكا تۇغۇلۇپ قېلىش، قاتناش ۋەقەسىگە ئۇچراش، ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەرگە ئۇچراش، ياخشى كۆرگەنلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشى، ھەرخىل تۆھمەتلەرگە ئۇچراش، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قېلىش، مۇساپىرچىلىق ۋە شۇنىڭدەك ياشلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئۆتەلمەسلىكى، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشسىز قېلىشى يەنە شۇنىڭدەك كۆز ئالدىدىلا بىلىپ تۇرۇپ، ھېچ تەخمىن قىلمىغان بىر ئىش سەۋەبىدىن، ھېچ ئويلاپ باقمىغان بىر كىشىدىن ئۇشتۇمتۇت بىر بالا-قازاغا ئۇچراش، نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۆت كوچا ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ قېلىش. يۇقارقى بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، بالا-قازالارنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز، چارىسىز قېلىش، ياردەمگە مۇھتاج بولۇپ قېلىش...

مانا ماشۇنداق ئەھۋالدا ئادەم روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرايدۇ، روھى سۇنىدۇ، چۈشكۈنلىشىدۇ، جىددىيلىشىدۇ، قاتتىق قايغۇرىدۇ ۋە ھەر خىل پسىخىكىلىق كېسەللەرگە گىرىپتار بولىدۇ.

بېشىمىزغا كەلگەن بالا ـ قازالارنىڭ بىزدىكى تەسىرى ۋە ئاقىۋىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان سۆزلەر ئۇيغۇرچىدا شۇنچىلىك كۆپكى، مەسىلەن:

دەرت، ئاپەت، بالا ـ قازا، بوھران، ئەقلىدىن ئېزىش، روھى چۈشكۈنلىشىش، ئىچى سىقىلىش، جاپا ـ مۇشەققەت، زۇلۇم، جىددىيلىشىش، ئەندىشەلىنىش، قورقۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى ئازابلاش، پالاكەت، غەم، ھەسرەت...

مانا مۇشۇنداق دەرتلەر ئىچىدە قېلىپ، روھىمىز چۈشكۈنلەشكەن چاغلىرىمىزدا ئېتىقادىمىزدىن، جەمئىيەتتىن ۋە ئەتراپىمىزدىكى ھەر خىل كىشىلەردىن ياردەم سورايمىز. بۇلار ئاتا ـ ئانىمىز بولۇشى مۇمكىن ياكى يېقىن دوستىمىز ۋە ياكى پسىخولوگلاردىن، دوختۇرلاردىن ھەتتا داخان، پالچى، مازار، شەيخ، موللا ۋە ياكى ئىنتېرنېت، تېلېۋىزور، رادىئو پروگراممىلىرى قاتارلىقلار...

ئەمدى بۇ يەردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىر داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ ئۇ بولسىمۇ «بىبلىئوتېراپىيى» يەنى گرېكچىدىكى «بىبلىئو» بىزدىكى كىتاب، «تېراپىيى» بولسا بىزدىكى «داۋالاش» دېگەن مەنالاردا كېلىدۇ. يەنى «كىتاب بىلەن داۋالاش» ئۇسۇلىدۇر. قەدىمكى زامانلاردا گرېك پەيلاسوپى ئارىستوتىل كىتابلارنىڭ كېسەلگە شىپالىق رولىنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىكەن. شۇڭا قەدىمكى گرېكلار داۋالاش بىلەن ئوقۇش ئوتتۇرىسىدا بىر مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كىتابنىڭ شىپالىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان تۈركچىدە «بىبلىئوتەراپىيى» دەپ

ئاتىلىدىغان كىتاب بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا چىققان. كىتاب بىلەن داۋالاش ئۇسۇلى بولسا مۇشۇ ساھەدە يېتىشىپ چىققان بىر دوختۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە كېسەل بىلەن ئەدەبىيات ئوتتۇرىسىدا بىر مۇناسىۋەت قۇرۇپ، كىتابتىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئوقۇرمەنگە بولغان تەسىرى ئارقىلىق كېسەلنى داۋالايدۇ. يەنى:

ئادەم بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا «مەنلا مۇشۇنداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرامدىم» دەپ ئويلىشى مۇمكىن، كىتابتىكى ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ۋە كىتابتىكى قەھرىمانلارغا ئوقۇرمەن ئۆزىنى ئوخشىتىپ، ئۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ ۋە ئۇ قەھرىمانلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ ۋە شۇنىڭدەك بىر مەسىلىنىڭ بىرقانچە ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ كىتابتىكى ئاجايىپ لىرىكىلىق سۆزلەردىن، ھېكمەتلەردىن، بەدىئىي تەسۋىرلەردىن ئىستېتىك زوق ئېلىپ، كەيپىياتىنى تىنچلاندۇرۇپ، روھىنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ ۋە مەسىلىلىرىنى كىشىلەر ئالدىدا دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزدىنىدۇ. سەۋر قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىدىنمۇ بەكرەك قىيىنچىلىقى بار كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى، ئىنسان سۆيگۈسىنى تونۇپ يېتىدۇ. شەخسىيەتچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىدىن باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى ئۆگىنىدۇ...

مانا مۇشۇ شىپالىق كىتابلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان «مەسنەۋى» ئىنساننىڭ روھىنى داۋالاشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

جالالىدىن رۇمى مەۋلانا ھەزرەتلىرى «مەسنەۋى» ناملىق بۇ كىتابىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: بۇ كىتاب مەسنەۋى كىتابىدۇر، مەسنەۋى ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ

سىرلىرىغا ئاگاھ بولۇش ۋە ئەقلىنى يەتكۈزۈشنى ئويلىغانلار ئۈچۈن بىر يولدۇر. مەسنەۋى روھلارنىڭ جۇلالىسى.

يەنە مۇنداق دەيدۇ:

توغرىسى مەسنەۋى كۆڭۈللەرگە شىپا، كۆڭلى سۇنۇقلارغا جۇلادۇر.

مەسنەۋى كېسەلنى ئېلىپ دوختۇرغا ئاپىرىدۇ، ئاشىقنى ئېلىپ مەشۇقىغا يەتكۈزىدۇ.

جاپا ـ مۇشەققەت ۋە دەرت ـ ئەلەم تارتقانلارنىڭ دەرتلىرىنى ۋە جاپالىرىنى ئازايتىپ، مۈشكۈل ئىشلىرىنى ئوڭايلاشتۇرىدۇ.

قېنى ساقايماس كېسەللەرگە گىرىپتار بولغانلار بىزگە كېلىڭلار! بىزنىڭ دورىمىز كېسەللەر ئۈچۈن ئاجايىپ تىز ئۈنۈم بېرىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە، ۋاقتى كەلگەندە ئىزتىراپىنىڭ، جاپانىڭ ئىنسانىنى تاۋلايدىغانلىقىنى، كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن بىر ۋاستىلىك رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى، بەزىدە بۇلارنىڭ بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەنە بەزىدە بۇ ئىزتىراپنىڭ ئىزتىراپ بولماي بەلكى، ئىزتىراپ قىياپىتىگە كىرىۋالغان بىر نىمەت، بىر بەخت ئىكەنلىكىنى ئاجايىپ پاساھەتلىك بېيىتلار، گۈزەل سۆزلەر، ئوبرازلىق ئوخشىتىشلار، ئىنسان يۈرىكىنى ياپراقتەك تىترىتىدىغان ۋەقەلەرنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق، بىز كىتابخانلارنىڭ روھى دۇنياسىغا گۈل ـ چېچەك تىكىدۇ.

دېمەك مۇشۇ سەۋەبتىن بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بالا ـ قازالارغا ئۇچرىغۇچىلارغا سەۋر قىلىشنى، ئۇنىڭغا قارشى ۋايساش، قاقشاش ئەمەس بەلكى ئۆزىنى خوش تۇتۇپ، تېخىمۇ جەسۇر بولۇشنىڭ لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بولۇپمۇ جالالىددىن رۇمى بىزگە شۇبھە، قىياسلارنىڭ ئۇ ئۈمىد ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىغا بىزنى يۈزلەندۈرىدۇ. بىزگە تامامەن كونكرېت بىر شەكىلدە بۇ ئىشىكلەرنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىسلام ئەخلاقىغا، پەزىلىتىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى، ئۈمىدىمىزنى ئاشۇرۇپ، چىدام ۋە سەۋر بىلەن ياشىيالايدىغانلىقىمىزنى نامايان قىلىدۇ.

«مەسنەۋى» ناملىق بۇ ئەسەر بىزگە ناھايىتى ماس ھالدا ئۆزىنى دەرتلەردىن قاچۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قوغداپ، پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە بۇ دەرت ـ ئەلەملەرنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ، ئۈمىد بىلەن ئالغا مېڭىشقا چاقىرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە، تەرەققىياتىمىزغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان توزاقلارنىڭ بىرىگە ئاسانلا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىمىزنى، يەنى ئۆزىمىزنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈپ، ھەرخىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويىدىغانلىقىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. نېمە ئۈچۈن مەن «ماڭىلا ياكى بىزگىلا بالا كېلەمدۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئېچىنىمىز ۋە «ئۇ شۇنداق بىر ئەسكى بىرى بولمىغان بولسا مۇنداق ئىشلارنىڭ ھېچ بىرى بېشىمىزغا كەلمەيتتى» دەپ باشقىلارغا ئاچچىقلىنىمىز. شۇڭا «دەرتنىمۇ، دەرماننىمۇ بەرگەن ھەقتۇر» دەپ بىزنى ھەق ئىشقىغا يۈزلەندۈرىدۇ. بىزگە ئۈمىد بېرىدۇ. بىزنى جەسۇر قىلىپ تاۋلايدۇ.

«مەسنەۋى» ناملىق بۇ ئەسەر ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ پسىخولوگىيىسىنى داۋالاشقا ئەڭ ماس كېلىدىغان كىتابتۇر. بۇ كىتابنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى ئۆزى سەزمىگەن ھالدا روھىي دۇنياسىدا بىر گۈزەل باغچىنى بەرپا قىلغانلىقىنى سەزمەيلا قالىدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇغانسىرى بۇ باغچىدا رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر چېچەك ئاچىدۇ. ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ دىماغلىرىغا بۇ گۈل باغچىسىدىن تارقالغان شېرىن پۇراقلار ئۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ باغچە ئەتراپىدا گۈل ـ گىياھلار

ئۈنىدۇ ھەمدە يانداش يېڭى باغچىلار ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئەگەر پۈتۈن ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ئىسىل كىتابلارنى ئوقۇپ روھىي دۇنياسىنى گۈل باغچىغا ئايلاندۇرغان بولسا ئىدى، دۇنيانى قاپلاۋاتقان لەنەتلىك ئۇرۇش ئوتلىرى، تېررورلۇقلار جەھەننەمنىڭ تېگىگە پاتقان بولاتتى.

«مەسنەۋى» ئىنسان روھىنىڭ شىپاسى. «مەسنەۋى»نى ئوقۇش جەريانىدا نۇرغۇن ھېكايىلەر، ھېكمەتلەر، رۇبائىيلار ئاستا ـ ئاستا كاللىمىزغا سىڭىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، كىشىلىك ئەخلاقتا، بۇلارغا ئاساسەن پائالىيەت قىلىدىغان بولۇپ قالىمىز. ھاياتقا بولغان قىممەت قارىشىمىزدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇرۇن قىيىن دەپ بىلگەن مەسىلىلەر ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ تۇيۇلىدۇ. ئۇ مەسىلىلەرنى مۇشۇ ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى دەپ تونۇيمىز.

بۈگۈنكى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۇ دۇنيادا، ناھايىتى تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مۇھىتتا ئىنسانلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. ھەتتا ھەر يەرنى ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى قاپلىماقتا. ئىنسان قېلىپىدىن چىققان تېررورلۇقلار يۈز بەرمەكتە. بىگۇناھ ئىنسانلار ئۇلارنىڭ تەھدىتى ئاستىدا قالماقتا. پەقەت ئىنسان روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا خاسىيەتلىك يېقىنلاشقان جالالىدىن رۇمىي مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە ئەسىرلەردىن بېرى ئىلھام بۇلىقى بولۇپ، كىرلەشكەن روھ دۇنيايىمىزنى پاكلىماقتا. ئازغۇن روھىمىزغا شىپا بولماقتا. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇ مۆھتەرەم زاتنىڭ ئەسەرلىرىنى يالغۇز مۇسۇلمانلار ئەمەس، بەلكى غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ بۈيۈك بىر ئىشتىياق بىلەن ئوقۇماقتا ۋە تەتقىق قىلماقتا. رۇمىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىنسان روھىنى داۋالىماقتا. جۈملىدىن بىز ئۇيغۇرلاردىمۇ، بولۇپمۇ ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز جالالىدىن رۇمىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە، ئۇنىڭ گۈزەل

ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە قىزىقىش دولقۇنى قوزغالماقتا.

شەخسەن مەن ئۆزۈمدىمۇ رۇمىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان قىزىقىش، تەتقىق قىلىش، دەرگاھىنى زىيارەت قىلىش، ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئىشتىياقى كۈندىن-كۈنگە ئاشماقتا. دېمەك ئۇنىڭ روھىنى ئەقىللىق ئىنسانلار كۆڭۈل تۆرىلىرىدە ياشناتماقتا.

خۇددى جالالىدىن رۇمى ئۆزى ئېيتقاندەك «مېنىڭ قەبرەمنى يەردىن ئەمەس، بەلكى ئىلىم ئادەملىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدىن ئىزدەڭلار.»

# 18. ئاياللار

سۆيگىنىڭلارغا گۈل بېرىڭلار، گۈل بولمىسا تەبەسسۇم.
- مەۋلانا

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا ئاياللارنىڭ ئورنى ناھايىتىمۇ يۇكسەك. جالالىدىن رۇمىنىڭ ياشىغان دەۋرلىرى فئوداللىق ھاكىم مۇتلەقلىق ھۆكۈم سۈرگەن، تېخى قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنمىغان زامانلارغا توغرا كېلەتتى. ئۇ دەۋرلەردە ئايالارنىڭ ئورنى مەيلى مۇسۇلمانلار مەيلى خرىستىيانلاردا بولسۇن ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئورنى شۇنچىلىك بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە سۆزنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولاتتى دەيسىز؟

شۇنداق بىر دەۋردە جالالىدىن رۇمى مۇرىتلىرىغا ئايالار توغرىسىدا مۇنداق ۋەز قىلغان:

ئايال دېگەن نېمە؟

بۇ دۇنيا دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش. بۇنى دېسەڭمۇ دېمىسەڭمۇ ئۇ ئۆز تەبىئىيتىنى تاشلىمايدۇ. بىراق سېنىڭ سەپسەتىلىرىڭ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن. مەسىلەن بىر ناننى ئېلىپ قوينۇڭغا تىقىۋېلىپ، ھېچكىمگە كۆرسەتمەيمەن، بەرمەيمەن دەپ باق. سەن قانچىلىك خەسىسلىق قىلساڭ ئادەملەر ئۇنىڭغا شۇنچىلىك خېرىس قىلىدۇ. يېلىنىپ يالۋۇرۇشقا، ھەتتا تەھدىت سېلىشقا، ھاقارەتلەشكە باشلايدۇ. خۇددى شۇنداقلا سەن ئايالىڭغا باشقىلاردىن ئۆزۈڭنى

قاچۇرۇپ، يۈزۈڭنى كۆرسەتمە دەپ قانچە تاپىلىساڭ، ئۇنى كۆرۈش پېيىگە چۈشىدىغانلار شۇنچە كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئادەملەرگە كۆرۈنۈش كويىغا چۈشىدۇ. چۈنكى چەكلەنگەن نەرسە ئىنساننى كۈچەپ تارتىدۇ. سەن تىنىچ خاتىرجەم تۇرۇۋاتىمەن دەپ ئويلايسەن، لېكىن ئەتراپىڭدا ئۆز قولۇڭ بىلەن نارازىلىق ئوتىنى ياققانلىقىڭدىن بىخەۋەر. ئۇنىڭ قەلبىگە ياخشىلىق ئۇرۇقىنى تېرىغان بولساڭ ياخشىلىق يولىدا مېڭىۋېرىدۇ. بەس، بۇنىڭغا ئاۋارە بولمايلا قوي! ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، بەربىر دېگىنىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. سېنىڭ چەكلەشلىرىڭ ئۇنىڭ خائىشلىرىنى كۈچەيتىدۇ خالاس. سەن كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشىپ، ئۇنى تۈزەتمەكچى بولىسەن. ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۇنىڭغا چاپلاشقان مەينەتچىلىكنى سۈرمەكچى بولىسەن. ئەمما بۇ سىناق ساڭا سەۋەپسىز بېرىلمىگەن، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزۈڭدىكى مەينەتچىلىكنى سۈرتكىن دەپ بېرىلگەن. ئۇنى كەمچىلىكلىرى بىلەن قوبۇل قىلىپ كۆڭلىنى ئال. بارلىق مېھرىڭ بىلەن ئۇنى تۈزەت. ئىلاج بار ئەركەكلەرگە خاس رەشىك بالاسىدىن خالى بولغايسەن.

جاھىللار ھەقىقەتەن ئاياللاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلار نېمىشقىدۇر قوپال، باغرى تاش كېلىدۇ. ئۇلاردا رەھىم شەپقەت، مېھرى-مۇھەببەت، ھىممەت-خەيرىخاھلىق ئاز بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ھايۋانلىق ھۆكۈمران. شۇ سەۋەپتىن مۇھەببەت ۋە شەپقەت ئىنسانلىقتۇر، غەزەپ ۋە خىرىس ھايۋانلىقتۇر. بۇنداق ئەركەكلەردىن ئەقىللىق ۋە دىلى گۈزەل ئاياللار خېلىلا ئۈستۈن.

جالالىدىن رۇمى ئاياللارنىڭ ئۈستۈنلىكىنى تەرغىپ قىلىدىغان ۋەزلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئەتراپىدىكىلەرگە، مىللىتىگە ۋە ھەتتا پۈتۈن دۇنياغا ئىنسانىيەتنىڭ پەقەت ئاياللار ئارقىلىقلا بىر پۈتۈن گەۋدە بولالايدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

جالالىدىن رۇمى يەنە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي

مۇھەببەتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. چۈنكى جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇش پائالىيىتىنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ بىر تارتىش قانۇنى بار بولۇپ، بۇ قانۇنغا مەيلى ئەر، مەيلى ئايال ئۆزلۈكىدىن بويى سۇنىدىغانلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «جىنسىيەتنىڭ ئالامەت بىر تارتىش كۈچى بار. قەيەردە بىر نەرسە ئىزدەشكە مەجبۇر بولساڭ، ئۇنى ئىزدەتكەن ۋە ئۆزىگە تارتقان نەرسە يەنە شۇ ئۆزىڭنىڭ جۈپتىدۇر.»

يەنە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ھەر نەرسە بىر نەرسە بىلەن بىرگە بولغاندا ھاياتلىققا ئىگە بولىدۇ.

ئەر ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇپ بالا بولىدۇ، تۇپراق يامغۇر بىلەن بىرلەشسە ھوسۇل بېرىدۇ.

جالالىدىن رۇمى پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەرگە ئەھمىيەت بەرگەندىن بەكرەك ھاياتلىقنىڭ بىر گۈزەل پارچىسى بولغان ئاياللارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

چالا ساۋات موللىلار «ئاياللارنىڭ ئىسمىنى قەبرە تېشىغا يېزىشقا بولمايدۇ» دەپ پەتىۋا بەرگەن دەۋرلەردە، جالالىدىن رۇمى قىلچە ئىككىلەنمەي ئاياللارنى ئۇلۇغ بىر بارلىق دەپ بىلىپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقان. ھەتتا ئۇ مەشھۇر ئەسىرى «مەسنەۋى»دە مۇنداق دەيدۇ:

ئاياللار يارىتىلغان بىر بارلىق ئەمەس، بەلكى يارىتىدىغان بىر قۇدرەتتۇر.

ئايال كىشىگە تەبىئەت بەخش قىلغان نەرسىنى ئەر كىشى پەقەت جاسارەت بىلەن قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ دەرگاھىدا ئەر مۇرىتلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئايال مۇرىتلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ جالالىدىن رۇمىنى مەجلىسلىرىگە تەكلىپ قىلغان ۋە جالالىدىن رۇمىمۇ ھېچ ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىپ ۋەز نەسىھەتلەرنى قىلغان.

جالالىدىن رۇمى ئوغلى سۇلتان ۋەلەتكە يازغان مەكتۇپىدا مۇنداق دېگەن:

ئايالىڭنىڭ كۆڭلىنى ھەر ۋاقىت خوش قىلغىن. ھەر كېچىنى توي كېچىسىدەك ئۆتكۈزگىن. ئەگەر ئايالىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلساڭ، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسەن...

جالالىدىن رۇمى تەبىئەتتىكى ھەربىر شەيئى ئۆزىگە ماس ھالدىكى باشقا بىر شەيئىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ھالىتىدە بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئالەمدە ھەر نەرسىنىڭ جەلپكارى بار.

ئىسسىق ئىسسىققا، سوغۇق سوغۇققا تارتىدۇ.

ئەسلى بولمىغان ئەسلى بولمىغاننى تارتىدۇ.

باقىلەر باقىلەردىن مەست بولىدۇ.

جەھەننەم ئەھلى بولغانلار جەھەننەم ئەھلى بولغانلارنىڭ جەلپكارىدۇر.

نۇرغا مەنسۇپ بولغانلار پەقەت نۇرغا مەنسۇپلارنى ئىستەيدۇ.

ئەتىر ساتقانلارنىڭ رەستىلىرىگە قارا. ھەر جىنس ئۆز جىنسىنىڭ يېنىغا قويۇلىدۇ.

جالالىدىن رۇمى ھاياتىدا پەقەت بىر ئاياللىق بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىرىنچى ئايالى ياشلا ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتا ئۆيلەنگەن. ئەمما ئايالى ھايات ئىكەن ئۆزى ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان. ھەرگىز كۆپ خوتۇنلۇق بولمىغان. قول دېدەك ئىشلەتمىگەن. ھەتتا قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى چىققان.

تەبىئەتتىكى ھەر زەررىچىنىڭ تەڭرىنىڭ بىردىن پارچىسى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن جالالىدىن رۇمى ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەت ئايرىمچىلىقى قىلىپ ئاياللارنى خور كۆرۈشىنى نادانلىق، جاھىلىيەتنىڭ ئالامىتى دەپ قارىغان. ئۇ يەنە ھەممە ئادەم تەڭرىنىڭ ئالدىدا تەڭ باراۋەر. جىنسى ئايرىمچىلىقنى تەڭرى قوبۇل قىلمايدۇ دەپ قارىغان.

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە ئەر ـ ئاياللار توي قىلىش ئارقىلىق پۈتۈنلىشىدۇ، ئىككى تەن بىر تەن بولىدۇ، بۇنداق ئىككى تەننىڭ بىر تەن بولۇشى بەختلىك ئائىلىنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارىغان.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

ئەر ـ خوتۇن بىر ـ بىرىسىگە ئوخشىشى لازىم.

ئاياق ۋە مەسىلەرنىڭ جۈپلىرىگە قارا.

ئاياقنىڭ بىر تىلى پۇتۇڭغا چوڭ كەلسە، ئىككىنچىسى كارغا كەلمەيدۇ.

ئىشىك قانىتىنىڭ بىرى كىچىك، يەنە بىرىنىڭ چوڭ بولغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟

ئورماندا ئارسلان بىلەن بۆرىنىڭ جۈپ بولغىنىنى كۆردۈڭمۇ؟

بىر ئايالنىڭ ئېرى ۋە ياكى بىر ئەرنىڭ ئايالى باشقا بىر يەرگە كەتسە، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىرى دەرھال كېلىدۇ. شۇڭا ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ. ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان قۇشلارمۇ ئۆز جۈپتى بىلەن بىرگە ئۇچىدۇ.

جالالىدىن رۇمى يەنە بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئاللاھ ئايالنى ئەرگە يولداش ياراتتى.
ئادەم ھەرگىز ھاۋادىن ئايرىم قالمايدۇ.
كۆرۈنۈشتە سۇ ئوتتىن ئۈستۈندۇر.
كۆرۈنۈشتە ئەر ئايالدىن ئۈستۈندۇر.
ئەمما ئەمەلىيەتتە سۇنى ئوتنىڭ ئۈستىگە قويساق ۋاراقلاپ قاينايدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئەرلەر مەغلۇبىيەتچىلەردۇر.

مەغلۇبىيەتكە مۇھەببەت سەۋەپچى بولسا، نېمە دېگەن بەختلىك ئۇ مەغلۇبىيەتچىلەر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپ يولى ئۆزىنى ئۇنتۇپ، تەركى دۇنيا بولۇش ئەمەس بەلكى ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىپ كامالەتكە يېتىپ ئۆزىنى قايتا تاپماقتۇر.

بۇ جاپالىق يولدا ھەقىقەتكە يېتىپ كامىل ئادەم بولۇش ئۈچۈن تويي قىلماسلىقتەك ئىنسانىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە قارشى بولغان غەيرى نەرسىلەرگە ئورۇن يوق.

بەلكى ئەكسىچە بۇ كامالەتكە يېتىش يولىدا ئۆزىنىڭ نىكاھلىق ھالال جۈپتىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك بولسا ئەرلەرگە مەنىۋى ئوزۇقتۇر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ نەزىرىدە ئەرلەرنىڭ ئايالлاردىن ئۈستۈنلىكى جىسمانىي جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك بولۇپ، بۇ ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي ئۈستۈنلۈك ھېسابلانمايدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئەي يىگىت! ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈنلىكى قۇۋۋەت، قازانچ ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكى ئەمەس.

ئۇنداق بولىدىغان بولسا ئارسلان بىلەن پىل كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنسانلاردىن تېخىمۇ ئۈستۈن، تېخىمۇ ئۇلۇغ بولغان بولاتتى.

ئەرلەرنىڭ ئاياللاردىن ئۈستۈن بولۇشى ئاياللنىڭ نەزىرىدىكى ئەرنىڭ تېخىمۇ يىراقلارنى كۆرەلىشىدىن بولغان.

ئەر كىشى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى پەرەز قىلىپ كۆرەلمىسە، بۇنداق ئەرنى ئەر دېگىلى بولمايدۇ.

ئادەم بالىسى يىگىتلىكتە زالىئوغلى رۇستەمدەك، ھەمزىدەك جەسۇر بولسىمۇ يەنىلا قارار قىلىشتا ئايالىنىڭ ئەسىرىدۇر.

يۇقارقى سۆزلەر يەنىلا ئاياللارغا بولغان ھۆرمەت، مۇھەببەتنى ئىپادىلەش ئارقىلىق ئىككىلىسىنىڭ «بىرلەشتۈرۈلگەن» لىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. يەنى ئاشىقتا بىربىرلىرىنى سۆيگەن ئايرىم بىرلىكنىڭ بىرلىشىپ، پۈتۈنلۈشۈپ نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىدۇر.

جالالىدىن رۇمى ئۆمۈر بويى ئىلغار پىكىرلىرى بىلەن قاتتىق قېتىپ مومىياغا ئايلىنىپ قالغان دىنىي ئەقىدىلەرگە، ئەركىن تەپەككۇرنى بوغۇدىغان قائىدە-يوسۇنلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان. بولۇپمۇ جالالىدىن رۇمى قۇلچىلىق ئىدىيىسىنى، مۇتەئەسسىپ كۆز قاراشلارنى ياقلىمىغان. ئەمما كېيىنكىلەر جالالىدىن رۇمىنىڭ ھەقىقىي ئىدىيەلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ خىيالىي پىكىر ۋە تۇيغۇلار بىلەن بوغۇپ، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

# 19. پاسسىپ قارشىلىق

مېنىڭ ئارزۇيۇم بىلەن بولسا ئارسلاندىن قورقما،
سېنىڭ ئىقبالىڭ مەن، بەختى قارىلىقتىن قورقما.
پەلەكتىكى ئاي يولداش بولسا ئەگەر ساڭا،
كۈندۈز ئۆتۈپ كەچ بولسىمۇ قورقما.

ـ مەۋلانا

جالالىدىن رۇمىنىڭ كونيادا ياشىغان دەۋرلىرى سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋرلىرى بولۇپ، بۇ دەۋرلەردە بىر تەرەپتىن موڭغۇللارنىڭ ۋەھشى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى خوشنا دۆلەتلەردىن بولغان ئەيىۋبىلار بىلەن بولغان ئۇرۇش يەنە بىر تەرەپتىن ئوردا ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى ۋە چىرىكلەشكەن ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ساتقۇنلىقى، كەيپ ـ ساپا، سىياسى مەككارلىق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، قۇللۇق ۋە فئوداللىق زۇلۇمنىڭ دەستىدىن خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچار ھالغا چۈشۈپ قالغان. سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى كونيادا خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى پۈتۈنلەي ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن. بولۇپمۇ 1237 ـ يىلى سۇلتان ئالائەددىن كەيكۇبادنىڭ سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلىشى بىلەن تەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى قاتتىق ساراسىمگە چۈشكەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇللارنىڭ زۇلمىدىن قاچقان تۈركمەنلەر ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى كونياغا قاراپ سەلدەك ئاققان. ئوردا ئىچىدە ھاكىمىيەت كۈرىشى ئەۋج ئېلىپ، سىياسىي مۇقىملىق بۇزۇلۇپ، خەلق

باشپاناسىز قالغان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى جالالىدىن رۇمىدەك مەنىۋى بىر كۈچكە زور ئېھتىياجى چۈشتى ۋە جالالىدىن رۇمىنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىرلاشتى.

1241-يىلى موڭغۇللار ئەرزۇرۇمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ ئەتراپتىكى خەلقنى قاتتىق قىرغىن قىلىپ، مال-مۈلكىنى تالان-تاراج قىلدى. بۇ چاغدا قارشى كۈچنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرگەن موڭغۇللار ئاناتولىيەگە قاراپ يۈرۈش قىلدى.

جالالىدىن رۇمى موڭغۇللارنى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان، ئۇلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئەڭ يۇقىرى بىر شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن باشتا موڭغۇللارغا قارشى ئاكتىپ جىھاتنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن، ئىككىنجى ئوغلى موڭغۇللارغا قارشى جەڭدە شېھىت بولغان. ئەمما كېيىن خەلقنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن پاسسىپ قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە ئۆتكەن. بۇ دەۋرلەر دەل 1243-يىللىرى بولۇپ موڭغۇل قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان بايجۇ نويان ئەسكەرلىرى بىلەن سەلدەك ئىلگىرلەپ كونيانىڭ بوسۇغىسىغا كېلىپ قالغان ئىدى.

بايجۇ نويان 30 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئاناتولىيە تۇپراقلىرىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئەرزىنجان بىلەن سىۋاس ئارىلىقىدىكى كۆسەنتاغ دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەن. موڭغۇللارغا قارشى سەلجۇقلار دۆلىتىنىڭ 80 مىڭ ئەسكىرى كۈچى بار ئىدى. ئەمما ئۆزىدىن شۇنچە ئاز بولغان موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە قارشى ئۇرۇشتا تۈركلەر يېڭىلگەن. چۈنكى بۇ تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى دادىسىنىڭ قاتىلى دەپ قارالغان خەلق ۋە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ھېچ ياخشى كۆرۈلۈشكە مۇيەسسەر بولمىغان سۇلتان غىياسەددىن كەيھۇسرەۋ(ى) ئىدى. بۇ ياش سۇلتاننىڭ ئەتراپىدىكى ياخشى قوماندان ۋە ۋەزىر ئەزەملارنىڭ ھەممىسى قارشى كۈچلەر تەرىپىدىن يوقۇتۇلغان، قالغانلىرى رەنجىپ، چىن كۆڭۈلدىن سۇلتانغا مايىل بولمىغان

بەگلەر بولۇپ، بۇلارمۇ ئاساسەن ئۈمىدىنى، ئىشەنچىنى يوقاتقان ئىدى. بۇ قىيىن ۋەزىيەتتە ئەسكەر ۋە خەلق ياخشى سىياسەتچىلەرگە، ئۇرۇشقا ماھىر قوماندانلارغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما ھەقىقەت شۇكى ئۇنداق بىر ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭىدىغان، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا باھادىرلىق بىلەن جەڭ قىلىدىغان يىگىت، مەرت ئىشەنچلىك بىر قوماندان يوقتى. شۇڭا موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا تۈرك ئەسكەرلەرنىڭ سانى نەچچە ھەسسە كۆپ بولسىمۇ جەڭگىۋارلىقى بولمىغانلىقى، ھەممىسى جېنىنى ساقلاشقا ئۇرۇنغانلىقى ئۈچۈن، جەڭ باشلىنار باشلانماي دۈشمەن تەرىپىدىن يېڭىلىپ، دۈشمەننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشكە سەۋەپ بولغان. يەنە بىر سەۋەپ غىياسەددىن كەيھۇسرەۋنىڭ ناھايىتى تەككەببۇر بىر قوماندانى دۈشمەننى سەل چاغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاللاھ ئۇلار بىلەن بىللە بولغان تەقدىردىمۇ يەنە باشقا بىر ئەمىرگە ئېھتىياجىمىز يوق» بۇ بۈيۈك «كۇفۇر ۋە خاتا» بىلەن جەڭگە كىرگەن قوماندان بىردىنلا يېڭىلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىنلا سۇلتان غىياسەددىن كەيھۇسرەۋ ئۇرۇش تۈگە-تۈگۈمەيلا ئەسكەرلىرىنى ۋە ئەمىرلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، ئالدى ئارقىسىغا قارىماي باشتا توقاتقا ئاندىن ئەنقەرەگە ۋە كېيىن ئانتالياغا قېچىپ كېتىدۇ.

سۇلتاننىڭ قاچقىنىنى تۇيغان ئەسكەرلەر ئارقا-ئارقىدىن قېچىشقا باشلايدۇ. ئەڭ كۆلكىلىك ئىش شۇكى قاچقان ئەسكەرلەردىن قېلىپ قالغان قۇپقۇرۇق چېدىرلارنى، ئەسكىرىي بازىلارنى كۆرگەن موڭغۇللار بۇ بىر تۇزاق بولۇشى مۇمكىن، تۈركلەر بىزگە ھەربىي تاكتىك ئىشلىتىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلەشكە پېتىنالماي ئىككى كۈن ساقلايدۇ. ئاخىرى ھېچ بىر گۇمانلىق شەپىنىڭ يوقلىقىنى سەزگەن موڭغۇللار ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇمغا ئاتلىنىپ، ئاخىرقى غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇچرىغانلا يەرنى تالان-تاراج قىلىدۇ. كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ.

موڭغۇللار بۇ ئۇرۇشتا 300 تۆگىگە ئارتقۇدەك ئالتۇن، ئۈچ مىڭ ھايۋانغا ئارتقۇدەك ھەرخىل قىممەت باھالىق زىبۇ-زىننەتلەرنى ئولجا ئالدۇ.

سۇلتان غىياسەددىن كەيھۇسرەۋنىڭ ئەقىل ۋە ئەخلاق جەھەتتىكى زەئىپلىكى، قورقۇنچاقلىقى تۈپەيلىدىن ئاناتولىيە سەلجۇقلار دۆلىتى سىياسى، ھەربىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىن قاتتىق ئۇپرىغان. شۇ سەۋەپتىن خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى زاۋاللىققا يۈزلىنىپ، مىللىي مەۋجۇتلۇقتىن، مۇستەقىللىقتىن مەھرۇم قالغان.

موڭغۇللار ئارقا-ئارقىدىن ئېرىشكەن غەلىبە نەتىجىسىدە ۋە بايجۇ نويان سەلجۇقلار سۇلتانىنىڭ كونيادىن ئايرىلىپ قاچقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تېخىمۇ جاسارەتلىنىپ، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى مەۋجۇداتنى ئۆلتۈرۈپ، سەلجۇقلارنىڭ پايتەختى كونيانى مۇھاسىرىغا ئالغان. موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان كونيا خەلقى ئىشىك-دېرىزىلىرىنى چىڭ يېپىپ جېنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا باشلىغان. ئەمما ئەينى چاغدا بۇنداق قىلىشنىڭ ياخشى بىر ئامال-چارە ئەمەسلىكى ھەممە كىشىگە بەش قولدەپ ئايان ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى بايجۇ نويان كونيانى تۈپتۈز قىلىۋېتىشكە قەسەم ئىچكەنتى.

شۇنداق قىيىن شارائىتتا سەلدەك ئالدىغا كەلگەننىلا سىرىپ-سۈپۈرۈپ يوق قىلىۋاتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەن خەلقنىڭ سۆيۈملۈك ۋەزىرى ۋە قوماندانى نىزامىددىن ئالى جالالىددىن رۇمىنىڭ قوللىشى ئاستىدا موڭغۇللار بىلەن سۈلھ تۈزۈشنىڭ چارىسىنى قىلىشقا باشلىغان.

نىزامىددىن ئالى خەلققە مۇراجىئەت قىلىپ، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن مال-مۈلكىدىن ۋاز

كېچىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە خەلقنىڭ مال-دۇنيالىرىنى يىغىپ، كونيا سىرتىدا چىدىر تىكىپ ياتقان موڭغۇل ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى نويانغا سوۋغا قىلىدۇ. ئاخىرى ئۇرۇش توختىتىلىپ كونيا خەلقىنىڭ قىرغىنچىلىقتا ئۆچرىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ. بۇ چاغدا جالالدىن رۇمى نىزامىددىن ئالىنى قوللاپ كونيا خەلقىگە ۋەز سۆزلەپ ئۇلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرگەن.

جالالدىن رۇمى بەلختىن يولغا چىقىپ كونياغا كەلگىچە بولغان بۇ جەريانلاردىكى ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ۋە ئىلمىگە تايىنىپ ھەم تۈركلەرنى ھەم ئەتراپتىكى خەلقلەرنى ئوبدان تونۇپ يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە موڭغۇللارنىڭ ياۋۇزلۇقىغا شاھىت بولغان بىر شەخس ئىدى. ئۇ موڭغۇللارنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قاچقان ئائىلىسى ۋە باشقا مۇساپىر خەلقلەرنىڭ ئاھۇ زارىنى كۆرۈش بىلەن بىرگە موڭغۇللارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرگەن. ئۇ ھامان بىر كۈنى موڭغۇللارنىڭ بۇ تۇپراقلاردىن كېتىدىغانلىقىنى، قالىدىغانلىقىنى، قالىدىغان تەقدىردىمۇ مۇسۇلمان بولۇپ ئاسمىلاتسىيە بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ۋاھالەنكى كېيىن جالالدىن رۇمىنىڭ بۇ يىراقنى كۆرەرلىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى. شۇڭا ئۇ موڭغۇللارغا قارشى ئۆز ئالدىغا بىر سىياسەت يۈرگۈزدى، يەنى ئۇلارغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇشنىڭ ئورنىغا پاسسىپ قارشى تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. چۈنكى جالالدىن رۇمى يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك موڭغۇللارنىڭ تۈركلەر ئىچىدە ئېرىپ تۈگەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ بۇ توغرىسىدا «فىھى مافى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئۇلارنى كاپىردەك كۆرۈسىلەر. ئەمما مەن كىلەكچەكتىكى مۆمىنلەرنى كۆرۈۋاتىمەن.»

جالالدىن رۇمى موڭغۇللار بىلەن ئامال بار ئىتتىپاق ئۆتۈپ، ئاستا-ئاستا ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ئېرىتىپ تۈگىتىشۋېتىشنىڭ لازىملىقىدىن ئىبارەت يېڭى بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يەنە ئۇ چوڭقۇر ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىپ «فىھى مافى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق

پىكىر يۈرگۈزىدۇ:

موغۇللارنىڭ بۇ يەرلەرگە كېلىشتىن بۇرۇن كىيىدىغان كىيىمى، مىنىدىغان ئاتلىرى يوق ئىدى. قولىدىكى قورallىرى ئوتۇندىن ئىبارەت ئىدى. هازىر ئۇلارنىڭ قارنى تويۇپ، ئەڭ نوچى ئەرەپ ئاتلىرىنى مىنىپ، ئەڭ ياخشى قورallارنى تۇتۇپ، ھەشەمەت ۋە كىبىرلىككە مەپتۇن بولدى.

جالالىدىن رۇمى يەنە ئۇلارنىڭ مۇنداق غەلىبىلەرگە ئېرىشىشىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

موغۇللارنىڭ كۆڭۈللىرى سۇنۇق، ناھايىتى ئاجىز بىر خەلق ئىدى. ئۇلار تەڭرىگە ھەر ۋاقىت يالۋۇرۇپ مۇناجاتتا بولدى. تەڭرىمۇ ئۇلارنىڭ مۇناجىتىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ياردەم قىلدى. ئەمدى بۈگۈنگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئۇلۇغلىنىپ، كۆچلىنىپ، باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشى نەتىجىسىدە ئۇلۇغ تەڭرى ئۇلارنى يوق قىلىشقا يول ئاچتى. دېمەككى دۇنيانى ئىگىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ كۈچلۈك بولىشىدىن ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى ئۈچۈن، ھەق تائالا ئۇلارنى جازالايدۇ. باشتا ئۇلار ئىنسانلاردىن يىراق، نامرات، ئاچ ـ يالىڭاچ سەھرالاردا ياشايتتى. تىجارەت قىلىش ئۈچۈن خارەزىم ۋىلايەتلىرىگە كېلەتتى. خارەزىم شاھ بۇنى توسۇش ئۈچۈن تىجارەتچىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرەتتى. موغۇللار پادىشاھلىرىنىڭ يانلىرىغا بېرىپ دەرت ئېيتىپ «تۈگەشتۇق» دېدى. پادىشاھى ئون كۈنلۈك ئىجازەت ئېلىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەڭرىگە يالۋۇرۇپ دۇئا تىلاۋەت قىلدى. تەڭرىمۇ ئۇنىڭ مۇناجىتىنى قوبۇل قىلىپ «سېنىڭ تىلەكلىرىڭنى قوبۇل قىلدىم. سىرتقا چىق، ئەمدى قەيەرگە بارساڭ بار ھەر دائىم مۇزەپپەر بولىسەن» دېگەن بىر ئاۋاز شاھنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن خەلقنى ئارقىسىغا سېلىپ قەيەرگە بارسا شۇ يەردە غەلىبىگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئۇرۇشتا غالىپ

كەلدى ۋە يەر يۈزىگە يېيىلدى.

بۇنداق قاراشتا بولىدىغانلار يالغۇزلا جالالىدىن رۇمى بولماستىن نۇرغۇن ئىسلام ئالىملىرى موڭغۇللارنىڭ بۇنداق غەلىبىگە ئېرىشىشىنى مۇسۇلمانلارغا بولغان بىر ئىلاھىي جازا دەپ تونۇدى. مۇسۇلمانلار يولىدىن ئازغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى جازالاشقا چىڭگىزخاننى كۆچلەندۈردى دېيىشتى. دېمىسىمۇ شۇ زاماندا ئابباسىيە خەلىپىلىكى ۋە سەلجۇقلار دۆلىتى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. بۇ قاراش تارىخىي پاكىتلاردا ھەممىمىزگە ئايان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا موڭغۇللار بىلەن بولغان بارلىق ئاكتىپ كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانتى. مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ قولىدا ئۇلارغا قارشى چىققۇدەك كۈچ ۋە ئەسكەر قالمىغان ئىدى. دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقلاردىن ساق قالغان خەلقنى ئاكتىپ مۇجادىلە قىلىشقا چاقىرىش، مەۋجۇت خەلقنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن باراۋەر. ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ زەپەرنىڭ ئورنىغا مەغلۇبىيەت ئەكەلگەن ئىدى. خەلقنىڭ ئۈستىگە قاتمۇقات زۇلۇمنىڭ كېلىشىگە يول ئاچقانتى. بۇنداق شارائىت ئاستىدا پەقەت بىرلا يول بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ «پاسسىپ قارشى تۇرۇش».

پاسسىپ قارشى تۇرۇش دېگەنلىك كۆز ئالدىمىزدىكى مەۋجۇت ئىمكانلاردىن تولۇق پايدىلىپ خەلقنىڭ بارلىقىنى قوغداپ قېلىش، ئۇلارنىڭ داۋاملىق قىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە سەۋر قىلىش ئارقىلىق داۋاملىق كۈچىيىش يولىغا قاراپ ئىلگىرلەپ، كەلگۈسىدىكى ئاكتىپ كۈرەشكە تەييارلىق قىلىش دېمەكلىكتۇر.

ئىنسانلار ئاللاھتىن ھەرگىز ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكى لازىم. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئالەملەرنىڭ رەببى يۈسۈپ سۈرىسىنىڭ 87 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد

بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ.»

جالالىدىن رۇمى ھاياتتا قالغانلارغا ئۈمىد بېغىشلاپ، ئۇلارنى پاسسىپ قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. تىنچلىق ئىچىدە بىر دەۋرنى ئۆتكۈزۈپ كەلگۈسى مۇجادىلە ئۈچۈن قەھرىمان ئەۋلات يېتىشتۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. ئۇرۇشنىڭ دەستىدىن ھالسىزلانغان، ئۈمىدسىز خەلقنىڭ يارىلىرىغا مەنىۋى مەلھەم سۈرىدۇ. قاراڭغۇلۇقتا تېڭىرقىغان خەلققە ئۈمىدنىڭ نۇرلۇق چىرىغىنى ياقىدۇ. ئۇلار بىلەن تەڭ يېتىپ قوپىدۇ. ئۇلار بىلەن ھەم سۆھبەتتە بولىدۇ، تاپقاننى تەڭ يەپ ئىچىدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ بۇ قاراشلىرى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى دۈشمەندىن قورققانلىق ئەمەس بەلكى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۆلگەن ئۈمىدلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ، قايتا تىرىلىش ئۈچۈن يول ياسىماق، ئۇل سالماق بولۇپ ھېسابلىناتتى.

ئىسلام دۇنياسى موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ئاستىدا خانى ـ ۋەيران بولغان شۇنداق بىر مەزگىلدە، قايتىدىن تىرىلگەن تۈرك مىللىتى يېڭى بىر ئەۋلات ۋە يېڭى دۆلەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش يولىدا ئاكتىپ مۇجادىلە قىلدى ۋە بۇ جاپالىق ئەمگەكنىڭ مېۋىسى ھەقىقەتەن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كۆرۈلگەن ئىدى. كېيىن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققى قىلىپ، كۈچلەنگەن تۈرك خەلقى جاھاننى نەچچە ئەسىر سورىغان ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى.

# 20. ئۆلۈم

جالالىدىن ئۆلسە، ئۆلدى دېمەڭلار،
چۈنكى ئۆلدۈم، تىرىلدىم.
دوست ئالدى، ئەكەتتى مېنى.

ـ مەۋلانا

---

بىز ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆلۈم، ئەڭ تەبىئىي بولغان نەتىجىدۇر ۋە بار بولۇشىمىزنىڭ بىر سەۋەبىدۇر. ئۆلۈم بىز ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان بىردىنبىر ھەقىقەتتۇر. ئۆلۈم پۈتۈنلەي يوق بولۇش دېگەنلىكتىن دىرەك بەرمەيدۇ. ئۆلۈم، بۇ دۇنيا ھاياتىدىن ئاخىرەت ھاياتىغا كۆچۈش دېگەنلىكتۇر. ئۆلۈم بۇ دۇنيادىن كېتىپ، ئۇ دۇنيادا قايتىدىن تۇغۇلۇش دېمەكتۇر. ئۆلۈم دېمەك ماكان، زامان بار بۇ ئالەمدىن ماكانسىز، زامانسىز ئۇ ئالەمگە ئاپىرىدىغان بىردىنبىر يول دېمەكدۇر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى بويىچە «ئاشىق»نىڭ ۋىسالىغا يېتىشى دېمەكتۇر. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئاشىق، ئاشىقلارنىڭ ھاياتى ئۆلۈمدە. كۆڭۈلگە كۆڭۈل بەرمەستىن، باشقا سۈرەت بىلەن تاپالمايسەن.»

«جاننى سەل ئالغاندىن كېيىن، ئۆلۈم شېكەردەك بولىدۇ.

ئۆلۈش ئارقىلىق سېنىڭ بىلەن بىرگە بولغاندىكەن، ئۆلۈم بىزگە تاتلىق جاندىنمۇ تاتلىق تۇيۇلىدۇ.»

مۇتەسەۋۋۇپلار ۋە پەيلاسوپلار ئۆلۈمدىن ھېچ قورقمىغان. ھەتتا جالالىدىن رۇمى ئۆلگەن كۈننى ئۆزىنىڭ توي كۈنى دەپ ھېساپلىغان. يەنى ئۇ كۈننى ئاشىقنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغان كۈن دەپ بىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرغىچە كونيادا ئۇ ۋاپات بولغان 12-ئاينىڭ 17-كۈننى «شەبئى ئارۇس» يەنى «توي كېچىسى» دەپ چوڭ تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئىنسانلار ئۈستىدىن، جۈملىدىن بارلىق جانلىقلار ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغان بىر ھەقىقەت. ئۆلۈم مەيلى شاھ مەيلى گاداي، مەيلى كۈچلۈك، مەيلى ئاجىز ھەممىسىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، كەلكۈندەك ھەممىنى غەرق قىلىپ، ئۇ ئالەمگە كۆتۈرىدۇ.

بىز ئۆلۈمنى ئويلىغىنىمىزدا بىر تەرەپتىن قورقساق يەنە بىر تەرەپتىن ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەت ئالدىدا تۆۋەنچىلىك بىلەن تەسلىم بولىمىز. ئۆلۈمنى تەپەككۇرىمىزدا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىمىز. ئەگەر ئۆلۈم قورقۇنچىسى بىزنى چىرماپ ئالغان بولسا ئۇ چاغدا قانداق قىلار ئىدۇق؟ بۇندىن كېيىنكى ھاياتىمىزنى قورقۇ ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، ھايات تۇرۇپ ئۆلەر ئىدۇق. شۇڭا ئۆلۈمگە قورقۇ ئىچىدە نەپرەتلىنىشنى ئەمەس، بەلكى جەسۇرلۇق بىلەن ئۇنى سۆيۈشنى تاللىدۇق.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ: «ھەركىم ئۆلۈمدىن ئۈركۈپ قورقىدۇ. سوپىلار ئۇنىڭغا بۇرۇتلىرىنىڭ ئاستىدىن كۈلىدۇ.»

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۆلۈم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلۈڭلار» دېگەن ھەدىسىگە ئۇيغۇن بولغان ئۆلۈمدۇر. ئۆلمەستىن بۇرۇن ئۆلمەك، ھايات چاغلىرىمىزدا كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك،

زىيانلىق نەپسىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، تەبئىيىتىمىزدىكى ياخشىلىققا مايىل ئاكتىپ ئىنىرگىيىمىزنى جۇشقۇنلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش. ھەقىقىي ئىنسان مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنلايدىغان، ھەقنى تونۇپ يەتكەن، نەدىن كېلىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلگەن ئىنساندۇر. بۇنداق ئىنسان دائىم ئۆزىنى، ئائىلىسىنى جۈملىدىن بارلىق قەۋمىنىڭ بەخت-سائادىتىنى، سەلتەنەتىنى ئويلايدىغان، ئەركىن، پاكىز بىر جەمئىيەت يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ھايات جاپا-مۇشەققەتلەر بىلەن تولغان بىر ھاياتتۇر.

گېرمان پەيلاسوپلىرىدىن نېچشى (1844-1900) مەشھۇر كىتابى «مۇزىكىدىن تراگىدىيەنىڭ تۇغۇشى»دا قەدىمقى گرىكلارنىڭ مۇنداق بىر ئەپسانە ھېكايىسىنى تىلغا ئالىدۇ:

پادىشاھ مىداس ئورماندا دىئونىيوسنىڭ يول باشلىغۇچىسى سىلۇنۇسنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلايدۇ. ئەمما سىلۇنۇسنى تۇتالمايدۇ. ئۇزۇن مەزگىل ئىز قوغلاپ يۈرۈپ، نىھايەت بىر كۈنى ئۇنى تۇتىۋالىدۇ. پادىشاھ ئۇنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن مۇنداق سوئال سورايدۇ: «بىر ئادەم ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئەڭ كۆپ ئارزۇ قىلىدىغان نەرسە زادى نېمە؟»

بۇ چاغدا سىلۇنۇس ھېچ بىر نەرسە دېمەي، قىمىرداپمۇ قويماي جىم تۇرۇۋالىدۇ. پادىشاھ جاۋاپ بېرىشكە قاتتىق قىستايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ ئارقىدىن مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «ئەي بىچارە، بىر كۈندەك قىسقا ئۆمرى بار قەۋم، بەخت ۋە ھەقىرلىقنىڭ بالىلىرى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى ئاڭلىمىساڭلار سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغان بولاتتى. ئەمما مىڭ ئەپسۇس سىلەر مېنى سۆزلەشكە زورلاۋاتىسىلەر. سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسىگە ئېرىشىشىڭلار ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. سىلەرنىڭ كۈتىۋاتقان نەرسەڭلار بۇ دۇنياغا ھېچ كەلمەسلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ھېچ بار

بولماسلىق دېمەكتۇر يەنى ھېچ بولماسلىق دېمەكتۇر. سىلەر ئۈچۈن ئىككىنجى ياخشى بىر نەرسە شۇكى، سىلەرنىڭ تىز بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۆلۈشىڭلاردۇر.»

دېمەك ئىنسان پەقەت ئۆلگەندىلا ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىدۇ. بۇ ئارمانلارغا يېتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ھاياتتا تىرىشىپ ئۆگىنىشكە، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن، جۈملىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋي قىممەت يارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ يولدا ھەرگىز «مېنىڭدىن باشقىسى بىكار» دەپ تەكەببۇرلۇق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇ دۇنيادا ھاياتلا بولىدىكەنمىز قىلىۋاتقان ئىشىمىزنى كەمتەرلىك بىلەن ئەڭ ياخشى دەرىجىدە قىلىشىمىز، ئەڭ توغرا، ئەڭ مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

بۇ ئۆيدىن كېتىپ، ئۆينى بوشاتسام، مېنىڭدەك يەنە بىرى ياكى مېنىڭدىن ياخشىراقى كېلىپ ئۆيگە كىرىدۇ. دۇنيا ئەسىرلەر بويىچە ئەجداتتىن ئەۋلاتقا مۇشۇنداق مىراس قالغان. دادىسى تۇپراق ئاستىغا كىرسە، ئوغلى دادا بولىدۇ. پەقەت ئىنسانلا ئەمەس، ھايۋانمۇ شۇنداق. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا دۇنيادا بىرمۇ جانلىقنى كۆرمىگەن بولاتتۇق. كېچىلىرى كۆك يۈزىدىن قۇياش چېكىنىپ كەتكەندە، قۇياشنىڭ ئورنىنى يۇلتۇز بىلەن ئاي ئالىدۇ.

ئۇنۇتماسلىق لازىمكى، ھەر ئۆلگەننىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان بىرسى بار. ھەر كەتكەننىڭ ئارقىسىدىن تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئەقىللىق بىرسى كېلىدۇ. بۇ دۇنيا بىر خىيال، بىر ئويۇن بىلەن تولغان. بىز ئويۇن ئوينىغۇچىلارمىز. شۇڭا ئويۇننى قائىدىسىگە ئاساسەن ئويناشنى بىلىشىمىز لازىم.

جالالىدىن رۇمى ئۆلۈم توغرىسىدا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

بىز كەتتۇق قالغانلار سالامەت بولسۇن،
تۇغۇلغان ھامان بىر كۈنى ئۆلىدۇ.
كۆك قۇببىدە ئۇلتۇرغانلار ياخشى بىلىدۇ،
تامدىن تاش قوپۇرۇلدىمۇ، ئۇ ھامان يىقىلىدۇ.
ھېرىستىن ۋاز كەچ، ئۆزۈڭنى بىكارغا ئاۋارە قىلما،
بۇ تۇپراق ئاستىدا شاگىرتمۇ بىر، ئۇستىمۇ بىر.
ھېچ نازلانما ئەي گۈزەل،
بۇ مازاردا نى شېرىنلار بار، نى شېرىنلار.
پەرھاتتەك يوق بولۇپ كەتكەنلەر.
تىرەكلىرى يەلدەك، ئاھ گۈزەل،
يۆلەنسە قانچىلىك چىدايدۇ؟
ئەسكى بولغان بولساق، ئەسكىلىكىمىز بىلەن كەتتۇق.
ياخشى بولساق ياخشىلىقىمىز بىلەن ئەسلەڭلار.
زاماننىڭ يالغۇز بىر ئەركىكى بولساڭمۇ،
بىر كۈن كېتىسەن، بىردىن بىردىن كەتكەنلەردەك.

جالالىدىن رۇمى ئۆلۈمنى خۇددى ئادەتتىكى ئىشتەك، بىر قۇشنىڭ قەپەزدىن قۇتۇلۇپ ئازاتلىققا ئېرىشكىنىدەك، ئىككىنجى قېتىم يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقاندەكلا ئىش دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

قۇشقا نىسپەتەن قەپەزدىن قۇتۇلۇپ ئۇچۇش قانچىلىك خوش، تاتلىق تۇيۇلسا، ماڭىمۇ ئۆلۈم ۋە بۇ يۇرتتىن كۆچمەك شۇنچىلىك خوش ۋە تاتلىق تۇيۇلىدۇ.

ئەي روھ ئالىمدىن بۇ دۇنياغا تۇغۇلغانلار. ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ئۈركمە، قورقما. بۇ ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى ئىككىنجى قېتىم يېڭىدىن تۇغۇلۇشتۇر.

ئۇ قەبرە تېشىغا مۇنداق سۆزلەرنى يېزىڭلار دەيدۇ:

مەن بېشىمنى بالادىن، دائىم بېرىپ تۇردىغان

ئىمتىھاندىن قۇتقۇزدۇم.

«قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆلۈم توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

قانچە قاچساڭمۇ ئاخىر ئۆلۈم تۇتقۇسىدۇر،

قانچىلىك تىرىك قالساڭمۇ، ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسىدۇر.

(1382 ـ بېيىت)

ئۆلۈمگە غاپىللىق قىلما، كۆڭلۈڭنى سەگەك تۇت،

قانچە ئۇزۇن ياشىساڭمۇ، ئاخىر يەرنى تۆشەك قىلىسەن.

(1383 ـ بېيىت)

ئادەم بالىسى كارۋانغا ئوخشايدۇ،

قونالغۇدا ئۇزۇن تۇرالماس، ئۇنىڭ مەنزىلى قېنى؟

(1386 ـ بېيىت)

نى ـ نى مال ـ دۇنياغا ئىگە بولغان دۇنيا بەگلىرى،

ئۆلۈم ياقىسىدىن تۇتقاندا كۆزلىرى تەلمۈرۈپ ئۆلۈپ كەتتى.

(6634 ـ بېيىت)

نەچچە مىڭ يىل ياشىسىمۇ ئاخىر ئۆلۈم بار،

قانچىلىك دۇنيا توپلىسىمۇ ئارقىسىدا قالىدۇ.

(6636 ـ بېيىت)

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدا، ھەربىر ئىنساننىڭ

دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشى بىلەن هاياتلىق يولىدىكى قىلغان ئەتكەنلىرى، ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى پەرقلىق بولىدۇ. هەر كىمنىڭ هاياتى يەنە بىرسىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. هاياتلىقنىڭ ئۆزىدىكى مۇھتاجلىق ۋە زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن پەيدا بولغان پۈتكۈل جاهانغا تولۇپ كەتكەن ئېچىنىشلىق كۆلپەتلەر، قورقۇلار، ئىزتىراپلار، ئۇچراۋاتقان بەختسىزلىكلەر ئۆزگىچە ئايرىم-ئايرىم بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىكى ياخشىلىق، يەنى ياخشىلىق هېسابلىنىدىغان بەخت-سائادەت، شۈكۈر-قانائەت دېگەندەكلەرمۇ هەربىر ئىنساندا ئۆزگىچە ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ۋاقىت. ۋاقىت توختىماستىن بىزنى قىستاپ كېلىپ دەم ئالغىلىمۇ قويمايدۇ، ئۇ قولىغا قامچىسىنى ئېلىۋالغان قۇلدارغا ئوخشاش هەدەپ قامچىسىنى ئۇشقايتىپ كەينىمىزدىن قوغلايدۇ. قوغلا-قوغلا ئاخىرى بىزنى ئۆلۈم بوسۇغىسىغا هەيدەپ ئەكىلىدۇ. هەممە نەرسىنىڭ قاتىلى بولغان ۋاقىتقا نىسبەتەن هەربىر ئىنساننىڭ كۆز قارىشى ئوخشىمايدۇ. بەزىلەر ۋاقىتنى قەدىرلەپ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ئۆگەنسە، تىرىشسا، ئىبادەت قىلسا يەنە بەزىلەر بىكارچىلىق هارۋىسىدا كوچا كېزىپ لاغايلاپ يۈرىشىدۇ.

جالالىدىن رۇمى مەۋلانا هەزرەتلىرىنىڭ زاتى، ئىنسانلار ئۈستىدە پارلىغان ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق، مەرتلىكى بىلەن ئىللىقلىق سۇنغان بىر قۇياشتۇر. قۇياش نۇرى بىلەن بارلىق جاهاننى ئايدىڭلىتىدۇ. قۇياشنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى سۆيىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ هاياتىمۇ شۇنچىلىك مەنىلىك، قەدىرلىك، شەرەپلىك هايات بولغىنىدەك، ئۆلۈمىمۇ شۇنچىلىك مەنىلىك، قەدىرلىك، شەرەپلىك بىر ئۆلۈم بولغان.

1273-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى هەزرىتى مەۋلانانىڭ جىنازىسى ئارقىسىدىن مۇسۇلمان بولغان ۋە مۇسۇلمان بولمىغان، ئەر ۋە ئايال، چوڭ ۋە كىچىك هەممە مىللەتتىن بولغان پۈتۈن كونيا خەلقى يىغلاپ ماڭىدۇ هەمدە جىنازە مۇراسىمىغا

قاتنىشىدۇ. مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان بولمىغانلارغا: «بۇ جىنازە مۇراسىمىنىڭ سىلەر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ دىن سۇلتانى مەۋلانا بىزنىڭ ئىمامىمىزدۇر» دېگەندە، بۇنىڭغا جاۋابەن مۇسۇلمان بولمىغان كونيا خەلقى مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «بىز مۇسانىڭ ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۆگەندۇق. پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇي-مىجەزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىپادىلىرىنى ئۇنىڭدا كۆردۇق. سىلەر ئۇنى قانداق ياخشى كۆرسەڭلار بىزمۇ خۇددى سىلەردەك ياخشى كۆرىمىز. سىلەر ئۇنىڭ مۇرتلىرى بولساڭلار بىزمۇ ئۇنىڭ مۇرتلىرىدىن» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

# 21. يەتتە نەسىھەت

يۇرەكمىدۇ ئىنساننى سۆي دېگەن،
ياكى يالغۇزلۇقمىدۇر كۇشكۇرتكەن.
زادى نېمىدۇر سۆيمەك دېگەن؟
ئوتمۇ ياكى ئوتنى تۇتماقمىدۇر؟

ـ مەۋلانا

جالالىدىن رۇمى ئەردەملىك ئىنسانلاردىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ۋاپاتىدىن كېيىن يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھېكمەتكە تولغان سۆزلىرى ھازىرغىچە قىممىتىنى يوقاتماي پۈتۈن دۇنيا ئەللىرى ئىچىدە گۆھەردەك چاقناپ تۇرماقتا. شۇ گۆھەردەك سۆزلىرى ھاياتنىڭ مەناسىنى ئاڭلاتماقتا، ئىنسانىيەتكە ئىنسانلىقنى ئۆگەتمەكتە، ھاياتنىڭ نە قەدەر گۈزەللىكىنى تونۇتماقتا، قاراڭغۇلۇقنى ئايدىڭلىتىپ، بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتمەكتە.

شۇ گۆھەردەك نۇر چېچىپ تۇرغان سۆزلىرىنىڭ ئىچىدە ماڭا ئەڭ ياقىدىغانلىرى تۆۋەندىكى يەتتە جۈملىسىدۇر:

1. سېخىيلىق ۋە ياردەم سۆيەرلىكتە ئاقار سۇدەك بول.
2. شەپقەت ۋە مەرھەمەتتە قۇياشتەك بول.
3. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشتا كېچىدەك بول.
4. غەزەپ ۋە ئەسەبىلىكتە ئۆلۈكتەك بول.
5. كەمتەرلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈكتە تۇپراقتەك بول.
6. خۇش مۇئامىلىدە دېڭىزدەك بول.
7. يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن ياكى كۆرۈنگىنىڭدەك بول.

## 1. سېخىيلىق ۋە ياردەم سۆيەرلىكتە ئاقار سۇدەك بول

خەسىسلىك مال-دۇنياغا ھېرىسمەنلىك بولۇپ ئادەمنىڭ قەلبىنى، كۆزىنى قارارتىدۇ ۋە روھىنى كىرلىتىدۇ. سېخىيلىق، مەرتلىك ئاقار سۇدەك. خۇددى ئاقار سۇ دائىم ھەرىكەت ھالەتتە بولغانلىقى سەۋەبىدىن بارلىق پاسكىنىچىلىقلارنى ئېقىتىپ، پاك، سۈپسۈزۈك تۇرغىنىدەك سېخىي ئادەمنىڭ روھى ھەر ۋاقىت پاكلىقىنى ساقلاپ تۇرىدۇ، قەلبىدە ئەسكىلىكنىڭ زەررىچىلىرىمۇ قالمايدۇ.

مەرت كىشىلەر «ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر» (زارىيات سۈرىسى 58-ئايەت) دېگەن ئايەتكە ئەگەشكەن ھالدا ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، تېرەن ۋە تەۋەككۇل چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغانلىقىدىن يۈرەكلىرى پاك ۋە كۆڭۈل-كۆكسى بايدۇر. ئۇلۇغ دىنىمىز ئىسلامدا سېخىيلىقنىڭ دەرىجىسى بەكمۇ يۇقىرى بولۇپ ھەتتا جىھات بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ياردەملىشىشى ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تۈپ كاپالەتكە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ قارايدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىسلەردە ھەمدە ئىسلام تارىخىدا بۇ توغرىسىدا قەيت قىلىنغان نۇرغۇن ئايەت، ھەدىس ۋە ھېكايىلەردىن ئۆرنەكلەر بار.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ 245-ئايىتىدە مۇنداق بۇيرۇيدۇ:

كىمكى ئاللاھقا قەرز ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە يۈز ھەسسىگىچە كۆپ قايتۇرىدۇ...

ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر، ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت

كۈنى ئۆلارنىڭ بويىنىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ...(ئال ئىمران سۈرىسى 180 ـ ئايەت)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە «خوشنىسى ئاچ تۇرۇپ توق ياتقان بىزدىن ئەمەستۇر» دەپ خىتاب قىلىدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى ئۆزىنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنى مەرتلىك بىلەن سەرپ قىلىپ مۇسۇلمان بولغان قۇللارنى سېتىۋېلىپ قۇللۇقتىن ئازات قىلىدۇ. بۇ توغرىسىدا ئىسلام تارىخىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇسۇلمان قۇللارنى خوجايىنلىرىدىن دېگەن باھا بويىچە سېتىۋېلىپ، قۇللۇقتىن ئازات قىلغانلىقىنى كۆرگەن دادىسى ئوسمان ئەبۇ كۇھافە ئوغلىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئوغلۇم، قارىسام بەكمۇ ئۆلەرمەن قۇللارنى ئېلىپ ئازات قىلىۋاتىسەن! ھامان ئازات قىلغاندىكىن كۈچلۈك، قاۋۇللىرىنى تاللاپ ئازات قىلساڭ، ئەڭ بولمىغاندا سېنى قوغداشقا بولسىمۇ يارايدۇ ئەمەسمۇ.»

دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىسلامنىڭ بىرىنچى خەلىپىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى مۇنداق جاۋاپ قايتۇرىدۇ: «جېنىم دادا! مەن بۇ ئىشلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈنلا قىلىۋاتىمەن.» ئۆز ۋاقتىدىكى مۇسۇلمانلار ئەنە شۇنداق پىداكار، مەرت كىشىلەردىن ئىدى.

جالالىدىن رۇمى ياشىغان دەۋرلەردە ئاناتولىيەدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. غەرپتىن خرىستىيانلارنىڭ تەھتىدىگە ئۇچراپ، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشلىرىدىن كېيىن ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئەمدى «ئۇھ» دېيىشكە شەرقتىن موڭغۇللارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا دۇچ كەلگەنىدى. ئۈزلۈكسىز دەۋر ئاتلاپ داۋام قىلغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. ئەنە شۇ قىيىن تارىخىي شارائىتتا جالالىدىن رۇمى

«سېخىلىق ۋە ياردەم سۆيەرلىكتە ئاقار سۇدەك بول» دەپ خەلققە خىتاب قىلىپ ۋە ئۆزى ئۆلگە بولۇپ خەلقنى ئۆز ئارا ياردەملىشىشكە چاقىرىدۇ. بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، خەلقنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. دېمىسىمۇ ئەينى چاغدا ئاناتولىيە خەلقى ئۆز ئارا ياردەملىشىش نەتىجىسىدە قىيىن كۈنلەرنى بېشىدىن ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ، موڭغۇللارنىڭ بالاسىدىن قۇتۇلۇپ، قايتىدىن تىرىلىپ دۇنياغا 500 يىلدىن ئارتۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان شانلىق ئوسمانلى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

جالالىدىن رۇمى «مەسنەۋى»دە مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىتىدۇ:

بىر زامانلاردا دارۋان دېگەن شەھەردە ياشايدىغان يېتىشكەن، ئەقىللىق، باشقىلارنى ئويلايدىغان، ئېسىل مىجەزلىك ياخشى بىر باي كىشى ئۆتكەن ئىكەن. بۇ باي ئەتراپىدا ياشايدىغان بارلىق يوقسۇل كىشىلەرگە كۆپ ياردەم قىلىدىكەن. ھەرقانداق قىيىنچىلىققا يولۇققان كىشى بۇ ساخاۋەتچى مەرت ئادەمنى ئىزدەپ كېلىدىكەن. بۇ ياخشى نىيەتلىك كىشى ھەرقانداق مۇھتاجلىقتا قالغان كىشىگە باشپانا بولىدىكەن. باي باغلىرىدىن، تېرىلغۇ يەرلىرىدىن چىققان ھوسۇلنىڭ ئوندىن بىرىنى يوقسۇللارغا تارقىتىدىكەن. ھەمدە بۇغداينى سامىنىدىن ئايرىپ، تۈگمەندە تارتىپ، ئۇندىن مىزىلىك نانلارنى يېقىپ تارقىتىدىكەن. قانداق ھوسۇل ئالسا ئۇنىڭ ئوندىن بىرىنى يوقسۇللارغا بېرىدىكەن، بۇنى يىلدا تۆت قېتىم تەكرارلايدىكەن. بۇ ئەھۋالدىن باينىڭ بالىلىرى نارازى ئىكەن. ئۇلار دائىم «دادىمىزنىڭ كالۋالىقىدىن نۇرغۇن ماللىرىمىز بىكاردىن بىكارغا گادايلارنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ ۋايسايدىكەن. ئەمما ئۇلار ئالغان ھوسۇلنىڭ بەرىكىتىنى كۆرمەيدىكەن. بۇ ھالنى سەزگەن باي بالىلىرىغا ئۆزىدەك قىلىشنى نەسىھەت قىلىپ، تەربىيە بېرىدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ساخاۋەتچى بالىلىرىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەندىن كېيىن سىلەر ھەرگىز ئاچكۆزلۈك قىلىپ، يوقسۇللارنىڭ ھەققىگە كۆز تىكمەڭلار. ئۇلارغا قىلىدىغان ياخشىلىق ھەرگىز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. شۇنداق قىلساڭلار ئالغان مەھسۇلاتنىڭ بەرىكىتىنى رەببىم ھەسسىلەپ بېرىدۇ. مەھسۇلاتمۇ، مېۋىلەرمۇ ھەممىسى غايىپ ئالەمدىن، ھەممىنى بەرگەن تەڭرىدۇر. ئاز يەپ كۆپ ياخشىلىق قىلىڭلار. تەڭرىنىڭ بەرگىنىڭلاردىن كۆپ بېرىدىغانلىقىدىن ھېچ گۇمان قىلماڭلار. ئەڭ يامىنى قەھەتچىلىكتىن تەڭرى ساقلىسۇن.»

بۇ ھېكايىدا ھەزرىتى مەۋلانا ئادەملەرنى سېخىي بولۇشقا، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىققا، شۈكۈر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى دەيدۇ:

ئالتۇن-كۈمۈش ھېرىسمەنلىكى ئېشەكنىڭ يېغىرىغا ئوخشايدۇ. ھەر كىمنىڭ ھېرىسمەنلىكى ئۈستۈن بولسا، ئۇنىڭ يېغىرىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئېشەكنىڭ يېغىرىغا ئۇرساڭ چىچاڭشىيدۇ. ئادەممۇ بۇنداق چىچاڭشىشتىن ساقلىنىشى لازىم.

مەرتلىك يوقسۇلغا مۇھتاج، يوقسۇل ئۇنىڭغا.

يوقسۇلغا مەرتلىك قىلغانىنىڭ گۈزەللىكى ئاشىدۇ.

يوقسۇلنىڭ كۆڭلى سېخىينىڭ ئەينىكىدۇر.

ھەق يولىدىكىلەر مەرت كېلىدۇ.

تارىختا ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئاناتولىيەدىكى قېرىنداشلاردەك ئۆز ئارا ياردەملىشىش، بىر ناننى تۆتكە بۆلۈپ تەڭ يېيىش نەتىجىسىدە بۈگۈنكى كۈنلەرگىچە ئامان-ئېسەن ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقتا. ئەجداتلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى قەلبىدە چىڭ ساقلىماقتا.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەيلاسوپى فارابى مۇنداق دەيدۇ:

ئــۆز ئـــارا ياردەملىشـــىپ، بەختكـــە ئېرىشىشـــنى مەقســـەت قىلىــپ بىرلەشــكەن كىشــىلەرنىڭ شــەھەرلىرى پەزىلەتلىــك شــەھەر ھېســابلىنىدۇ، ئــۆز ئــارا ياردەملىشــىپ بەختكە ئېرىشىشــنى مەقســەت قىلغــان كىشــىلەر جەمئىيىتــى پەزىلەتلىــك جەمئىيــەت ھېســابلىنىدۇ. ئــۆز ئـــارا ياردەملىشـــىپ بەختكـــە ئېرىشىشـــنى مەقســـەت قىلغـــان شــەھەر خەلقلىــرى پەزىلەتلىــك ھېســابلىنىدۇ. ئەگــەر بارلىــق خەلــق بەختكـــە ئېرىشـــىش ئۈچـــۈن ئـــۆز ئـــارا ياردەملىشىشـــنى يولغـــا قويســـا، پۈتـــۈن زېمىنـــدا ئوخشاشـــلا پەزىلەتلىـــك تىكلىنىـــدۇ.

ئۇيغـــۇر خەلقىنىـــڭ ئۇلـــۇغ مۇتەپەككـــۇرى يۈســـۈپ خـــاس ھاجىــپ «قۇتادغۇبىلىــك» ناملىــق ئەســىرىنىڭ 950 ـ 948 بېيىتلىرىدا بـــۇ توغرىســـىدا مۇنـــداق دەيـــدۇ:

خىزمـــەت قىلمـــا، ئەگـــەر قىلســـاڭ ســـېخىينىڭ خىزمىتىنـــى قىـــل.

بىلگىنكى، سېخىينىڭ ئۆيى ئالتۇن، ئىشىكى كۈمۈشتۇر.

ئەي خىزمەت قىلغۇچى، خەسىسكە خىزمەت قىلما،

بولمىسا ئۆمرۈڭ زايە كېتىدۇ، ئۆزۈڭ يامان بولىسەن.

خەسىس ئۆز نەرسىسىنى ئۆزىدىن ئايايدۇ،

ئېيتقىنچۇ، قانداقمۇ باشقىسىنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ؟

سېخىي دېيىشىدۇ، سېخىي دېگەن كىم؟

ســـېخىي جېنىنـــى پىـــدا قىلىـــپ، كىشـــىنىڭ ھەققىنـــى ئـــادا قىلغۇچـــىدۇر

(6105 ـ بېيىت)

ئالتۇن ـ كۈمۈش ئۆلەشتۈرسىلا سېخىي بولىۋەرمەيدۇ،

سېخىي جېنىنى خەلققە پىدا قىلغۇچىدۇر.

(6106 ـ بېيىت)

فۇرقان سۈرىسى 67 ـ ئايەت: «ئۇلار يەنى (ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرھال خىراجەت قىلىدۇ.»

سېخىيلىق ئىنساندىكى ئەڭ ئېسىل پەزىلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قىلچە ئويلىماي، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن قىلىش دېمەكتۇر. سېخىيلىق خۇددى ئېقىن سۇدەك ئۈزلۈكسىز ئېقىپ، بارلىق ئەسكىلىكلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، قاغجىراپ كەتكەن ئىككى قىرغاقنى ياپيېشىللىققا، گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدىغان گۈللەرگە پۈركىمەكتۇر!

## 2.شەپقەت ۋە مەرھەمەتتە قۇياشتەك بول

ئىنسان سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئارقىلىق يۈكسىلىدۇ.

مېھرى ـ شەپقەت دېگەنلىك جانلىق بىر مەۋجۇدىيەتنىڭ شەيئىلەرگە بولغان كۆڭلىدىكى يېقىملىق تۇيغۇسى ۋە يېقىن بىر مۇناسىۋەت قۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆڭۈلدىكى سۆيگىگە تولغان ھېس. شۇڭا شەپقەت ۋە مەرھەمەتلىك بولغان ئادەم قۇياشتەك ئىللىق بىر قەلبكە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ كۆڭلى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان بولىدۇ.

ئىنسان ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن مۇكەممەل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلىپ يارىتىلغان كائىناتتىكى ئەڭ شەرەپلىك بىر مەۋجۇداتتۇر. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ روھى ۋە بىلىش ئىقتىدارى بىلەن ھايۋانات دۇنياسىدىن سۈپەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئارقىلىق يۈكسىلىدۇ.

ئۇلۇغ تەڭرى ئىنساننى تەبىئەتكە مۇھەببەت بىلەن باغلىق قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئادەمنىڭ لىبىغا سۆيگۈسىنى قوشۇپ تۇرۇپ ئەتكەن ۋە شۇ سۆيگۈگە تولغان مەۋجۇتلۇقنىڭ بىر پارچىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ، بۇنىڭدىن ھاۋا ئانىنى بۇ دۇنياغا

ئاپىرىدە قىلغان. ئاندىن ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى سۆيگۈ بىلەن بىرلەشتۈرگەن. ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھەزرىتى ھاۋا ئانىنىڭ ساپ سۆيگۈسىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇڭا بۇ ئالەمنىڭ يارىتىلىشىنىڭ مەنبەسى سۆيگۈ-مۇھەببەت ۋە ياخشىلىق. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق.» (ئەنبىيا سۈرىسى 107-ئايەت) دەپ خىتاب قىلىپ، ئىنسانلارغا مەرھەمەت، ياخشىلىق، سۆيگۈنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتكەن.

ھەزرىتى مەۋلانا جالالىدىن رۇمىي «دىۋانى كەبىر» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ھەزرىتى مۇھەممەدكە ئاللاھ «سەن بولمىغان بولساڭ كۆكلەرنى ياراتمايتتىم» دەپ، نېمە ئۈچۈن دېدى؟ بىلگىنىكى، تاللانغان ئەھمەد ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئاشىقنىڭ جەۋھىرى ئىدى. كۆك ئاشىقنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. بۇ پىرقىراۋاتقان قۇببە ئاشىقلار ئۈچۈن يارىتىلغان. ھەرگىز يا ناۋايلار، يا تۆمۈرچىلەر ياكى ئوتاقچىلار ئۈچۈن يارىتىلمىغان» دەپ يېزىش ئارقىلىق بۇ دۇنيادا ئاشىقنىڭ، سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ، ياخشىلىقنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلىقىنى ئەنە شۇنداق پاساھەتلىك سۆز ئىبارىلەر ئارقىلىق شەرھلەيدۇ.

ئىنسان بۇ كائىناتتا ئەڭ ئۇلۇغ مۇكەممەل بىر مەۋجۇدات بولغانلىقى ئۈچۈن سۆيگۈگە ئەڭ لايىقمۇ يەنە شۇ ئىنساندۇر. ئادەم ئالدى بىلەن سۆيۈشنى ئۆزىدىن باشلىشى كېرەك. ئۆزىنى سۆيگەن، ئۆزىنى ھەقىقىي مەنىدە تونۇپ يەتكەن ئىنسان ئاندىن باشقىلارنى سۆيىدۇ. ئۆزىنى سۆيگەن، ئۆزىنى بەختلىك قىلىپلا قالماي ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ بەختلىك قىلىدۇ. گۈللۈك باغ گۈل پۇراپلا قالماي، يەنە ئەتراپىدىكى بارلىق يوللارغا گۈلنىڭ مىزىلىك ھىدىنى چاچىدۇ.

ئادەم ئۆزىنى سۆيگەندىن كېيىن جۆرىسىنى، بالا-چاقىسىنى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى، ئەتراپىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى

جۈملىدىن ئۆزى ئائىت بولغان قەۋمنى ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى سۆيىدۇ. بۇ ئارقىلىق بۇ ئالەمنى ۋە كۆكنى سۆيىدۇ. ئاخىرى تاكامۇللاشسا ئاللاھقا ئاشىق بولىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۆز ئارا ياردەم، دوستلۇق بىلەن تەرەققى قىلىدۇ. سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن گۈللەپ ياشنايدۇ. ياردەم قىلغان ياردەمگە ئېرىشىدۇ. دوستلۇق قولىنى ئۇزاتقان دوستقا ئىگە بولىدۇ. سۆيگەن سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇنداق ئىنسانلار بۇ دۇنيادا مەڭگۈ بەختلىك ياشايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشى بىر-بىرلىرى بىلەن ئۆز ئارا چىن كۆڭلى بىلەن باغلانغانلىقتىن، بىر-بىرىنى توغرا چۈشەنگەنلىكتىن مەيدانغا كېلىدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئارا سەممىي يېقىنلاشقاندا ۋە بىر مەسىلە ئۈستىدە ھەمكارلاشقاندا توغرا بىر نىيەت، ساپ روھ بىلەن ئۆز ئارا بىر بىرىنى قوللىشى، ئۆز ئارا چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئارقىلىق بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە ئىش قىلالايدۇ.

روھلۇق ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى ھەر ۋاقىت سۆيگۈگە تولغان بولىدۇ. چۈنكى روھ سۆيگۈ بىلەن راۋان نەپەس ئالىدۇ. سۆيگۈ بىلەن يېتىشكەن روھ ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئورنىنى تىكلەيدۇ.

ئاشۇ قىممەتلىك روھ بىلەن ئېلىپ يۈرگەن سۆيگۈ-مۇھەببەت ئىنساننى ئىنجادىيەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سۆيگۈ ئىنسانلارغا تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان ئەڭ ئۇلۇغ نىمەتتۇر. بۇ نىمەتنى يەنە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىتىدىغان يەنە شۇ ئىنساندۇر.

ئەمما بۇ دۇنيادا سۆيگۈدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ نىمەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلمەيدىغان قابىلدەك نانكۆرلەر ناھايىتى نۇرغۇن. دۇنيادا سۆيگۈسىز، روھى نەپرەتكە تولغان زەئىپ روھلۇق ئىنسانلارنىڭ سەۋەبىدىن ھەر كۈنى ھەر يەردە

بىر قانلىق ۋەقە ياكى ئۇرۇش يۈز بەرمەكتە. مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار، سەبى باللار ناھەق قۇربان بولماقتا. ياخشى نىيەتلىك، ساپ روھلۇق ئىنسانلارنىڭ نورمال هايات پائالىيەتلىرى تەھدىتكە ئۇچرىماقتا. بۇ دۇنيانىڭ ئۆمرى قابىللارنىڭ قانلىق قولى بىلەن گۇمران بولماقتا.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەيلاسوپى فارابى مۇنداق دەيدۇ:

بارلىق ياخشىلىقلار هەربىر كىشىنى بەختلىك قىلىشتىن هالقىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش، پۈتكۈل ئىنسانىيەت بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا هەسسە قوشىدۇ.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

قايسى ئەلنىڭ بېگى ياخشى ۋە توغرا بولسا،
شۇ ئەلنىڭ خەلقى بېيىدۇ، كۆڭلى تۇغىدۇ.

(5544 ـ بېيت)

بۇ دۇنيانىڭ مال ـ دۇنياسى هەممىسى قالىدۇ،
ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ ياخشى نامىڭ قالسۇن.
بۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ بىلىم ياخشى سۆزلىگەن،
سۆز مەنىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئوخشىتىپ شۇنداق دېگەن:
ئۆزۈم ئۆلسەممۇ ئۆلەي، نامىم ياخشى بولسۇن،
تىرىك ئاخىرى ئۆلىدۇ، نامىم قالسۇن.
تىرىشىپ ياخشىلىق قىلغىن، ياخشى نام ئىزدە،
ياخشى نامىڭ بىلەن مەڭگۈ تىرىك قال.

(5605 ـ 5608 ـ بېيت)

پايدىلىق كىشى كىشىلەرنىڭ سەرخىلىدۇر،
مېھرىبان كىشى بولسا كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغىدۇر.

(6102 ـ بېيت)

جالالىدىن رۇمى بىرگە سۆيگۈ-مۇھەببەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

سۆيگىنىڭلارغا گۈل بېرىڭلار، گۈل بولمىسا تەبەسسەم.

كىم ياخشى كۆرۈشنى بىلسە، ئۆزىمۇ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ھەر ۋاقىت قەلب پەيزى بىلەن قارىغان كۆز، روھنىڭ ھوزۇرى بولغان ئىلاھىي ئاشىققا باقىدۇر.

كىمنىڭ كۆڭۈل ئىشىكى ئېچىلسا، ئۇنىڭ كۆڭۈل تۆرىسىدە مىڭ قۇياش چاقنايدۇ.

ياخشى ئىنسانلار مەرھەمەت سۇيىنىڭ بۇلىقى. ئابىھايات بولسا ئىھسان ئىگىلىرىنىڭ روھىدۇر.

مۇھەببەت ئاچچىقنى تاتلىق قىلىدۇ. چۈنكى مۇھەببەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلىماقتۇر. غەزەپ-نەپرەت تاتلىق نەرسىنى ئاچچىق قىلىپ، ئادەم تۇرمۇشىنى زەھەردەك قىلىدۇ. شۇڭا تاتلىق بىلەن ئاچچىق قانداقمۇ بىرگە بولالىسۇن؟

سۆيگۈ-مۇھەببەت كۆڭۈلدە يېتىشىپ يۈكسەلگەنسېرى ئادەم شەكىلۋازلىقتىن ئازات بولىدۇ. سۆيگۈ-مۇھەببەتنى ئىزھارلاشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ نۇرى پۈتۈن كائىناتنى قاپلىغان بولىدۇ.

سۆيگۈ-مۇھەببەت جالالىدىن رۇمى تەپەككۇرىنىڭ مەركىزىدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا تېمىلاردا داۋاملىق تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقىنىمىزدەك جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى سۆيگۈ مۇھەببەت ئىرق، دىن، جىنسىيەت ۋە سىنىپ ئايرىمايدىغان بارلىق ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان، قۇياشتەك ئىللىق سۆيگۈ-مۇھەببەتتۇر. شۇڭا جالالىدىن رۇمىنىڭ پىكىرلىرى، ئىدىيەلىرى بۈگۈنگىچە قۇياشتەك پارقىراپ تۇرماقتا.

## 3.باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشتا كېچەدەك بول

ئادەم هاياتىدا خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ، بەزىدە گۇناھلارنى ھەتتا جىنايەتلەرنى سادىر قىلىدۇ. بەزىدە بۇ خاتالىقلار سەۋەبىدىن هاياتىمىز زىندانغا ئايلىنىدۇ. شۇنداق چاغلاردا ئادەم نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالىدۇ. هاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزىدۇ. شۇنداق شارائىتتا ئادەمنى ئۈمىدسىزلىك زىندانىدىن تارتىپ چىقىرىش ئۈچۈن سۇنۇلغان بىر قولغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ئۇ كىشى يېڭى بىر هاياتلىققا مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ هاياتقا قايتىدىن ئۈمىد بىلەن قارايدۇ.

دىنىمىز ئىسلام پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بەختكە ئىگە قىلىش، تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئىچىدە خۇشال-خۇرام، خاتىرجەم ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن دىندۇر. يەنى بەختلىك هاياتنىڭ نىزامىدۇر. شۇڭا ئىسلام ئادەمنىڭ ئۆز ئانىسىدىن بەكرەك مەرھەمەتكە، سۆيگۈ-مۇھەببەتكە تولغان دىندۇر ۋە سەممىيەتلىك بىلەن گۇناھلىرىنى تۈۋا قىلغان ئادەمگە ناھايىتىمۇ ئەپۇچاندۇر، شەپقەتلىكتۇر. بۇ توغرىسىدا مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئاندا نۇرغۇن ئايەتلەر بار.

ئەئراف سۈرىسى 199-ئايەت:

«ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، نادانلار

بىلەن تەك بولمىغىن» دەپ بۇيرۇيدۇ ئۇلۇغ ئاللاھ.

ئال ئىمران سۈرىسى 134 ـ ئايەت:

تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار،(يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

شۇرا سۈرىسى 43 ـ ئايەت:

كىمكى سەۋرچان، ئەپۇچان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئىرادە باغلاپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر.

جالالىدىن رۇمىنىڭ بۇگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن نۇرغۇن نەسىھەتلىرىنىڭ بىرى باشقىلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ياپماقتۇر. باشقىلارنىڭ ئەيىپلىرىنى ئاچقان كىشى ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ ئەيىپلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەسلىدە ئەسكىلىككە ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ئەڭ ئېسىل ئادەملەرنىڭ گۈزەل پەزىلىتىدۇر. شۇنداق قىلغاندا ئۇ ئادەملەرنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرۈشكە ۋە تۈزۈتىشكە تېخىمۇ ياخشى ياردەم قىلغان بولىمىز. ئۇنداق ئادەملەرنى ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا زىيان بېرىشتىن ساقلايمىز.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

چېچىلاڭغۇلۇق، پەرىشانلىق، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا چىقىشالماسلىقى داۋاملىق پىتنە ـ پاساتتىن، ئىككى يۈزلىمىچىلىكتىن مەيدانغا كېلىدۇ. راھەت، ھوزۇر، بەختلىك ئىشلار ئىتتىپاقلىقتىن كېلىدۇ. بىر دۆلەتتە بىرلىك بولمىسا، ئۇ دۆلەت ۋەيران بولىدۇ.

ياخشى كۆرۈلمىگەن بىر ئادەمنىڭ قىلغان ھەممە ئىشى

يامـــان كۆرۈنـــدۇ ۋە ياخشـــى كۆرۈشـــكە مۇيەسســـەر بولغانلىـــڭ ھەممـــە ئىشـــى چىرايلىـــق كۆرۈنـــدۇ.

ئـــەي دوســـتلار، غەيۋەتلەردىـــن ۋاز كېچىـــڭلار. مۇھەققـــەق ئىســـتەك، ھـــەۋەس ئەرلەرنىـــڭ ئاجىـــز نۇقتىســـى. بۇلاردىـــن ھـــەزەر ئەيلـــەڭ.

ئاچكۆزلـــۈك، خۇيـــى پىتنە ـ پاســـات بولغانلىڭ ئۆزىمـــۇ ئوغرى. ئـــۇ ھـــەر ۋاقىـــت باشـــقا بىـــر خىيـــال، باشـــقا بىـــر قىياپـــەت بىلـــەن ئوتتۇرىغـــا چىقىـــپ ئوغۇرلـــۇق قىلىدۇ.

ناچار كۆزنىڭ داۋاسى ياخشى كۆز.

بەدەنگـــە چوقۇنغـــا ئاشـــۇ بەندىلىرىڭنـــى ئەپـــۇ قىـــل. ئەپۇچان دېڭىزنىـــڭ ئەپۇســـى ناھايىتـــى مۇۋاپىـــق بىر ئىشـــتۇر.

خەلقنـــى دەريـــادەك، ســـەلدەك ئەپـــۇ قىـــل. يۇيـــۇپ تازىـــلا. دېڭىزغـــا باشـــلاپ پاكىـــزلا.

ئـــادەم ھـــەر ۋاقىـــت خاتالىـــق ســـادىر قىلىـــپ تۇرىـــدۇ. بـــۇ خاتالىقـــلار ئەپـــۇ قىلىنمىســـا، ئادەملـــەر ئارىســـىدا ئـــۆز ئـــارا دىئالوگ مەۋجـــۇت بولمايـــدۇ. بۇنىـــڭ بىلـــەن جەمئىيەتتـــە ئۆچمەنلىـــك، ئىنتىقـــام، ئـــاداۋەت، غەزەپ ـ نەپـــرەت، زالىملىـــق ھۆكـــۈم ســـۈرىدۇ. بۇنـــداق بىـــر جەمئىيەتتـــە ھەرقانـــداق ئـــادەم بەختلىـــك بولالمايـــدۇ. خاتىرجـــەم تۇرمـــۇش ئۆتكۈزەلمەيـــدۇ. بۇنـــداق بىـــر جەمئىيـــەت ئاللاھنىـــڭ لەنەتلىشـــىگە ئۇچرايـــدۇ. ئـــۆزارا دىئالـــوگ بىلـــەن ئادەملـــەر بىر ـ بىـــرى بىلـــەن چۈشىنىش ھاســـىل قىلىـــدۇ. بىـــر ـ بىرىنـــى ئەپـــۇ قىلىـــش ئارقىلىـــق خاتىرجەملىككە ئېرىشىـــدۇ. ئەپۇچان ئـــادەم تاتلىـــق تىللىـــق، يۇمشـــاق مىجەزلىـــك بولىـــدۇ. ياخشـــى ســـۆز تاشـــنىمۇ ئېرىتىـــدۇ، ياخشـــى ســـۆز يىلاننىمـــۇ ئۇۋىســـىدىن چىقىرىـــدۇ.

ئۇيغـــۇر خەلقىنىـــڭ ئۇلـــۇغ مۇتەپەككـــۇرى يۈســـۈپ خـــاس

هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

تىلەك ـ ئارزۇلارغا تولا ئىنتىلمە، هاۋايى ـ ھەۋەسنى يىغ،

كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلما، تىلىڭنى كېكەچ قىل.

(6118 ـ بېيت)

كىشىلەرگە نان ـ تۇزۇڭنى مول تۇت، يېدۈرۈپ، ئىچكۈزگىن،

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئاچما، ئۇنى يوشۇرغىن.

(1328 ـ بېيت)

تەسەۋۋۇپ ۋە كۆڭۈل ئەرەنلىرىنىڭ پىشۋاسى ئىبنى ئەرەبى مۇنداق دەيدۇ:

ئادالەتتىن ئايرىلما. سوراقتا تارتىلىشىڭنى ئالدىدا ئۆزۈڭنى بىر تارازىغا سېلىپ، دەڭسەپ باق. تەۋۋا قىل. كىشىنىڭ ھەققىنى يېمە. سالامەتلىكىڭنىڭ ۋە ۋاقتىڭنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىل. ھەممە نەرسىنى ئەھلىدىن سورا. زىكرىنى ئاغزىڭدىن چۈشۈرمە.

دۆلەت رەھبەرلىرىنى ھاقارەت قىلما. مەخپى پاراڭلىرىنى ئوغرىلۇقچە ئاڭلىما.

ھېچكىمنىڭ ئەيىپلىرىنى ئاچما. جاھىللىق قىلىپ گۇناھ ئۆتكۈزمە.

ئۈچ نەرسىدىن قورق: ئاللاھتىن، نەپسىڭدىن ۋە ئاللاھتىن قورقمىغاندىن قورق.

دائىم شۈكۈر قىل.

مەخپىي سۆزلەرنى ئاڭلىما.

ھەممە چۈشىنەلەيدىغان ھالەتتە سۆزلە.

بىلمەستىن ھەرىكەت قىلما.

سەۋرچانلىق بىلەن ۋە ناماز قىلىپ تۇرۇپ ھەقتىن ياردەم تىلە.

ئۆيلەرگە رۇخسەتسىز كىرمە.

مېھماننى ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئال.

ۋەزىپەڭنى بىلىپ، جايىدا ئورۇنلا.

ساۋاپلىق ئىشلارنى يوشۇرۇن قىل. مەخپىي قىلىنغان ساۋاپلىق ئىشلار ئىخلاسمەنلىكنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىپادىسىدۇر.

ئاز يەپ، ئاز ئۇخلا ۋە ئاز گەپ قىل.

ياخشى نىيەتلىك بول.

پالچىلارغا ئىشەنمە.

ھەممە ئىشتا ئىسراپخورلۇق قىلما.

ھېچكىمنىڭ ئەيىپلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمە.

سىر ساقلاشنى بىل.

خەسسلىق قىلما.

كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىنىڭ ئۈستىنى ياپ.

دېمەك مانا ماشۇ گۈزەللىكلەرگە يەلكەن ئاچقان ئادەم بەختلىك بولىدۇ. مۇشۇنداق ئادەملەر خەلق ئىچىدىكى ھەقىقىي پەزىلەتلىك ئادەملەردۇر. مۇسۇلماندەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەمەس، مۇسۇلماندەك بولۇش ۋە ھەقىقىي ئىنساندەك ياشاش ئۈچۈن ياشاش مۇھىمدۇر. باشقىلارغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئەمەس، توغرا نىيەت بىلەن خالىس بولۇش مۇھىمدۇر.

## 4.غەزەپ ۋە ئەسەبىلىكتە ئۆلۈكتەك بول

غەزەپ ئادەتتە ئادەمنىڭ پىكىرلىرى، ئېھتىياجلىرى ۋە ئارزۇلىرى قارشى بىر كۈچنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغاندا بۇنىڭغا قارشى مەيدانغا كەلگەن ئاچچىقلىنىش، غەزەپلىنىش، ھۇجۇم قىلىشتەك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان خۇيدۇر. ئادەم مانا ماشۇ خۇي ئارقىلىق قىلىۋاتقان نۇرغۇن ئىشقا بىلىپ-بىلمەي زىيان سالىدۇ. بۇ زىيان ھەم ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا بولىدۇ. مىجەزى ئىتتىك، تەرسا ئادەملەر داۋاملىق كىچىككىنە ئىشلارغا دەرھال غەزەپلىنىپ ئەسەبىلىشىپ كېتىدۇ. ئالدىغا ئۇچرىغان، قولىغا چىققان نەرسىلەرنى ئېتىپ چېقىپ بىردەمدىلا ئەتراپىدىكى چىمەنزارلىقنى پېتىقلىۋېتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ماددىي جەھەتتىن زىيان بېرىپلا قالماي يەنە روھىي جەھەتتىن ناھايىتى كۆرۈنەرلىك زىيانلارنى ئەكىلىدۇ. ھەتتا بۇ دەرھال قوزغالغان غەزەپ بىلەن يۈرەك كېسەللىرى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس. بەزىدە بۇ غەزەپ-نەپرەتتىن ئىبارەت بۇ ناچار تۇيغۇ ئىزنالىرىنىڭ جۇغلىنىشى ئىنسانلاردا ئىنتىقام تۇيغۇسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەمدە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىدىغان بەختسىز بىر ھايات مەيدانغا كېلىدۇ. ئۆزىنىڭ گۈزەل ھاياتىنى ئۆزى زەھەر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جالالىدىن رۇمىي بىزگە «غەزەپ ۋە ئەسەبىلىكتە ئۆلۈكتەك بول» دەپ نەسىھەت قىلغان. چۈنكى ئۆلۈك باشقىلارغا زىيان سالالمايدۇ. ئۆلۈك باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتەلمەيدۇ. شۇڭا بىز تىرىككەن ۋاقتىلىرىمىزدا ئۆلۈكتەك سۈكۈنات ئىچىدە تۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

سەرۋچان ئادەملەر ھەر ۋاقىت ئۆزىنى بېسىۋالغان بولىدۇ. ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىش قىلمايدۇ. ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان، مەنمەنچى كىشىلەر كۆپرەك باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئاددىي بىر ئىشلاردىمۇ باشقىلارغا دەرھال گەپ ياندۇرۇپ، قوپاللىق قىلىپ سىلكىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىدۇ.

بۇنىداق ئادەملەر ئەسلىدە ئۆزىگە زىيان بەرگۈچىلەردۇر. بىز ھەم ئۆزىمىزگە ھەم باشقىلارغا زىيان بەرمەسلىك ئۈچۈن ھەر ۋاقىت سەۋرچان، كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

غەزەپ بورانغا ئوخشايدۇ. بىردەمدىن كېيىنلا توختايدۇ. ئەمما بىرمۇنچە تاللارنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ.

كۆڭۈل ئېلىشنى ئۆيلىساڭ، سۆيگۈنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ.

جەننەتكە كىرىشنى ئۆيلىساڭ، يوللارغا تىكەن تېرىشتىن ۋاز كەچ.

ئۇلۇغ مۇتەسەۋۋۇپ ۋە شائىر يۇنۇس ئەمرە مۇنداق يازىدۇ:

ئەي خوجا، خالىساڭ مىڭ قېتىم ھەجگە بار،

ھەممىدىن ياخشىسى بىر كۆڭۈلنى ئالماقتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئىشتا غەزەپلىك بولما، ئاچچىقىڭنى باس،
ئەگەر ئاچچىق كەلسە، كېكەچ بولىۋال.
(5216 ـ بېيت)
سۆز ۋە ھەرىكىتىڭدە ھۇدۇقما، ئالدىراقسان بولما،
سەۋر قىل، سەۋر قىلغان كىشى مۇلايىم دېيىلىدۇ.
(5219 ـ بېيت)
ئەگەر بەگلەرنىڭ خۇي پەيلى يامان بولسا،
يامانلار كۆپىيىدۇ، ياخشىلىقنى يوقىتىدۇ.

(5226 ـ بېيت)

ئەگەر ئاچچىقلىق كەلسە، ئۆزۈڭنى تۇت، سەۋر قىل،
سەۋرلىك كىشىنىڭ ئاقىۋىتى شاتلىق بولغۇسىدۇر.

(1317 ـ بېيت)

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كىشىلەر ئۆز ئارا دىئالوگ ئارقىلىق ئىتتىپاق، ئىناق بىر گۈزەل غايىۋى جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى نەپرەت، ئەسەبىلىك، ئىنتىقام قاتارلىق ئىللەتلەردىن ئۆزىنى ئازات قىلىشى لازىم. بۇ غايىگە يېتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى چوقۇم سەۋر قىلىشنى بىلىش، كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ بولۇشى لازىم.

جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

سۆيگۈنىڭ يەنە بىر ئىسمى سەۋر.

ئەسكى خۇيىنى ئۆزىگە يۇقتۇرمىغان ئادەم، زىنتغا بىر ئىش بولسىمۇ تىرىكمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ.

ئادەم غەزەپ ۋە ئەسەبىلىكنى يېڭىش ئۈچۈن سەۋر قىلىشى لازىملىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئالاھىدە تەۋسىيە قىلغان. بۇ تەۋسىيەنى مەۋلانا ھەزرەتلىرىنىڭ تۆۋەندىكى ھېكايىسى ئارقىلىق بىلىۋالايمىز:

بىر كۈنى ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ئالدىغا بىر ئادەم كېلىپ:

«ئوغلۇمنى ئۆيلەندۈرمەكچى ئىدىم. قانداق بىر قىزنى ئېلىپ بەرسەم مۇۋاپىق بولار؟» دەپ سوراپتۇ.

مەۋلانا: «كەمبەغەل بىرسىنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىر كۈنى يەنە بىر ئادەم كېلىپ:

«مەن قىزىمنى ياتلىق قىلماقچى ئىدىم، قانداق بىر كۈيئوغۇلنى تاللىسام بولار؟» دەپ سوراپتۇ.

مەۋلانا: «كەمبەغەل بىرسىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىل» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋە بۇ «كەمبەغەللىك»نى مۇنداق ئىزاھلاپتۇ:

بۇ كەمبەغەللىك شۇنداق بىر كەمبەغەللىككى پەيغەمبىرىمىز «كەمبەغەللىك مېنىڭ ئىپتىخارىمدۇر» دېگەن ھەمدە بۇ «كەمبەغەللىك ئەسلىدە سەۋردىن ئىبارەتتۇر» دەپ بىزگە نەسىھەت قىلغان.

جالالىدىن رۇمىنىڭ «غەزەپ ۋە ئەسەبىلىكتە ئۆلۈكتەك بول» دېگەنلىكى ئەسلىدە «سەۋرچان بول، ئەپۇچان بول» دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى گۈزەل تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىسىل سەنئىتى ۋە بەختلىك ھاياتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

## 5.كەمتەرلىكتە ۋە ئاق كۆڭۈللۈكتە تۇپراقتەك بول

ئادەمنىڭ كەمتەر ۋە ئاقكۆڭۈل بولىشى ئۇ كىشىنىڭ ئەخلاقلىقنىڭ بىر ئالامىتىدۇر.

كەمتەر كىشىلەر مەنسەپ، مال-دۇنيا، شۆھرەت ئالدىدا ئۆزىنى تۇتىۋالغان بولىدۇ. ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمايدۇ. بەلكى قولىدىكى ئىمتىيازلارنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا جالالىدىن رۇمى «تالنىڭ بېشى ئېگىك بولىدۇ» دەيدۇ.

ئاقكۆڭۈل ئادەم ياردەم سۆيەر بولىدۇ. ئەمما ئاق كۆڭۈللۈك مىسكىنلىكنى تەرغىپ قىلمايدۇ، ھەمدە ھەممە

نەرسىگە «بولىدۇ» دەۋەمەيدۇ.

جالالىدىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرىدىكى كەمتەرلىك ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بولسا تەكەببۇرلۇققا قارشى، كىبىرلىككە قارشى ئېيتىلغان سۆزدۇر. يەنە باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەسلىك، باشقىلار ئالدىدا ئەدەپلىك بولۇش، ياردەم سۆيەر بولۇشقا قارىتىلغان سۆزدۇر.

جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

باھارنىڭ تەسىرى بىلەن تاش يېشىللىققا چۆكەمتى؟ تۇپراق بولغۇنكى، سېنىڭدە رەڭمۇ ـ رەڭ چېچەكلەر ئېچىلسۇن.

يىللار بويىچە كۆڭۈللەرنى سۇندۇرغان، يۈرەكلەرگە ئەلەم سالغان تاش بولدۇڭ. ئەمدى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇندىن كېيىن تۇپراق بول.

ئۆزىنى ئۇلۇغلاش زەھەرلىك شارابقا ئوخشايدۇ. ئۇ شارابنى كالۋا ئادەم ئىچىپ مەس بولىدۇ. ئۇنىڭدا زەھەر بارلىقىغا ئىشەنمىسەڭ، قاراپ باققىن ئاد قەۋمى ئۇ زەھەر بىلەن قانداق ھالاك بولدى؟

ئۇلۇغلۇق يېنىۋاتقان ئۇلۇغ ئوتقا ئوخشايدۇ. ئۆزۈڭنى قانداقمۇ ئۇلۇغ ئوتقا ئاتىسەن؟

يەردە ياتقان ئادەمگە ئوق تېگەمدۇ؟ پەقەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرگەن ھامان ئوقنىڭ نىشانىغا ئايلىنىدۇ ئادەم.

كەمتەرلىك توغرىسىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك شائىرى تېيىپجان ئېلىيوپ مۇنداق شېئىر يازغان:

ئالما شاخلىرى ئېگىلىدىكەن،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،

سەتلىشىدىكەن غادايغانىسىرى.

بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

بۇ بەختكە مەغرۇرلانما، ئۇ كېلىدۇ ۋە يەنە كېتىدۇ،
بۇ دۆلەتكە ئىشەنمە، ئۇ بېرىدۇ ھەم ئالىدۇ.
(694 ـ بېيت)

ئايتولدى دېدى: مېنى باغلايدىغان كىشەن
بۇ بىرقانچە نەرسىدۇر، قارا ئۇلاردىن بەلگە بېرەي:

ماڭا ئېرىشكۈچىنىڭ مىجەزى كەمتەر بولۇشى،
كۆڭلى مۇلايىم، سۆزى يۇمشاق بولۇشى كېرەك.

ئۇ ئۆزىگە ئېھتىيات قىلىش، ھەرگىز چېكىدىن ئاشماسلىقى،
يامان، يارىماس ئىشلارغا يېقىن يولىماسلىقى كېرەك.

يىغقان مېلىنى ئۆز لايىقىدا ئىشلىتىشى،
قىلىقى، مىجەز ـ خۇلقىغا باپ ھايات كەچۈرۈشى كېرەك.
ئۆزىدىن چوڭلارغا خىزمەت كۆرسىتىشى،
ئۆزىدىن كىچىكلەرگە شېرىن سۆزلۈك بولۇشى،

مەغرۇرلۇق بىلەن كىشىنى كەمسىتمەسلىكى،
ئۆزىدىن كىچىكلەرنى زاڭلىق قىلىپ خارلىماسلىقى كېرەك.
(707 ـ 702 ـ بېيت)

جالالىدىن رۇمى «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەيدۇ:

تىلنىڭ گراماتىكىلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىغان بىر تىلشۇناس ئالىم كېمىگە چىقىپتۇ. بۇ تەكەببۇر تىلشۇناس ئۆزىنى ناھايىتى قابىلىيەتلىك دەپ ئويلايدىكەن، شۇ سەۋەپتىن

باشقا كىشىلەرنى ياراتمايدىكەن. كېمە چەكسىز دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا، تىلشۇناس كېمىچىنى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە:

«ھەي كېمىچى، سەن گىراماتىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

كېمىچى «ياق بىلمەيمەن، ھېچ ئوقۇمىدىم.» دەپتۇ.

تىلچى «ئىست، ئۆمرۈڭنىڭ يېرىمى بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كېمىچى خاپا بوپتۇ، تېرىكىپتۇ. ئەمما ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ھېچ گەپ قىلماپتۇ.

تۇيۇقسىزلا بوران چىقىپ، دېڭىز سۇلىرى دولقۇنلاشقا باشلاپتۇ ـ دە، كېمە خەتەر ئىچىدە قاپتۇ.

كېمىچى تىلچىغا «سۇ ئۈزۈشنى بىلەمسىز؟» دەپ سوراپتۇ.

تىلچى قورققىنىدىن تىترەپ تۇرۇپ «ئەي يىگىت، بىلمەيمەن!» دەپتۇ.

كېمىچى مۇنداق دەپتۇ: «ئەي تىلشۇناس ئالىم، ئۇنداقتا سېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىپتۇ! بىردەمدىن كېيىن كېمە چۆكىدۇ، سېنىڭ ئۇ بىلىملىرىڭنىڭ ھېچ بىرى كارغا كەلمەيدۇ.»

تىلچىنىڭ ھېكايىسى سىزگە يوق بولماسلىقنىڭ تىلىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن بىر دەرستۇر.

تەكەببۇرلۇق قىلىپ باشقىلارنى مەنسىتمىگەنلەر بۇ دۇنيانىڭ ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىنى بىلمىسە نېمە پايدا!

باشقىلارغا ھەسەت قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ كەمتەر بولۇشنىڭ، ئاقكۆڭۈل بولۇشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرىدۇر. ھەسەت قىلىش،

قىزغانچۇقلۇق قىلىش بىلەن ئادەملەر ھەم ئۆزىگە ھەم ئۆزگىگە زىيان بېرىدۇ. بىربىرلىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھاياتىدىكى ھوزۇر بۇزۇلىدۇ. بۇ توغرىسىدا جالالىدىن رۇمى مۇنداق دەيدۇ:

قۇل خوجايىنىغا زىيان بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنى تامدىن تۆۋەنگە ئېتىپتۇ ۋە ئۆلۈپتۇ. ئاغرىق ئادەم دوختۇرغا دۈشمەن بوپتۇ. بالا ئۆزىنى تەربىيەلەۋاتقانغا دۈشمەنلىك قىپتۇ. زىيان كىمگە؟

ھەقىقەتەن كېسەلمۇ، بالىمۇ ئۆزىنىڭ يولىغا ئۆزى تاش قويماقتا. ئەقىل ۋە جانىنىڭ يولىنى توسماقتا.

كىر يۇيغۇچى قۇياشقا تىرىكىدۇ. بېلىق دېڭىزغا ئاچچىقلايدۇ. قاراپ باق زىيان كىمگە؟ ئاخىرى بۇ ئۆچمەنلىكتىن كىمنىڭ بەختى قارا بولىدى؟

ئاللاھ سېنى سەت ياراتقان بولسا، ھۇشۇڭنى تېپىپ يۈزۈڭنىمۇ، خۇيۇڭنىمۇ سەتلەشتۈرمە.

ئېيىغىڭ بولغان تەقدىردىمۇ تاشلىقتا ماڭما. ئىككى مۈڭگۈزلۈك بولغان بولساڭ تۆت مۈڭگۈزلۈك بولما.

سەن «مەن پالانچىدىن ئەسكىمۇ. نېمىشقا تەلىيىم بۇنداق كاژ» دەپ ھەسەت قىلىۋاتىسەن. ئەمما ئاساسەن ھەسەتمۇ باشقا بىر كەمچىلىك، باشقا بىر ئەيىپ. ھەتتا بارلىق ئەسكىلىكلەردىن بەتەرى.

يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ھەسەت سەۋەبىدىن يۈسۈپنى قۇدۇققا تاشلىدى. ھەسەت سەۋەبىدىن يۈسۈپنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەر كەلدى؟ بۇ ھەسەت دېگەن نەرسە تۇزاق قۇرۇپ ياتقان بۆرىگە ئوخشايدۇ.

ھۇشۇڭنى تاپ، پادىشاھلارغا ھەسەت قىلما. ھەسەتتىن

قۇتۇل. بولمىسا بۇ ئالەمدە شەيتانغا ئوخشاپ قالىسەن. ۋەلى زەھەر يېسە بالدەك بولىدۇ، سەن بال يېسەڭ زەھەردەك بولىسەن.

## 6.خۇش مۇئامىلىدە دېڭىزدەك بول

جالالىددىن رۇمىنىڭ تەپەككۇرى يېقىملىقنى، ئىللىقلىقنى، مېھرى-مۇھەببەتنى ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە، شېئىرلىرىدا قوللانغان تىلىنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى يۇمشاق، يېقىملىق ئەدەبىي تىل. باشقىلارغا قىلغان كىشىلىك مۇئامىلىسىمۇ شۇنچىلىك مۇلايىم. شۇڭا مۇلايىملىق، يېقىملىق بولۇش ئەدەپلىك بولۇشنىڭ بىر شەرتى. پەزىلەتلىكنىڭ ئالامىتى. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلار خۇش مۇئامىلىگە ھەممىدىن بەكرەك ئېھتىياجى بار. چۈنكى دۇنيادا بىر تەرەپتىن مەدەنىيەت جەھەتتىن يەرشارىلىشىش بولىۋاتقاندا يەنە بىر تەرەپتىن ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك، دىنىي ئايرىمچىلىق، رادىكالىزم، زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇق ھەرىكەتلىرى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. شۇ سەۋەپتىن ھەقىقىي پەزىلەتلىك بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن خۇش مۇئامىلىگە ئىگە بولغان مىجەز-خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈش بەكمۇ مۇھىم. بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى يېتىلدۈرۈشتە ئائىلە مائارىپىدىن باشلاپلا بۇ پەزىلەتنى بالىلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭدۈرۈشىمىز لازىم.

جالالىددىن رۇمىنىڭ خۇش مۇئامىلىسىدە ئىنسانلارغا بولغان ھۆرمەت بار. ئۇ ھېچبىر ئادەمنى باشقا بىرسىدىن ئۈستۈن ۋە تۆۋەن كۆرمىدى. پۈتۈن ئىنسانلارغا تەڭ-باراۋەر مۇئامىلىدە بولغان. ئۇ بۇ توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

كىم ياخشى كۆرۈشنى بىلسە، ئۆزىمۇ ياخشى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

تىلىڭنى تەربىيەلەشتىن ئاۋال يۈرىكىڭنى تەربىيەلە. چۈنكى سۆز يۈرەكتىن كېلىپ تىلدىن چىقىدۇ.

قۇياشنىڭ تۇتۇلىشى، ھەقنىڭ يورۇقلۇقى ئالدىدا ھازازىللارنىڭ ھەقسىزلىقى، ئەخلاقسىزلىقى سەۋەبىدىندۇر.

ياخشى ئىنسانلار مەرھەمەت سۆيىنىڭ بۇلىقى. ئابىھايات ئىھسان ئىگىلىرىنىڭ روھىدۇر.

بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسان خۇش مۇئامىلە، مىجەزى توغرا بولسا،
ئىككى دۇنيادا كۈنى يورۇيدۇ.
**(1294 ـ بېيت)**

مىجەز ـ خۇلقۇڭنى خۇش تۇت، مال ئۈچۈن قايغۇرما،
مىجەز ـ خۇلقۇڭ ياخشى بولسا مال ـ دۇنيا ئۆزى كېلىدۇ، دەپ بىل.
**(1305 ـ بېيت)**

كىشىگە مال ـ دۇنيا كېرەك ئەمەس، ياخشى خۇي ـ پېئىل كېرەك،
شۇنداق كىشى زۆرۈر بولغاندا، ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ.
**(1307 ـ بېيت)**

قېرىنداش ۋە تۇققانلارغا يېقىنلىق قىل،
چوڭغىمۇ، كىچىككىمۇ خۇش چىراي ئېچىپ، سۆيۈملۈك بول.
**(1327 ـ بېيت)**

# 7.يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن ياكى كۆرۈنگىنىڭدەك بول

جالالىدىن رۇمىنىڭ «يا بولغىنىڭدەك كۆرۈن ياكى كۆرۈنگىنىڭدەك بول» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ھەر كىم باشتىلا بۇ ئىبارىنىڭ توغرىلىققا، ئىخلاسلىققا، ئىچى بىلەن تېشىنىڭ بىر بولۇشىغا، ھەر ۋاقىت راستچىل بولۇشقا قارىتىلغانلىقىنى بىلەلەيدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيانى قىزىلكۆزلەر قاپلاپ كەتتى. ماددىي مەنپەئەتنى دەپ ھەر يەردە ھەر ۋاقىت قىزىلكۆزلۈك قىلىدۇ. يالغان سۆزلەپ ئادەم ئالدايدۇ. ھەتتا قىلىۋاتقان ئىبادىتىگىمۇ قىزىلكۆزلۈك قىلىدۇ. شۇنداق رىياكار (ئىككى يۈزلىمچى) ئىنسانلارنىڭ دەستىدىن كۆنىمىز كۆن بولمايۋاتىدۇ. رىياكارلىق نىيەتنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دىنىمىزدا نىيەت ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

جالالىدىن رۇمى بۇ توغرىسىدا «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرىدە بىر ھېكايىنى سۆزلەيدۇ ۋە مۇنداق ئالتۇن قۇرلارنى سەدەپنىڭ ئىچىگە ئۈنچە قىلىپ تىزىدۇ:

ھايات شارائىتلىرى يامان بىر زامانلاردا بىر يوقسۇل، ئاچ قالغان ئادەم قۇرۇق ئارزۇ، خام-خىياللارنى قىلىپ ئاخىرى مۇنداق يالغانچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى بىر پارچە قۇيرۇق مېيى بىلەن ساقال بۇرۇتلىرىنى، قاش-كىرپىكلىرىنى مايلاپ، پارقىرىتىپ بىر ئۆلىمالار مەجلىسىگە كىرىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ تازا ئوخشىغان مايلىق تائاملار بىلەن غىزالانغانلىقىنى ئېيتىپ ماختىنىپتۇ. پارقىراپ تۇرغان بۇرۇتلىرىنى قوللىرى بىلەن تولغاپ مەغرۇرلىنىپتۇ. مەجلىس ئەھلى يالغانچىنىڭ بۇ كىبىرلىك ھالىنى كۆرۈپ، راستىلا چۈشلۈك تاماقتا ئوخشىغان ياغلىق تائاملارنى يېگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئەمما ئۇ يوقسۇلنىڭ

ئاچ قورساقنى ھەقنىڭ سۆزى بولغان «تەڭرى يالغانچىلارنىڭ ھىلىسىنى قۇرۇتسۇن» دېگەن سۆزنى تەكرارلاپتۇ ۋە بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەرنى مەجلىس ئەھلىگە ئىندا قىپتۇ:

يالغان سۆز خەلق ئىچىگە تاشلانغان ئوتقا ئوخشايدۇ.

يالغانچىنىڭ بۇرۇتلىرى بىر ـ بىرلەپ تۆكۈلسۇن.

ئەي يوقسۇل! ئەگەر سەن يالغان سۆزلىمىگەن بولساڭ، بەلكى ئۆلۈمغ بىرسى ساڭا يەيدىغان بىر نەرسىلەر ئېھسان ئېتەتتى.

ياخشى بولغانلارغا ياخشىلىق يار بولۇر.

ئەگرى يولدا ماڭماي، دەردىڭنى توپتوغرا ئىزھار ئەيلە.

ئەيىبىڭنى سۆزلىگىنىڭ بولمىسا سۈكۈت قىل. قىزىلكۆزلۈك قىلىپ ھاياجانلانما.

ئىمتىھان ئىچىدە ئىمتىھان بار. دىققەت قىل، كىچىك بىر ئىمتىھانغا ئالدانما.

ھەقىقەت ئالدىدا راستچىل بول ياكى سۈكۈتتە قال.

خام ـ خىيال قىلغاننىڭ قارنى بۇرۇتىغا دۈشمەن. يوشۇرۇن ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلىدۇ.

ھەق «دۇئا قىلغان مەيلى ئازغۇن، مەيلى بۇتپەرەس بولسۇن، دۇئا قىلغاندا ئۇنى قوبۇل قىلىمەن» دەپ بۇيرۇغان.

ھەر ۋاقىت دۇئادىن ئايرىلما. ھەق ھامان بىر كۈنى ساڭا ئېھسان ئەيلەيدۇ.

قوسىقىڭنى ھەققە تاپشۇرۇپ، قۇيرۇق مېيىنى مۈشۈككە تاشلاپ بەر.

بۇ ھېكمەتكە تولغان پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئاچ قوساق يالغانچى ئادەم كۆپچىلىك ئالدىدا ئىزاغا قاپتۇ. كۆپچىلىكمۇ بۇ نىدانى ئاڭلاپ ئىبرەت ئاپتۇ ۋە ئاچ قوساق يالغانچىنى ئەيىپ قىپتۇ ھەمدە ئۇ ئادەمگە شەپقەت يامغۇرلىرىنى ياغدۇرۇپ، ئۇنىڭ قوسىقىنى تويغۇزۇپ، كۆپ ياردەم قىپتۇ.

بۇ مېھرى ـ شەپقەت، ياخشىلىقنىڭ ھوزۇرىدىن تەسىرلەنگەن يالغانچى ئادەم تەكۇببۇرلۇق، يالغانچىلىقنى تاشلاپ توغرىغا يولداش بوپتۇ.

بۇ توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

دىلىڭ بىلەن تىلىڭنى توغرا قىل، پەزىلىتىڭ ئۇلۇغ بولسۇن،
ئۆزۈڭنى ئۇنتۇما، يولۇڭدىن ئاداشما.
**(5 ـ بېيت)**

ھارامغا ئارىلاشما، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت،
ھارامنى يېگۈچىنىڭ ئورنى جەھەننەمنىڭ تېگىدۇر.
**(5261 ـ بېيت)**

تىلىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما،
ئەر يالغان سۆزى بىلەن ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىدۇ.
**(1326 ـ بېيت)**

سادىق كىشى كىشىلەرنىڭ راستچىلىدۇر،
سادىق كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلا، ئۇ سېنى يۈكسەلدۈردۇ.
**(1359 ـ بېيت)**

يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولىدۇ،
ۋاپاسىز كىشى خەلققە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

ۋاپادار كىشى نېمە دەيدۇ ئاڭلا:
ۋاپا كىشى ئۈچۈن ئادىمىيلىكنىڭ بېشىدۇر.

سۆزى يالغانىنىڭ قىلمىشى جاپادۇر،
كىم بىراۋغا جاپا قىلسا ئۇ ھايۋاندۇر.

يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە،
بۇ كۆپ يىللار مابەينىدە سىنالغان سۆزدۇر.
(2039 ـ 2042 بېيىت)

ئەسلىدە ئىنساننىڭ تەبىئىيتى ياخشىلىق، توغرىلىق، ئىخلاسمەنلىك بىلەن تولغان. پەقەت ماددىي دۇنيادىكى ھەرخىل مەنپەئەتلەر ئىنسانلارنى ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىشقا، يالاقچىلىق قىلىشقا يۈزلەندۈرگەن. كىمكى مال دۇنياغا ھېرىسمەن بولىدىكەن ئۇنىڭدا چوقۇم ئىككى يۈزلىمچىلىك، باشقىلارغا قىزىل كۆزلۈك قىلىدىغان ناچار ئىللەت مەرەزلىرى روھىي دۇنياسىغا چاپلاشقان بولىدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ روھى كىرلەشكەن بولۇپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە مال ـ دۇنيا ئۈچۈن قىزىل كۆزلۈكنى تاشلىمايدۇ. كىمكى مال ـ دۇنيادىن مەنئۇيەتنى ئۈستۈن كۆرىدىكەن ئۇنىڭ قەلبى توغرىلىق بىلەن، ئىخلاس بىلەن، ساداقەتمەنلىك بىلەن تولغان بولىدۇ. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ يۈزىدە ساختا ماسكا بولمايدۇ. ھەر ۋاقىت يۈزى نۇر بىلەن تولغان بولىدۇ.

جالالىدىن رۇمى يەنە مۇنداق دەيدۇ:

خاتاسىز سۆز ئۇ پاك ھەق ئالەمدە. پەقەت ھەقتىن ئەبەدى ھاياتقا ئىگە بولىسەن.

سەندە پەردىسىز نۇرلارنى قوبۇل قىلىدىغان قابىلىيەت بولمىسا، ماڭ بېرىپ نۇرلار يوشۇرۇنغان ھېكمەتلەرنى ئاڭلا.

مېۋە خام بولسا شاخقا چىڭ يېپىشىپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. مەي بولۇپ پىشقاندا، شاختا تۇرالماي يەرگە چۈشىدۇ.

جاھــان مۈلكىگــە چــك يېيىشــۋېلىش خاملىقىنىــڭ ئالامىتىدۇر. ئۇلۇغلارغــا جاھــان مۈلكــى ســوغ كېلىــدۇ.

ئــەي دوســت! ســەن يالغــۇز ئەمــەس. بەلكــى بىــر كــۆك ياكــى چوڭقــۇر دېڭىــز ســەن.

سەن سۆزلىمە روھىڭ سۆزلىسۇن.

ســۇ ئۆزۈشــنى بىلســەڭمۇ يەنــە نوھىنىــڭ كېمىســىگە چىــق. نوھىنىــڭ ئوغلــى كەنائاندىــن ئىبــرەت ئــال!

قــۇرت يېگــەن چىشــنى يۇلــۇپ ئــات! چۈنكــى ئــۇ چىــش ســاڭا راھــەت، ھــوزۇر بەرمــەس.

جالالىدىــن رۇمىنىــڭ تەپەككــۇرى تامامــەن دىنىمىز ئىســلامنىڭ چۈشــەنچىلىرىگە ئۇيغــۇن بولــۇپ، ئۇنىــڭ بارلىــق ئەســەرلىرى قۇرئاننىــڭ ھۆكمىنــى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىــڭ ســۈننىتىنى ئاســاس قىلغــان. شــۇڭا ئــۇ مۇنــداق دېگــەن:

مــەن قۇرئاننىــڭ قۇلــى، مۇھەممەدنىــڭ يولىنىــڭ توپىســى مــەن. كىــم مــەن توغرىســىدا بۇنىڭدىــن باشــقا ســۆز ســۆزلىگەن بولســا، ئۇنىڭدىــن ۋە ئــۇ ســۆزلەرنى دەپ يۈرگەنلەردىــن بىزارمەن.

شــۇڭا مەنىكــى ھەبىبۇلــلا قۇرئاننىــڭ ۋە ئىســلام پەيغەمبىرىنىڭ ئاشــىقى بولغــان ھەزرىتــى مەۋلانــا جالالىدىــن رۇمىغــا بولغــان ھۆرمىتىــم ناھايىتىمــۇ يۇكســەك. ئۇنىــڭ بارلىــق ئەســەرلىرىنى قىتىرقىنىــپ ئوقۇغــان ۋە تەتقىق ـ تەتبىــق قىلغۇچىلاردىــن مــەن.

# پايدىلىنىلغان مەنبەلەر

ئۇشبۇ كىتابنى يېزىش ئۈچۈن پايدىلانغان ماتېرىياللار:
«قۇرئان كەرىم» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى
«قۇتادغۇبىلىك»، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
«مەسنەۋى شەرىپ»، جالالىدىن رۇمى
«دىۋانى كەبىر»، جالالىدىن رۇمى
«فىھى مافىھ»، جالالىدىن رۇمى
«يەتتە مەجلىس»، جالالىدىن رۇمى
«رۇبائىيلار»، جالالىدىن رۇمى
«مەۋلانا ۋە شەمسىددىن يۈرىكىڭىزنى ئىسسىتىدىغان ھېكايىلەر»، ئەندەر ھالۇك دەرىنچە
«دىن ۋە پەلسەپە ئارىسىدا ئىسلام تەسەۋۋۇپى»، دوكتور ئىبراھىم ھىلال
«ھېكمەتنىڭ يېڭىدىن ئىنشاسى يولىدا»، ئەسات ئارسلان
«موڭغۇللار ۋە مەۋلانا»، كەمال رامازان ھايقىران
«ئەسرانامە». فەرىدۇددىن ئاتتار
«مەۋلانادان ئاشىق تەراپىسى»، ئوزان يۈرۈكەل
«سەلجۇقلار تارىخى»، ھۈسەيىن تەكىن ئوغلى
«ھەزرىتى مەۋلانانىڭ يەدى سىرى»، كازىم ئۆزتۈرك
«ماقالات» شەمسى تەبرىزى
«راھمان»، مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى
«رەھىم»، مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبى
«ئۇمۇمى ئىستىتىكا»، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن
«دىۋانى ھېكمەت»، ئەخمەد يەسەۋى
«قەلبلەرنىڭ كەشپى»، ئىمام غازالى

2018.5.5
گېرمانىيە